# بۇسـاندا


«نۇتۇق» ۋە ئۇنىڭدا ئەرھىلەنگەن
ئەدىبىيات - سەنئەت بونۇلۇشى تـوغرىسىدا (ماقالا) .................... م. موللايۇپ 3
«نۇتۇق» بىلەن تاپقىنى كـامال (شىىر) ............................ م. باسىت 9
تىسرات ئۇنچىلىرى (شىىرلار) ............................ م. مەھەممەت 10
سوزلىرىك ئىلهام مانا (شىىر) ............................ سـۇزۇك 11
قىزىلگۇل ۋە بـۇلبۇل (داستان) ............................ م. سادىق 12
قىزىلـگۇل (ھكـايە) ............................ ئو. ئـاقمىتوپ 31
ئائىلە بۇرچى (ھكايە) ............................ م. ھىزدىم 41
ئـوغلۇمغا (شىىر) ............................ ت. ئەخمىدى 46
ئەيلىدى (شىىر) ............................ پ. ئىلـياس 47
بىر تامچە بولۇپ (شىىر) ............................ س. قادىـر 47
ئوقۇتقۇچىمغـا (شىىر) ............................ گ. سـدىق 48
دوستۇمغـا (شىىر) ............................ ئا. ياقـۇپ 48
باھار كۈنى (شىىر) ............................ پ. جالالـدىن 49
تېپىشماقلار ............................ س. تـومۇر 49
شان - شەرەپ (ھكايە) ............................ ئا. ھـاشىم 50
مۇشتىرىلاردىن خەت ............................ ب. نايۇپ، ئە. مۇساجان 56
ئىككى شىىر ............................ ئا. توختى 58
ئىككى شىىر ............................ ق. سوپى 59
پېشقەدەم خەلق سەنئەتچىسى ئەزىم موللابىنىنى باقى بىلەن سوھبەت ............ 60
«خەلىپەم مەھەلـلىسى» ۋە خەلپەملەر توغرىسىدا (ماقالا) ............ ت. ھادى 66
ئايخان ئانا (ماقالە) ............................ ئا. سـەمـەت 69
نوزۇگۇم (تارىـخىي داستان) ............................ ئا. ھـوشۇر 72
شەرىخانىنىڭ سـەرگـۈزەشتىلىرى (ھكايە) ............................ م. شىپە 97
يۇكسىلىش (شىىر) ............................ ي. ئوسمان 106
مېھمانخـانىدا (ھكايە) ............................ ق. ئـارسـلان 107
گـۈلۈمـگە (شىىر) ............................ د. تـۇرسۇن 112

# «نۇتۇق» نىڭ 40 يىللىقىنى خاتىرىلەيمىز

## «نۇتۇق» ۋە ئۇنىڭدا شەرھلەنگەن ئەدەبىيات-سەنئەت يۆنىلىشى توغرىسىدا

ھ. موللايۇپ

1

ماركسىستىك ئەدەبىيات-سەنئەت نەزەرىيىسى — پرولېتارىياتنىڭ ئۇلۇغ ئىنقىلاۋىي تەلىماتى بولغان ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ مۇھىم تەركىۋىي قىسمى بولۇپ، ماركس-ئېنگېلسلار تەرىپىدىن ئىجات قىلىنغان ۋە لېنىن-ستالىنلار تەرىپىدىن راۋاجلاندۇرۇلغان ئىدى؛ كېيىن ئۇنى ماۋجۇشى ئۆگىنىش، قوغداش ۋە جۇڭگونىڭ ئىنقىلاۋىي ئەدەبىيات-سەنئەت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ ئىشلىتىش ئارقىلىق راۋاجلاندۇرۇپ يەنە بىر يېڭى بالداققا كۆتىرىپ، ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىدىيىسىنى شەكىللەندۈردى. ئەنە شۇ ئىدىيىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى — دەل مۇشۇ «يەنئەن ئەدەبىيات-سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق» بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

«نۇتۇق» نىڭ قانداق ئەسەر ئىكەنلىكى توغرىسىدا يولداش جۇ ياڭ 1979-يىل 11-ئاينىڭ 1-كۈنى مەملىكەتلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر قۇرۇلتىيىغا بەرگەن «ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئېچىپ، سوتسىيالىستىك يېڭى دەۋرنىڭ ئەدەبىيات-سەنئىتىنى گۈللەندۈرەيلى» سەرلەۋھەلىك دوكلاتىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن ئىدى: «يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ 1942-يىلدىكى «يەنئەن ئەدەبىيات-سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق» ناملىق ئەسىرى ئېلىمىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت تارىخىدا دەۋر بۆلگۈچ خاراكتېرغا ئىگە بىر ھۆججەت» («ۋېن-يى باۋ» ژورنىلىنىڭ 1979-يىل 11-، 12-ئايلىق قوشما سانى، 10-بەت)؛ جۇڭگو گۇڭچەنداڭنىڭ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6-ئومۇمىي يىغىنى ماقۇللىغان قارارىدا ماۋجۇشىنىڭ مەزكۇر ئەسىرىنىڭ ھازىرمۇ ناھايىتى مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكى ئالاھىدە تەكىتلەپ كۆرسىتىلدى. مەملىكەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى 1981-يىلى 12-ئاينىڭ 18-كۈنى لىنشىلار يىغىنىنى ئېچىپ، مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ««نۇتۇق» نىڭ تۈپ ئاساسلىق روھىنى، ئۇنىڭ توغرا خىتتىنى قەتئىي قوغدىشىمىز ۋە راۋاجلاندۇرۇشىمىز كېرەك. يازغۇچىلارنى ۋە ئوبزورچىلارنى يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىدىيىسىنى قايتىدىن ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇشىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە، نۆۋەتتىكى ئەدەبىيات ھەركىتىدە ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدە ئۇچرىغان د...

ۋال ۋە يېڭى مەسىلىلەرنى ئەشۇ

قىلىق تەكشۈرۈشىمىز، ئىزلىنىشىمىز ۋەھ...

لازىم»(«ۋېن-يى باۋ» ژورنىلىنىڭ 1982- يىل 2-
سانى، 15- بەت).

«نۇتۇق» نىڭ قانداق بىر شارائىت ئاس-
تىدا مەيدانغا كەلگەنلىكى توغرىسىدا بىز تا-
رىخنىڭ شۇچاغدىكى سەھىپىلىرىگە قارايدىغان
بولساق، «نۇتۇق» ئېلان قىلىنغان 1942-يىلىنىڭ
ئالدىنقى يېرىمى: ئېلىمىزنىڭ ياپون باسقۇن-
چىلىرىغا قارشى ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇرۇشى
ئىنتايىن قىيىنچىلىقتا تۇرىۋاتقان؛ فاشىزىم
كۈچلىرى ۋاقىتىنچە ئۈستۈنلۈكتە بولۇپ، گىتلېر
گېرمانىيىسى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھەدەپ ھۇ-
جۇم قىلىۋاتقان؛ ياپون تاجاۋۇزچىلىرى بىر
تەرەپتىن، ئۇلۇغ ئوكيان ئۇرۇشىنى قوزغاپ ،
يەنە بىر تەرەپتىن، جۇڭگودا «3 تۈگىتىش»
ۋەھشىيانە سىياستىنى يۈرگۈزۈۋاتقان ؛ جياڭ
جيېشىمۇ ياپونغا تەسلىم بولۇشقا تەييارلىنىپ
پۈتۈن ئەسكىرىي كۈچىنى جۇڭگو گۇڭچەنداڭى
رەھبەرلىكىدىكى تايانچ بازىلارنى قامال قىلىش-
قا قاراتقان؛ ھەر خىل تەبىئى ئاپەتلەر تايانچ
بازىلارغا ئېغىر تەھدىت سېلىۋاتقان بىر مەز-
گىل ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىنقىلاۋىي قوشۇن-
نىڭ ئىچكى قىسمىدىمۇ، پرولېتارىيات ئىدىيە-
سى بىلەن غەيرى پرولېتارىيات ئىدىيەسى
ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەر پارتىيىنىڭ ئىدىيە-
ۋى، سىياسى ۋە تەشكىلىي جەھەتلەردىكى
بىر تۇتاشلىقىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزۈۋاتاتتى.
مۇشۇنداق ئەھۋاللارنى يېڭىپ، ئىنقىلاۋىي باز-
لارنى مۇستەھكەملەپ، ياپونغا قارشى ئۇرۇش-
نىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن،
جۇڭگو گۇڭچەنداڭىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى ئىنق-
قىلاۋىي تايانچ بازىلاردا ئومۇمىيۈزلۈك ئىستىل
تۈزىتىش ۋە ئىشلەپچىقىرىش ھەركەتلىرى قا-
ناتيايدۇرۇلدى. «نۇتۇق» شەكىللەنگەن يەن-
ئەن ئەدەبىيات-سەنئەت سوھبەت يىغىنى دەل
ئەدەبىيات- سەنئەتچىلەرنىڭ ئەنە شۇنداق بىر
خىل ئىستىل تۈزىتىش يىغىنى بولۇپ، پۈتۈن
ئازات رايونلاردىكى ئومۇمى ئىستىل تۈزىتىش
ھەركىتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىۋىي قىسمى ئى-
دى.

سوھبەت يىغىنىغا ماۋجۇشى، جۇزۇڭسىلىڭ-
لار كېلىپ قاتناشتى؛ ماۋجۇشى ئۆزى رىياسەت-
چىلىك قىلدى؛ بىر ئاي ئىچىدە جەمى 3 قې-
تىم زور يىغىن ئېچىلىپ، ماۋجۇشىمۇ، جۇدې
زۇڭسىلىڭمۇ مۇھىم نۇتۇق سوزلىدى. بۇنىڭ ئى-
چىدە: ماۋجۇشى 5- ئاينىڭ 2- كۈنىدىكى 1-
قېتىملىق زور يىغىندا ئىخچام ۋە ئىلھامبەخش-
لەك كىرىش سوزى سوزلىدى؛ 5- ئاينىڭ
23- كۈنىدىكى 3- قېتىملىق زور يىغىندا، كوپ-
چىلىكنىڭ ئېلىپ بارغان مۇزاكىرىسىگە ئاسا-
سەن، يەنە خۇلاسە سوز سوزلىدى. «يەنئەن
ئەدەبىيات-سەنئەت سوھبەت يىغىنىدا سوزلەن-
گەن نۇتۇق» ناملىق بۇ شانلىق ئەسەر مانا
مۇشۇنداق دۇنياغا كەلدى.

«نۇتۇق» سوزلىنىپ بىر يېرىم يىلدىن
كېيىن، 1943- يىلى 10- ئاينىڭ 19- كۈنى
يەنئەندىكى «جيېفاڭ رىباۋ» گېزىتىدە رەسمىي
ئېلان قىلىندى؛ ئاز كۈن ئوتمەيلا، گومىنداڭ
ھوكۈمىتىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى پايتەختى بولغان
چۇڭچىڭ شەھىرىدە چىقىدىغان «شىنخۇا رى-
باۋ» گېزىتىنىڭ 1944- يىل 1- ئاينىڭ 1-
كۈنىدىكى سانىدا (بۇ-جۇڭگو گۇڭچەنداڭىنىڭ
رەھبەرلىكىدە چىقىۋاتقان گېزىت ئىدى) قىس-
قارتىلمىسى ئېلان قىلىنىپ، گومىنداڭ ھوكۈمە-
رانلىق قىلىۋاتقان رايونلارنىڭ ئەدەبىيات-
سەنئەت ھەركىتىگىمۇ توغرا يونۇلۇش كور-
سىتىپ بېرىپ، ئۇيەرلەردىكى كەڭ خەلق ئام-
مىسىنىڭمۇ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ۋە ھىمايى-
سىگە ئېرىشتى. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ ئەسەر

پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت ئەدەبىيات-سەنئەتچىلىرىنىڭ قۇدرەتلىك مەنىۋى قورالىغا ئايلاندى!

2

«نۇتۇق»نىڭ ئېلان قىلىنىشى — ئېلىمىزنىڭ پرولېتارىياتلىق ئەدەبىيات-سەنئەت ھەركىتىنىڭ، مەيلى نەزەرىيە جەھەتتىن، مەيلى ئەمەلىيەت جەھەتتىن بولسۇن، پەيدىن-پەي پىشىپ يېتىلگەنلىكىنىڭ بىر مۇھىم ئالامىتى بولدى؛ ئۇنىڭدا ئېلىمىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ھەركىتىدىكى بىرمۇنچە ئاساسلىق مەسىلىلەر نەزەرىيە جەھەتتىن ئەتراپلىق، چوڭقۇر ۋە توغرا ھەل قىلىنىپ، بۇنىڭ بىلەن ماركسىستىك ئەدەبىيات-سەنئەت نەزەرىيىسى زور دەرىجىدە بېيىتىلدى ۋە راۋاجلاندۇرۇلدى. «نۇتۇق»تا ھەل قىلىنغان ئەشۇ بىر نەچچە توپ ئاساسلىق مەسىلىلەرنىڭ بىرى — ئەدەبىياتنى كىملەر ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش مەسىلىسى بولدى.

بىزگە مەلۇمكى، 1919-يىلدىكى «4-ماي» ھەركىتىدىن باشلاپ، نۇرغۇن كىشىلەر ئەدەبىيات-سەنئەتنى زادى كىملەر ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش مەسىلىسى ئۈستىدە كۆپ ئىزلەنگەن ۋە ھەر خىل جاۋاپلارنى بەرگەن ئىدى. مەسىلەن: «ئادەمىي ئەدەبىيات»، «ئاۋام خەلق ئەدەبىياتى»... دېگەنگە ئوخشاشلار «4-ماي» دەۋرىدە ئوتتۇرىغا چىققان شوئارلار ئىدى. «ئاۋام خەلق» دېگىنى مىشچانلارنى، يەنى شەھەردىكى ئۇششاق بۇرژۇئا ۋە زىيالىلارنى كۆرسەتتى. ئەندى 20-يىللارغا كەلگەندە، ئەدەبىيات-سەنئەتنى ئاممىۋىلاشتۇرۇش توغرىسىدا بىرمۇنچە مۇھاكىمىلەر بولۇندى، بىراق بۇ مۇھاكىمىلەرمۇ، ئانچە توغرا ۋە مۇكەممەل بولمىغان نەزەرىيە ئىزلىنىشى بىلەنلا چەكلەندى. ياپونغا قارشى ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن، «ئەدەبىيات-سەنئەت ياپونغا قارشى ئۇرۇش قىلغۇچى ھەربى ۋە خەلقلەرنى ئۇيۇشتۇرۇش قىلىش» دېگەن شوئارلار ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، بىرمۇنچە ئەدىپ ۋە سەنئەتكارلار ئۆز ئەسەرلىرىدە ياپونغا قارشى كۆرەش قىلىۋاتقان ھەربى ۋە خەلقلەرنى خېلى دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرەلىگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇمۇ پۈتكۈل ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدە بىرەر ھەركەت بولۇپ شەكىللىنەلمىدى. ھەتتاكى شۇ چاغدىكى ئىنقىلاۋىي تايانچ بازىلاردىمۇ، گەرچە بىر مۇنچە ئەدىپ-سەنئەتكارلارنىڭ لېنىننىڭ ئەدەبىيات-سەنئەتنى «مەملىكەتنىڭ گۈلى، كۈچ-قۇۋۋىتى ۋە ئىستىقبالى بولغان مىليونلىغان ئەمگەكچىلەرگە خىزمەت قىلدۇرۇش» (لېنىننىڭ 1905-يىلى 11-ئايدا يازغان «پارتىيە تەشكىلاتى ۋە پارتىيە ئەدەبىياتى» دېگەن ئەسىرىگە قاراڭ) دېگەن تەلىماتلىرىدىن بىر ئاز خەۋەرى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئېلىمىزنىڭ شۇ چاغدىكى شارائىتىدا ئەدەبىيات-سەنئەتنى زادى كىملەر ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش مەسىلىسى تېخى يەنىلا ئايدىڭ ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھەر خىل تارىخىي سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن، ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت ئەمگەكچىلىرىنىڭ كۆپۈنچىسى ساۋاتسىز ئىدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە، ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەرنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى ئېكسپلاتاتور ياكى ئۇششاق بۇرژۇئا ئائىلىلىرىدىن كېلىپ چىققان ئىدى؛ ئۇلارنىڭ دۇنيا قارشى ئوبدان ئۆزگەرمىگەچكە، ئۇلاردىكى ئېكسپلاتاتور ۋە ئۇششاق بۇرژۇئا ئىدىيىلىرى ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىدە ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا ئەكس ئېتىپ، شۇ چاغدىكى ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپىلەر بىلەن زادىلا چىقىشالمايتتى. شۇ-

نىڭ ئۈچۈنمۇ، ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ زادى
كىملەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇرۇش مەسىلىسى-
نى تۈپ-ئاساسىدىن ھەل قىلىش مەسىلىسى شۇ
چاغدا ئىنتايىن زورۇر، ھەل قىلىنمىسىنا زادى،
بولمايدىغان بىر مەسىلە بولۇپ قالغان ئىدى.
جۇڭگونىڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىيات-سەنئەت
ھەركىتىدىكى مۇشۇنداق ئىنتايىن مۇھىم مەر-
كىزدىي مەسىلىنى پەقەت ماۋجۇشىلا مۇشۇدەۋر
بولىگۈچ ئەسىرى — «نۇتۇق» ئارقىلىق
تارىختا بىرىنچى بولۇپ ئەتراپلىق، مۇكەممەل
ۋە چوڭقۇر ھەل قىلدى.

«ئەڭ كەڭ خەلق،- دەيدۇ ماۋ جۇشى
«نۇتۇق»تا،- پۈتۈن ئاھالىنىڭ 90 پىرسەنت-
تىن ئارتۇقراغىنى تەشكىل قىلىدىغان خەلق —
ئىشچىلار، دېھقانلار، ئەسكەرلەر ۋە شەھەر
ئۇششاق بۇرژۇئازىيىسىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن،
بىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئىتىمىز، بىرىنچىدىن،
ئىشچىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك، ئۇ-
لار — ئىنقىلاپقا رەھبەرلىك قىلغۇچى سىنىپ.
ئىككىنچىدىن، دېھقانلار ئۈچۈن خىزمەت قىلى-
شى كېرەك، ئۇلار — ئىنقىلاپنىڭ ئەڭ كەڭ،
ئەڭ قەتئىي ئىتتىپاقداش قوشۇنى. ئۈچىنچىدىن،
قوراللانغان ئىشچىلار ۋە دېھقانلار ئۈچۈن، 8-
ئارمىيە، يېڭى 4- ئارمىيە ۋە باشقا خەلق قو-
راللىق قوشۇنلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى
كېرەك، ئۇلار — ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشنىڭ ئاسا-
سىي كۈچى. تۆتىنچىدىن، شەھەردىكى ئۇششاق
بۇرژۇئا ئەمگەكچىلەر بىلەن زىيالىلار ئۈ-
چۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك، ئۇلارمۇ ئىنقى-
لاپنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى، ئۇلار ئۇزاق مۇددەت-
كىچە بىز بىلەن ھەمكارلىشالايدۇ. بۇ تۆت
خىل كىشىلەر — جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەڭ
زور قىسمى، ئەڭ كەڭ خەلق ئاممىسىدۇر»
(«ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» ئۇيغۇرچە كو-
نا يېزىق نەشرى، 3- توم، 120- بەت). «بىز-
نىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتىمىز،- دەيدۇ ماۋ جۇ-
شى يەنە،- مەيلى يۇقۇرى سەۋىيىلىك بولسۇن
ياكى تۆۋەن سەۋىيىلىك بولسۇن، خەلق ئاممى-
سى ئۈچۈن، ئالدى بىلەن، ئىشچى-دېھقان-ئەس-
كەرلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئىشچى-دېھقان-
ئەسكەرلەر ئۈچۈن يارىتىلىدۇ، ئىشچى-دېھقان-
ئەسكەرلەرنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن بېرىلىدۇ»
(شۇ توم، 135- بەت). «ئىنقىلاۋىي ئەدەبىيات-
سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ تەلەپكارلىرى ئارىسى-
دا،- دەيدۇ ماۋجۇشى گومىنداڭ ھوكۈمرانلى-
قىدىكى رايونلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئەھۋالى-
نى ئۈستىدە توختىلىپ كېلىپ،- بىر قىسىم ئوقۇ-
غۇچىلار، خىزمەتچىلەر ۋە دۇكان خىزمەتچىلە-
رى ئاساسىي ئورۇننى تۇتاتتى. ياپون باسقۇن-
چىلىرىغا قارشى ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن
گومىنداڭ ھوكۈمرانلىقىدىكى رايونلاردا تەلەپ-
كارلار دائىرىسى بىر قەدەر كېڭەيگەن بولسىمۇ،
لېكىن يەنە شۇ كىشىلەر ئاساسىي ئورۇننى
تۇتۇۋاتىدۇ، چۈنكى ئۇيەرلەردىكى ھوكۈمەت
ئىشچى-دېھقان-ئەسكەرلەر بىلەن ئىنقىلاۋىي ئەدە-
بىيات-سەنئەتنى بىر-بىرىدىن ئايرىپ تاشلىغان.
بىزنىڭ گېنجۇيدىكى رايونىمىزدا ئەھۋال تامامەن
باشقىچە. گېنجۇيدىلەردە ئەدەبىيات - سەنئەت
ئەسەرلىرىنىڭ تەلەپكارلىرى —ئىشچىلار، دېھقان-
لار، ئەسكەرلەر ۋە ئىنقىلاۋىي كادىرلاردۇر.
گېنجۇيدىلەردىمۇ ئوقۇغۇچىلار بار، لېكىن، بۇ
ئوقۇغۇچىلار كونا تەخلىتتىكى ئوقۇغۇچىلارغا
ئوخشىمايدۇ، ئۇلار يا بۇرۇن كادىر بولغانلار،
يا بولمىسا كەلگۈسىدە كادىر بولىدىغانلار» (شۇ
توم، 110- بەت). شۇڭا، «كىملەر ئۈچۈن خىز-
مەت قىلىش مەسىلىسى — تۈپ مەسىلە، پىر-
ىنسىپلىق مەسىلە.» (شۇ توم، 124- بەت).

يۇقۇرىدىكى نەقىللەردىن بىز: ئەدەبىيات-
سەنئەتنى ئىشچى-دېھقان-ئەسكەرلەر ئۈچۈن
خىزمەت قىلدۇرۇشنىڭ زورۇرلۇكىنى ۋە نېمە

ئۈچۈن زورۇرلۇقىنى؛ ئېيتىلمىغاندا گەرچە «ئىشچى-دېھقان-ئەسكەرلەر» دېيىلمىسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە بۇ ئۇقۇمنى «ئىشچى-دېھقان-ئەسكەرلەر» دەپلا چۈشەنمەستىن، بەلكى يۇقۇرىدىكىدەك، كەڭ مەنىدە چۈشىنىشنىڭ زورۇرلۇقىنى، ئەشۇ كەڭ مەنا دائىرىسىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ خىزمەت قىلىش ئوبيېكتى ئىكەنلىكىنى ماۋ جۇشىنىڭ بىزگە بۇنىڭدىن 40 يىل بۇرۇنلا ئېنىق كۆرسىتىپ بەرگەنلىكىنى ئوچۇق كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز! بىراقتا، شۇنىسى ئېچىنارلىقكى، كېيىنكى كۈنلەرگە كەلگەندە، بولۇپمۇ لىن بياۋ ۋە «4 كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ زورلۇق-زومبۇلۇقى ھۆكۈم سۈرگەن ھېلىقى قالايمىقان يىللاردا، «ئىشچى-دېھقان-ئەسكەرلەر» دېگەن بۇ ئۇقۇم خالىغانچە بۇرمىلىنىپ، ئەدەبىيات-سەنئەت پەقەتلا تار مەنىدىكى «ئىشچى-دېھقان-ئەسكەرلەر»دىن باشقىسىغا خىزمەت قىلالمايدىغان، شۇلاردىن باشقىسىنى تەسۋىرلىيەلمەيدىغان، شۇلاردىن باشقىسىنى ئەكس ئەتتۈرەلمەيدىغان، شۇلاردىن باشقىسىنى ئاساسلىق پېرسوناژ قىلىپ، بولۇپمۇ ئەسەرنىڭ قەھرىمانى قىلىپ تەسۋىرلىيەلمەيدىغان قىلىپ قويۇلدى. قانداقلا تېمىدا ئەسەر يېزىلسا، پرولېتارىياتنىڭ قەھرىمانلىرىنى يېزىش؛ كەمچىلىك-خاتالىقسىز شەخسلەرنى يېزىش، دەپ تەلەپ قويۇلدى. نەتىجىدە، ماۋجۇشىنىڭ «ئىنقىلاۋىي ئەدەبىيات-سەنئەت ئەمەلىي تۇرمۇشقا ئاساسەن خىلمۇ-خىل ئوبرازلارنى يارىتىپ (بۇيەردە، «خىلمۇ-خىل» دېگەن سۆز ئالاھىدە مۇھىم!)، ئاممىنىڭ تارىخنى ئىلگىرى سۈرۈشىگە ياردەم بېرىش كېرەك» (شۇ توم، 130-بەت) دېگەن توغرا يوليورۇقى ئېغىر ھالدا ئاياق ئاستى قىلىندى.

ئەدەبىيات-سەنئىتىمىزنىڭ باشقا ئىنقىلاۋىي خىزمەتلەرگە تېخىمۇ ئوبدان يار-يۆلەكتە بولۇش، خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، تەربىيەلەش، «ئەمەلىي تۇرمۇشقا ئاساسەن خىلمۇ-خىل ئوبرازلارنى يارىتىپ، ئاممىنىڭ تارىخنى ئالغا سۈرۈشىگە ياردەم بېرىش» روللىرىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئەلۋەتتە، ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق سوتسىيالىزمنىڭ يۈنۈلۈشىنى گەۋدىلەندۈرەلەيدىغان، كوممۇنىستىك مەنىۋى ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغان پرولېتارىيات قەھرىمانلىرىنىڭ ئوچەس ئوبرازىنى يارىتىشنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىشىمىز كېرەك. بۇنىسى توغرا! لېكىن بۇيەردە شۇنى ئەستىن چىقارماسلىق كېرەككى، ماركسىستىك ئەدەبىيات-سەنئەت نەزەرىيەلىرىگە ئاساسلانغاندا، بىرەر پارچە ئەسەرنىڭ قەدرى-قىممىتى، ئەڭ ئاساسلىقى، شۇ ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋىلىكى بىلەن بەدىئىلىكىنىڭ يۇقۇرى-تۆۋەنلىكىگە ۋە بۇ ئىككى نۇقتىنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈش دەرىجىسىگە قاراپ ئۆلچىنىدۇ. چۈنكى، بۇ يەردىكى ئاچقۇچلۇق مەسىلە ئەسەردە قايسى خىلدىكى ئادەملەرنىڭ تەسۋىرلەنگەنلىكىدە ئەمەس، بەلكى ئەشۇ ئادەملەرنىڭ قانداق مەيدان، قانداق نۇقتىنەزەردە تۇرۇپ ۋە قانداق ئۇسۇل بىلەن تەسۋىرلەنگەنلىكىدە! ئەمەلىي تۇرمۇشتا ھەر خىل كىشىلەر مەۋجۇت! تۇرمۇشنىڭ بەدىئىي ئىنكاسى بولغان بىزنىڭ بۇ ئەدەبىيات-سەنئىتىمىزمۇ بىر تەرەپلىمىلىك ھالدىلا، پەقەت پرولېتارىياتنىڭ قەھرىمانلىرىنىلا ئۆزىنىڭ بىردىن-بىرلا تەسۋىرلەيدىغان ئوبيېكتى قىلىۋالماستىن، بەلكى، خۇددى ماۋجۇشى ئېيتقاندەك، ئەمەلىي تۇرمۇشقا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، خىلمۇ-خىل ئوبرازلارنى يارىتىشى، بۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ تارىخنى ئىلگىرى سۈرۈشىگە زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشى كېرەك، ئەلۋەتتە.

ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ئىشچى-دېھقان-ئەسكەرلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت

بۇ يونۇلۇشى تارىخىي تەرەققىياتنىڭ ئالغا-
قاۋاپ ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ، بولۇپمۇ «4 كىشى-
لىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇ-
زىنىڭ ئەسلىدىكى مەنا- مەزمۇنلىرىغا قايتا
ئىگە بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە تېخىمۇ بې-
يىدى. خۇددى ماۋجۇشى: «خەلق دىگەن بۇ ئۇ-
قۇم تۇرلۇك دولەتلەردە ۋە ھەربىر دولەتنىڭ
تۇرلۇك تارىخىي دەۋرلىرىدە ئوخشاش بولمىغان
مەزمۇنغا ئىگە» دىگىنىدەك («ماۋزېدۇڭ ئەسەر-
لىرىدىن تاللانما» (A) توم، ئۇيغۇرچە كونا
يېزىق نەشرى، 788 بەت)، 1942- يىللىرى، يۇ-
قۇرىدا كورسىتىلگەن ئىشچىلار، دىخانلار، ئەس-
كەرلەر، شەھەر ئۇششاق بۇرژۇئازىلىرى ۋە زى-
يالىلىرى «خەلق ئاممىسى» دەپ ئاتىلىپ، ئەدە-
بىيات- سەنئەتنىڭ خىزمەت قىلىش ئوبيېكتى بول-
غان بولسا، تارىخ تەرەققى قىلىپ بۇگۇنكى كۇن-
گە كەلگەندە، ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى سىنىپىي
ۋەزىيەتلىرىدە تۇپكى ئوزگىرىش پەيدا بولۇپ،
زىيالىلار راۋرۇس ھالدا، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ
بىر قىسمىغا ئايلاندى. بولۇپمۇ پارتىيىمىزنىڭ
11- نوۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3- ئو-
مۇمىيىغىنىدىن كېيىن، «سىنىپىي كۇرەش— توتقا»
دەيدىغان بۇ شوئارنى (ئەسلىدە سوتسىيالى-
تىك جەمىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان شوئار
ئىدى) ئىشلىتىش ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى؛ ئې-
كسپلاتاتور سىنىپلار سىنىپ سۇپىتىدە يوقى-
تىلىپ بولغانلىقى، لېكىن سىنىپىي كۇرەشنىڭ
يەنىلا مۇئەييەن دائىرىدە مەۋجۇت ئىكەنلىكى
ئوتتۇرىغا قويۇلدى. سابىق سودا- سانائەتچى-
لەرنىڭ ئوزگىرىپ ئەمگەكچىلەرگە ئايلانغانلى-
قى ۋە ئەسلىدىلا ئەمگەكچى بولغان ئۇششاق
سودىگەرلەرنى ھەم قول ھۇنەرۋەنلەرنى بۇر-
ژۇئا سودا- سانائەتچىلەر قاتارىدىن ئاجرىتىپ
چىقىش جاكالاندى. ئوزگىرىپ ئەمگەكچىلەرگە
ئايلانغان مۇتلەق كوپ ساندىكى پومىششىك،
باي دىخانلارنىڭ تەركىۋى ئوزگەرتىپ بېكىتىلدى.
شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ ئەدەبىيات- سەنئەتىمىز-
نىڭ خىزمەت قىلىش ئوبيېكتى ھازىر تېخىمۇ
كېڭەيدى. دىمەك، پارتىيىمىزنىڭ ھازىرقى باس-
قۇچتا ئوتتۇرىغا قويغان «ئەدەبىيات سەنئەتنى
خەلق ئۇچۇن خىزمەت قىلدۇرۇش،
سوتسىيالىزىم ئۇچۇن خىزمەت قىلدۇرۇش» دىگەن
يونۇلۇشى دەل «نۇتۇق» تا ئەينى ۋاقىتتا ئوت-
تۇرىغا قويۇلغان «ئەدەبىيات-سەنئەتنى ئىش-
چى - دىخان-ئەسكەرلەر ئۇچۇن خىزمەت قىل-
دۇرۇش» دىگەن يونۇلۇشنىڭ ھازىرقى ۋەزىيەت-
تىكى ئەمەلىيەتكە ماس، لوگىكىغا ئۇيغۇن را-
ۋاجلىنىشى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. بۇ يونۇلۇشنىڭ
ھازىرقىدەك «ئەدەبىيات - سەنئەتنى خەلق ئۇ-
چۇن خىزمەت قىلدۇرۇش، سوتسىيالىزىم ئۇچۇن
خىزمەت قىلدۇرۇش» دەپ مۇشۇنداق قويۇلۇشى شۇ چاغ-
لاردىكى «ئىشچى-دىخان- ئەسكەرلەر ئۇچۇن خىز-
مەت قىلدۇرۇش» دەپ ئەشۇنداق قويۇلۇشىغا
قارىغاندا، دائىرىسى تېخىمۇ كەڭ، مەزمۇنى تې-
خىمۇ مول بولۇپ، ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى ئەمە-
لىي ئەھۋالىغا ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئار-
زۇسىغا تامامەن ئۇيغۇن. شۇڭا، ئېلىمىزدىكى
بارلىق ئەدەبىيات- سەنئەتچىلەر ۋە كەڭ خەلق
ئاممىسى تەرىپىدىن ئومۇمىيۈزلۈك ھىمايە قىلىن-
ماقتا ۋە قىزغىن قارشى ئېلىنماقتا.

يۇقۇرىدا مەن، مەزكۇر ماقالامنىڭ ھەج-
مى ئېتىۋارى بىلەن، پەقەتلا «نۇتۇق»تا شەرھى-
لەنگەن بىرلا مەسىلە— ئەدەبىيات- سەنئەتنى
زادى كىملەر ئۇچۇن خىزمەت قىلدۇرۇش مە-
سىلىسى ئۇستىدىلا توختالدىم. لېكىن، «نۇتۇق»
تا شەرھىلەنگەن مەسىلىلەر يالغۇز مۇشۇلا ئە-
مەس، بەلكى ئۇنىڭدا يەنە ئەدەبىيات- سەن-
ئەتنى خەلق ئۇچۇن قانداق خىزمەت قىلدۇرۇش
مەسىلىسى ۋە بۇ مەسىلىگە مۇناسىۋەتلىك يەنە
بىر مۇنچە مۇھىم مەسىلىلەرمۇ شەرھىلەنگەن.
مەسىلەن: ئەدەبىيات- سەنئەتنى كەڭ خەلق ئام-

مىسىغا خىزمەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئەڭ ئال-
دى بىلەن ھەل قىلىۋەتمىسە زادى بولمايدى-
غان مەيدان، پوزىتسىيە، ئۆگىنىش مەسىلىلە-
رى؛ ئەدەبىيات- سەنئەتتىكى ئومۇملاشتۇرۇش
بىلەن ئۆستۈرۈشنىڭ مۇناسىۋەتلىرى؛ ئەدەبى-
يات- سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ سىياسى بىلەن،
تۇرمۇش بىلەن ۋە ئەدەبىيات- سەنئەت خىز-
مىتىنىڭ باشقا خىزمەتلەر بىلەن بولغان مۇنا-
سىۋەتلىرى؛ ئەدەبىيات- سەنئەت تەنقىدىنىڭ
ئۆلچەملىرى؛ ئەدەبىيات- سەنئەت مىراسلىرىغا
قانداق ۋارىسلىق قىلىش؛... قاتارلىق نۇرغۇن
مەسىلىلەر شەرھىلەنگەن ۋە ھەل قىلىنغان.
شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز «نۇتۇق» نىڭ ئېلان قى-
لىنغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى خاتىرىلىگىنىمىزدە،
بىز ئەڭ ئالدى بىلەن، ئۇنىڭدىكى ئەدەبىيات-
سەنئەتنى زادى كىملەر ئۈچۈن خىزمەت قىل-
دۇرۇش مەسىلىسىنى ئىخلاس بىلەن ئۆگىنى-
شىمىزگە، شۇنىڭ بىلەن بىللە، يۇقىرىدا ئاتاپ
ئۆتۈلگەن ئەشۇ مەزمۇنلارنىمۇ ئىزچىل، قېتىرقى-
نىپ ئۆگىنىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. پەقەت مۇ-
شۇنداق قىلغىنىمىزدىلا، ئاندىن «نۇتۇق» نىڭ
تۈپ- ئاساسلىق روھىنى، توغرا چۈشىنىشنى قوغ-
دىغىلى ۋە راۋاجلاندۇرغىلى، ئەدەبىيات- سەن-
ئەت پائالىيەتلىرىدە ئۇچرىغان ھەر خىل يېڭى
ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى «نۇتۇق» نىڭ رو-
ھى بويىچە توغرا ھەل قىلغىلى بولىدۇ؛ پەقەت
ئەشۇنداق قىلغىنىمىزدىلا، ئاندىن 4 ئاساسى
پىرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، ئەدەبىيات- سەنئەت-
نى سوتسىيالىزىم ئۈچۈن ۋە ئەڭ كەڭ مەنىدى-
كى خەلق ئاممىسى ئۈچۈن ھەقىقى تۈردە ۋە
تېخىمۇ ئوبدان خىزمەت قىلدۇرغىلى بولىدۇ.

## ««نۇتۇق»» بىلەن تاپقۇسى كامال

**مەسۇم باسىت**

يەنئەن نۇتقى — سەنئىتىم بەھرى،
يېڭى ئىجات يولىنىڭ پەخرى.
ئۇنىڭ بىلەن بولدى مۇيەسسەر
نۇر - مەشئەلگە، سەنئىتىم ئەھلى.

ئۇنىڭ نۇرى بەردى ھاياتلىق،
سەنئەت بېغى— گۈلىستانىغا.
ئىلھامبەخش شەرۋەت قۇيۇلدى
ھەر چېچەكتىن دىللار جامىغا.

ئۇنىڭ بىلەن چىقتى ئەۋجىگە،
ئەل قەلبىنىڭ ياڭراق ناۋاسى.
ئۇنىڭ بىلەن تاپتى ئورنىنى
ئەمگەكچىنىڭ قەدرى - باھاسى.

ئۇ، ئۆگەتتى كۆيلەشنى بىزگە،
خەلقىمىزنىڭ ئارزۇ، بەختىنى.
ئۇ، ئۆگەتتى ئاقلاشنى بىزگە،
ئەل — ۋەتەننىڭ ئۈمىت - ئەھدىنى...

ئۇ، كۆرسەتتى بىر يۈكسەك نىشان،
ئىجات قۇشى ئەيلىدى پەرۋاز؛
ئۇسۇلچىغا بەردى كەڭ سورۇن،
ناخشىچىغا بوغۇلماس ئاۋاز.

ئۇنىڭ بىلەن تاپقۇسى كامال،
سەنئەت بېغى - سەنئەت باھارى.
ئۇنىڭ بىلەن سىرداش ھەمىشە
زەپەرلەرگە ئىجات تۇلپارى.

# تەسىرات ئۇنچىلىرى

(«نۇتۇق»نى ئوقۇغاندا)

ماخمۇت مەھەممەت

## مىلك چېچەك ئاچتى...

داھى يازغان ئۇلۇق پەننامە،
ئىنقىلاپتا قىزىل جەڭنامە.
ئىخلاس بىلەن ئۇگەنسەك ئۇنى،
ئىجادىمىز كۆلەر خەندانە.

«تۇت زىيانداش» بولۇپ كۆمەيكۆم،
سەنئەت بېغى خۇشپۇراق چاچتى.
ئالتۇن «نۇتۇق» دىللاردا پارلاپ،
ھەر جۇملىسى مىلك چېچەك ئاچتى...

## ساڭا بېغىشلايمەن

قەدىردانىم ئىشچى ھەم دىخان،
ئەي چېگرىچى، قەيسەر ئارسلان؛
مۇھەببىتىمك دەرياسى دىلدا،
شاۋقۇن ياساپ ئاقىدۇ ھامان.

شۇڭا ھەر تاڭ ئوتلۇق يۈرەكتىن،
تەرىپىڭگە داستان توقۇيمەن.
ھەر ۋاردىغى، ھەر مىسراسىدا،
شەرىپىڭگە ئالقىش ئوقۇيمەن...

## ھاياتبەخش

كۈن نۇرىسىز كۈلمەيدۇ جاھان،
نۇر ئەمىسە گۈللىمەس باغلار.
گۈل - چېچەكنىڭ كابىدىن كەتمەي،
بۇلبۇل ناخشا ئېيتىدۇ تاڭلار.

ئالتۇن «نۇتۇق» گويا قۇياش-نۇر،
ماڭا ھاياتبەخش ئېتىدۇ.
ئىجادىمنى گۈلدەك ياشنىتىپ،
ھەر يۈرەككە نەقىش ئېتىدۇ.

## مەن ۋە قەلەم

— ئەي سويۇملۇك سىرداشىم قەلەم،
يورغىلايسەن نىمانچە بەلەن؟
ۋاراق ساناپ ھېساۋىم ئازدى،
پۈتتى سىيا، دوۋىتى بىلەن.

—قۇلاق سالغىن دوستۇم ھەۋەسكار،
مېنى ئىلھام دىلبىرى باشلار.
گۈل ئېچىلسا كۈلمەسمۇ بۇلبۇل،
يول ئېچىلسا چاپماسمۇ تۇلپار؟

# سوزلىرىڭ ئىلهام ماڭا

سۇ:ۋك

ئەشۇ كۈنكىم سېنى كوردۇم، ئىدى ياشلىقىنىڭ ئەيىامى، ①
ئوچۇق دىدار كورۇشتۇق بىز قەدىردانلار قەدىردانى.

ئەشۇ بەختىلىك مىنوتلارنى ئۇنۇتماي ساقلىدىم ئەستە،
دىدىم: بۇ بەختۇ - تەلەيىنىڭ مۇيەسسەر ئەتكەن ئىنئامى.

كوڭۇل دەردىمنى ئىزهار قىلغىنىمدا سەن بولۇپ سامى، ②
دىدىڭ دەردىمگە ئې زەهبەر، يېتۇركىم چارە، دەرمانى.

ۋۇجۇدۇمدىن ئورۇن ئالغان مىسالى تاشقا ئويغان نەقىش،
گۈزەل هەر جۇملە سوزۇڭنىڭ ماڭا تەسىرى - ئىلهامى.

بەشارەت بەردى سوهبەتتە سائادەتتىن سېنىڭ نۇتقىڭ،
سوزۇككە بولدى جان گويا، دىدىڭ ئەسرارى پىنهانى.

① ئەيىامى — كۈنلىرى. ② سامى — قۇلاق سالغۇچى.



# قىزىلگۈل ۋە بۇلبۇل

(داستان)

مەھەممەتجان سادىق



شائىر مەھەممەتجان سادىق 1934 ـ يىلى غۇلجا شەھرىدە تۇغۇلغان. ئۇ، 1951 ـ يىلى «ئىلى گېزىتى»دە بېسىلغان «1 ـ ماي» ناملىق تۇنجى شېئىرى بىلەن ئەدەبىيات سېپىگە كىرىپ كەلدى. ئۇ، ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق ۋە مەملىكەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

شائىرنىڭ ھازىرغا قەدەر 500 پارچىدىن ئارتۇق ھەر خىل تېمىدىكى شېئىرلىرى، 10 پارچىدىن ئارتۇق داستانى ۋە باللادىسى ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭ چوڭ ھەجىمدىكى داستانى «قىلىنقاردىكى ناخشا» 1977 ـ يىلى ئايرىم كىتابچە قىلىپ نەشىر قىلىندى. 1979 ـ يىلى «تيانشان ناخشىسى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى نەشىر قىلىنىپ، ئامما بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

شائىرنىڭ «سالام تېرىمدىن» دىگەن شېئىرى 1956 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. ئۇنىڭ «نان» ۋە «يېزا يولىدا» دىگەن شېئىرلىرى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۇتكۈزۈلگەن 31 يىللىق مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى تاللاشتا 1 ـ دەرىجىگە ئېرىشتى. بۇ قېتىم مەملىكەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىي ئىجادىيەتلىرىنى باھالاشتا «چىن مۇھەببەت» دىگەن داستانى 1 ـ دەرىجىگە ئېرىشتى. بىز ژورنىلىمىزنىڭ بۇ سانىدا ئۇنىڭ يېڭىلىقى ئىجادىيەتلىرىدىن «قىزىلگۈل ۋە بۇلبۇل» ناملىق داستانىنى تونۇشتۇردۇق.

## مۇقەددىمە

1

مۇشۇ بىر ماۋزۇدا كىملەر يازمىغان،
ناۋايى، زەلىلى... زادى قايسىسى؟

ياراتتى تيانشان گۈلىدەك گۈزەل —
بىر داستان، قەشقەرلىق سويگۇ جارچىسى①!
بۈگۈن شۇ ئۇلۇغلار ماڭغان يوللارغا،

① بۇ يەردە ئۇيغۇر شائىرى مۇھەممەت ئىمىن خوجام قۇلىنىڭ «مۇھەببەت نامە ۋە مېھنەت كامە» ناملىق مەشھۇر لىرىك داستانى كۆزدە تۇتۇلدۇ.

ئېتىمنى چاپتۇردى جۇرئەت قامچىسى،
سويكۈ توگاسىدىن كېسەلەمدۇ گۈل،
يېڭى بىر ياڭزىدا قەلبىم قايچىسى؟!...
بىر شائىر دېيتىكەن ①: كونا بىرنەرسە—
مۇھەببەت،

يېڭىلار بىراق ھەر يۈرەك...
قەدىمى شۇ باغدىن ئۈزۈلەمدىمەن
ھېچكىممۇ ئۈزمىگەن خۇشبۇي گۈل-پۈرەك؟!
قارغۇجا سايرايدۇ لېكىن، نىمىشكە
ئىسمى يوق يېنىمدا بۇلبۇل ئىسمىنىڭ؟!
يېڭىلىق بولمىسا نەكارامىتى
سوزلەردىن تۈزۈلگەن شېئىر جىسمىنىڭ؟!
سۈرمەكلىك، ئېيتقىنە، يېڭىلىقمىدۇ،
ئەرەپ ۋە پارىسى ئەگلىكلىرىدىن؟!
بولارمۇ ياقىلى ئۇيغۇر نېمىنى،
ۋاز كېچىپ ئۇيغۇرنىڭ يەڭلىكلىرىدىن؟!...
ئەنە ئۇ، ماختالدى تۈزۈتۈپ پەقەت
ئۆزگە بىر سۈرەتنىڭ قاش-كىرپىگىنى...
كىم دېيتۇ مەشئەلچى،
پەلسە پەقەت
ئۆزگىلەر ياندۇرغان شام پىلىگىنى؟!
ئېيتقىنە، چىرايىڭ كوچۈرۈلمىسى
ئەمەسقۇ ئالەمدە ئۆزگە ئىنسانىنىڭ؟!
ئەزەلدىن بۇ مەلە گادايىسز ئۆتكەن.
ئىمامى بولمىغان ھوشۇر- ئىھسانىنىڭ!...
بۇ مەلە ئىسمىنى يۇلتۇزلار بىلەن
يېزىپتۇ، كوردۇڭمۇ، ئەنە، ئىجات،. دەپ!
بۇ مەلە ھىكمىتى مانا شۇ يەردە،
بولمىسا تىزالماس كىم قۇرلارغا گەپ!؟
ئانامنىڭ ئىرۋاھى مەدەت قىل ماڭا،
خالايىق ئالدىدا قالماي قىزىرىپ.
پۈكەيدە چاڭ بېسىپ تۇرغان مال كەبى،
قالمىسۇن قەغەزدە شېئىرىم بېزىرىپ!
مەدەت قىل ئوغلۇڭغا، مۇھتەرەم ئانا،
كۈيلەيمەن سەن ئېيتقان شۇ ھىكايىنى!
مەدەت قىل، بال يىغىپ دىل گۈلزارىدىن،
تولدۇراي لېمۇ - لىپ بۇ سىركايىنى!

2

تالادا ئويناپدۇ قارلىق شىۋىرغان،
گايى ئۇ، ئۇشقىتىپ، گايى ئۇ، ھۇۋلاپ؛
كەچ قالغان يولۇچى چەككەندەك گويا،
چېكىدۇ كوزنەكنى بەزىدە تۇۋلاپ... ②
جوزىدا پىلدىرلاپ يانىدۇ چىراق،
ئۇخلايدۇ چارچىغان ئاتام بىر چەتتە.
سوزلەيتتى ھىكايە ئاق چاچلىق ئانام،
گايدا شاتلىنىپ، گايدا دەرتتە...
ياتاتتىم باش قويۇپ ئىسسىق قۇچاقىغا،
جىسمىمنى ئانامنىڭ مېھرىگە چىلاپ.
سوزلەيتتى چىرايى نۇرانە موماي،
توختىماي بىر خىلدا بېشىمنى سىلاپ.
ئاڭلايتتىم تەسىرلىك ھىكايىسىنى،
ھاياجان ئىچىدە، يۇمماي كوزۇمنى.
بەزىدە گۈل تەرسەم شاتلىق بېغىدىن،
بەزىدە يۇياتتى يامغۇر يۈزۈمنى...
ئاقمىسا ناتىقىنىڭ تومۇرلىرىدا
ھەقىقى بىر تۇيغۇ قايناپ، جۇش-قۇنلاپ...
سوزلىرى قەلبىدە ئاڭلىغۇچىنىڭ،
يانمايدۇ زادىلا چوغدەك ئۇچقۇنلاپ.
سوزلەيتتى مەرھۇمە، شۇ ھىكايىنىڭ

①تاتار شائىرى كوزدە تۇتۇلىدۇ.
②پوشكىنغا تەخلىت.

ياالقۇنى ئىچىدە ئېقمۇاتقاندەك.
مۇھەببەت - ئەپرىتى مەشئەللىرىگە
دىل مەشئەلچىسى ئوت يېقمۇاتقاندەك.
كۆزەتتىم: ھەمراجان بۇلبۇلگويانى
كېلەتتى كۆلدۈرۈپ، گۈللەر چاچقۇزۇپ.
گۈل سىزدى مىڭ ئويگە ۋاپادار پەرھات،
جەننەتتەك گۈلشەننى چىراي ئاچ-قۇزۇپ.
كورەتتىم ئۇستىدە ئۇچار كىملەمنىڭ،
ئۇلتۇرار خاس ماجىپ، ھۆسنى نۇرانە!
گويا سامان يولى تېزىلغان يۇلتۇز،
قىلماقتا تىيانشان خوشال تەنتەنە!
رابىيە كوزىدىن ئاقماقتا تۆمەن،
ئاقماقتا دولقۇنلاپ سويگۇ دەرياسى!
چولپاندىن مىڭ ھەسسە پارلاق ۋە گۈزەل،
نازىمى قەلبىمنىڭ ھەر بىر رەناسى!
ئۇچماقتا مەردانە قوشاقلىرىدەك
يىل ئاتلاپ نوزۇگۇم،
قەھرىمان سادىر...
بىز زادى ئەزەلدىن ناخشىچى خەلق،
بىز زادى ئەزەلدىن ياالقۇنلۇق شائىرا!...

باللىق چېغىمدىن باشلاپ مۇھەببەت—
تىكلىمدىم قەددىردان ئەل - يۇرتۇم ساڭا!
بىلمىدىم، چوچەكچى غەمگۇزار موماي،
شائىرلىق ئىشقىنى سالغانمۇ ماڭا؟!

سەن ئۇچۇن ئەل -يۇرتۇم، مانامەن بۇگۈن
مەسرالار يىپىغا سوز تىزغۇچىمەن!
سويگۈنىڭ ئەلڭ رەڭدار بوياقلىرىدا
ياساپ مىڭ ئويلەرنى،
گۈل سىزغۇچىمەن!
شىۋاقلىق قەۋرىدە ياتمدۇ ئانام،
ۋە لېكىن، يادىمدا ھىكايىلىرى.
تۇردۇ قەلبىمنىڭ تەكچىسىدە لىق
ئىچىگە بال تولغان سىر كايىلىرى...
مەن بۇگۇن شۇنىڭدىن بىرىنى ساڭا
تۇتىمەن ھورمەتتە، ئەزىز، ئەل ۋە يۇرت،
قىزىلگۈل ۋە بۇلبۇل پاجىەسىنى—
كۇيلەيمەن،
دىلىمدا ياالقۇنلىنار ئوت!

3

ھەي، ئومرى جاپادا ئوتكەن مەرھۇمە،
ياد ئېتەر ھەممىشەم سېنى جان ئوغلۇڭ!
ياتىدۇ نۇر چېچىپ ئانا تۇپراقتا،
كورەمسەن، قالدۇرغان مۇھەببەت چوغۇڭ!
كىتاپخان، ئەمەسمۇ ئەسلەش ئالەمدە
ئولگۈچى روھىغا ئالى مۇكاپات؟!
بۇ نەزمەم ئانامنىڭ روھىغا نەزىر،
ياتقاي ئۇ، گوردە
خاتىرجەم ۋە شات!

## بىر نىمە دىسۇن ئالىملار

1

ياز، كۈز، قىش، باھارنى بۇگۈنكىدەكلا
ئۆزىتار ئىكەن بۇ سويۇملۇك زىمىن.
بېغىدا ئوسسە لاك، ئالما، ئانارلار،
تېغىدا كوكلەرمىش قاردىغاي، قېيىن...
كوز يەتمەس بىپايان داالالىرىدا
پىشارمىش ھەر يىلى تاغ-تاغ ئالتۇندان.
ئۆزسە شىرپادىسى دەريالىرىدا،
يۈرەرمىش يايلاقتا توپ-توپ مال-ۋاران...
نومۇس ۋە ۋىجدانىنىڭ چىمەنلىرىگە
قەھرىمان خەلقى چاڭ قوندۇرمايدىكەن.
بولسا بۇ يۇرت گويا ئاۋات قوغۇنلۇق،
بىر تالمۇ شۇمبۇيا ئۇندۇرمەيدىكەن...
بۇ يەرنىڭ ئەر-ئايال، قېرى- ياشلىرى،
قەۋەتلا سويەرمىش ئۇسۇل- ناخشىنى.
ئۇتمەسمىش زادىلا بەزمە- مەشرەپسىز،

دەم ئېلىش كۆللىرى،
ھەر بىر ئاخشىمى...
خۇشچاقچاق، ئاقكوڭۇل، ئەمگەكچان خەلقى،
ئوچۇق قول،
خۇشچىراي، مېھماندوست ئەكەن.
ھەممىسى بىرلىكتە تارتىدىكەن دەرت،
بىرىنىڭ پۇتىغا كىرسە ئاق تىكەن...
رىشتىلەر ئېشىلگەن ۋاپادارلىقتىن،
كەشتىلەر تىكىلگەن مېھرى يىپىدە.
تۇتۇشار دوست - ياران مەشرەپتە بىيىت—
ئېيتىپ مەي،
چىنىگە قۇيۇپ لىپپىدە...

2

قايسى چاغ؟
بىلمىدىم، بولغانىمىش شۇنداق
ئاجايىپ بىر ۋەقە، ئەنە شۇ يۇرتتا.
بۇ ئىشتىن ئادەملەر چېكىپ ئاھ-پىغان،
كويگەنىمىش دىللىرى ئورتىنىپ ئوتتا...
ئېيتقىنە بىئولوگ، تورەلگەن قاچان
خۇددى قانمەشئەلى —قات-قات قىزىلگۈل؟
ئېيتقىنە زوئولوگ، تورەلگەن قاچان
نالە- زار كۆيچىسى— باغرىقان بۇلبۇل؟
ئەنە شۇ قىزىلگۈل، بۇلبۇل تورەلگەن—
زاماندا بولغانىمىش بۇ بىر پاجىئە.
ۋاقىتىغا بىر نىمە دېسۇن ئالىملار،
مەن كۈيلەي، كىتاپخان، بىرلىك پاتىھە!...

3

بىلەمسەن، مەي دىگەن يالقۇنلىتىدۇ،
كوڭۇلنىڭ پىلىلداپ تۇرغان ئوتىنى!
بولارمۇ، ئېيتقىنە، مەي ئىچمەي تۇرۇپ
كەزگىلى قان - ياشلىق سويگۈيۇرتىنى؟!
يوللۇغۇڭ بولسۇن ھەي، ھورمەتلىك ساقى،
كەلتۈرگىن ماڭا گۈل جامىڭدا شاراپ.
مەن ئىچىپ ئاتلىناي دەرھال سەپەرگە،
دۇلدۇلۇم تۇرىدۇ توقۇغلۇق، قاراپ...

## سەدىقە بەرمەسۇ گۈزەللىگىدىن

1

ئەركىلەپ ئوچماقتا كەچكى شاماللار.
خۇشبۇي تىنىقىدەك گويا جانانىڭ.
ئاقماقتا شوخ دەريا ھەسەن- ھۆسەندەك،
سۈرىتى ئەمەستۇ گۈزەل ئارمانىڭ؟!...
چاقنايدۇ دەريادىن چېچىلغان ئۈنچە،
قىپ-قىزىل چوغ بولۇپ گىيا بەرگىدە.
چاچلىرى قىرقىقا ئورۇلگەن دىلبەر—
مەجنۇنتال تۇرىدۇ يالقۇن رەڭگىدە.
يېيىلغان ياپ-يېشىل گۈللۈك گىلەملەر،
دەريانىڭ ئىككى چەت - قىرغاقلىرىدا.
ئوخشايتتى مونچاق گۈل گويا رەنانىڭ
كۆلگەندە كورۇنگەن زىناقلىرىدا...
ئىككى چەت ھەيۋەتلىك قاتمۇ- قات تاغلار،
قاردىغاي ئورمىنى ئىچكەن ھال بوياق.
قانچىلىك چىرايلىق ئاسمان ئەتلەسى،
يايغانمۇ پەرىشتە ساماغا بايراق؟!...
قانچىلىك چىرايلىق كەچكى مەنزىرە،
قانچىلىك يېقىملىق خۇشبۇي ھاۋاسى!
بارمىدۇ ئالەمدە بۇنداق گۈزەل جاي،
بۇنداق بىر شىپالىق جانىنىڭ داۋاسى؟!

2

يېپىنغان ئۈستىگە ھال رەڭلىك شەلپەر،
بۇ يۇرتنىڭ تاغ- دەريا، گۈزەل دالاسى.
كەلمەكتە دەريانىڭ بويىدىن شۇدەم،
ئاجايىپ جۇشقۇنلۇق يۇرەك ناۋاسى.
ئېيتقىنە، سېھىرلىك قەلەپ كۈيىنى
ئېيتقان كىم،

شۇنچىلىك تەسىرلىك ئىدى بۇ ناخشا،
ئاھ، ئۇنى ياڭراتقان قايسى سەنەمدۇ؟

3

ھال، سېرىق... زەر گۈللەپ تۇرغان كەڭ ئاسمان ـ
ئاستىدا ئۇچاتتى گويا گۈزەل يار.
تاۋۇس قۇيرىغىدەك تاغ ـ دالا، دەريا ـــ
ئۈستىدە ئۇچاتتى مەشۇق ـ ۋاپادار...
ئۇچاتتى، كوينىگى خان ئەتلەس ئۈنىڭ،
دوپپىسى ئوخشايتتى چېچەك پەسلىگە.
ئۇچاتتى شۇنچىلىك ئىنتىزار بولۇپ،
ئاھ، لەيلى ئاشىقى قەيس ۋەسلىگە!
ئۇچاتتى ئىز سىزىپ يالقۇنلۇق يۇلتۇز،
ئۇچاتتى تولۇنئاي پارلاق نۇر چېچىپ.
كەينىدە لەپىلدەپ قىرىق چېچى مۇ ـــ
ئۇچاتتى ئاجايىپ سۈرەت ـ گۈل ئېچىپ.
ئۇچاتتى جاھاننى كويدۇرۇپ گويا،
ھوسنىدىن ئوت چاچقان بىر گۈزەل يۈزلۈك؛
لېۋىدىن تاماتتى شەبنەم شەرۋىتى .
ئۇچاتتى جان ئالار بىر شەھلا كوزلۈك !
ئۇچاتتى ۋاپادار سويگۈ پەرىسى ،
قەلبىنى جاكالاپ يەر ۇ ـ ئاسمانغا!
ئېيتقىنە، سىغامدۇ قىيان كوللەرگە،
سېغىنىش، مۇھەببەت... ناخشا ـ داستانغا ؟!
بولامدۇ قەلبىنىڭ تۇيغۇلىرىنى
ئاددى بىر سوز بىلەن قىلغىلى ئىزھار؟!
كەلسەڭچۇ قېنى تېز، قىزنىڭ ئاشىقى،
يولۇڭغا بۇنچىلىك قىلماي ئىنتىزار!

4

ئاڭلىساڭ، ئاڭلىغىك كېلەر ناخشىنى،
ئۇنىڭدا سېھىرلىك ماگېنت باردەك .
قىز ئۇنى جاراڭلار تەمبۇردىكى زىل
گويا دىل يىپىدىن ئېشىلگەن تاردەك.
جاراڭلار يۈرەكتىن تاشقان مۇھەببەت،
جاراڭلار يارىنى سېغىنغان يۈرەك!
ئاڭلايتتى ناخشىنى شەپەق جامىدىن ـــ
مەي ئىچكەن تاغ ـ دالا، دەريا، گۈل ـ پورەك!
ئاڭلايتتى قارىغاي ئىچىدە ئاھۇ،
ئاڭلايتتى ۋادىنىڭ ئۇچار قۇشلىرى.
ئاڭلايتتى ئادەملەر...
ئاھ، يىگىتلەرنىڭ
بارمىدۇ ئۇزىدە ئەقىل ـ ھۇشلىرى؟!

5

كەل، قېنى ياش دوستۇم،
بىرمۇ ئاڭلايلى،
يارىنى سېغىنغان يۈرەك كۈيىنى .
تەسىرات شارابى ئىچەيلى بىللە
جام قىلىپ بۇيۇرتنىڭ كاككۇك گۈلىنى!
مەي سېنىڭ جېنىڭغا ياققىنىدا ئوت،
ناخشىنى تىڭشىساڭ قانچىلىك راھەت!
ئايلىنىپ دىل تۇيغۇ غەزىنىسىگە
بېغىشلار تېنىڭگە تۈگىمەس غەيرەت!

6

«كېيمەكتە گۈزەل تۇپراق،
كويمەكتە گىيا ۋە گۈل.
كويمەكتە سېنى كۈتۈپ،
ئەزىز جانان، بۇ كوڭۈل!

قىزاردى گۈلگۈن شەپەق،
يولۇڭدا تېخى كوزۇم.
سەن كەتكەن تەرەپ مەككە،
سەجدىدە مېنىڭ يۈزۈم.

سەن كېلەر يوللارنى، يار،
سۈپۈرەي چېچىم بىلەن.
سۇ سېپەي كوزلىرىمدىن
ئۇخچىمغان يېشىم بىلەن.

كەلسەڭچۇ قېنى، تېزرەك،
شەپەقتىن كىيىپ چاپان.
گۈل تۇتۇپ كۈتمەكتىمەن،
سېغىنىپ سېنى جانان!»...

7

بۇ— چۇغلۇق!
مەلىنىڭ كوزى—گۈزەل قىز،
گويا ئۇ، كۆمۈچرەك تاغنىڭ چولپىنى.
بىر كورگەن يىگىتنىڭ يۈرەك-باغرىدا،
ياناتتى لاۋۇلداپ سويگۇ گۈلخىنى.
ئالغان قىز چىرايى تاغ چۇغلۇغىدىن،
كوزلىرى ئوخشايتتى ئاھۇ كوزىگە.
ماڭلاي ئۈپەمدا بىر جۇپ يېڭى ئاي،
شۇنچىلىك ياراشقان گۈلدەك يۈزىگە.
توكۈلگەن كىرپىكلەر—بۇلاق بوستىنى،
قاپقارا مەڭ قونغان سول ياق مەڭزىگە.
ئاددى تاڭ هوزۇرى تەڭ كېلەرمىدۇ،
يۈزىدە گۈللەنگەن شەپەق پەيزىگە؟!
قىز هوسنى سۈپ-سۈزۈك بۇلاق سۇيىدىن،
بۇرنى جان ئالار ئوتكۇر زۇلپىقار.
بىر قىيا بىقمىشى ئالدىدا يىگىت
مەجنۇنغا ئايلىنىپ قىلار نالە-زار...
ئالۇچا لېۋىنىڭ شەرۋەت شارابى،
يىقىتار هەر كىمنى ئەقلىدىن ئايرىپ.
سالىدۇ يۈرەككە ئوت بالاسىنى،
قارىسا ياغلىقنى يۈزىدىن قايرىپ.
بەللىرى ئەۋرىشىم،
قامىتى زىلۋا،
يېتىلگەن ئىككى تال مەيدە ئالمىسى.
بۇ قىزنىڭ گۈزەللىك غەزىنىسىدىن،
سەدىقە سورايتتى ئەقلىم بالىسى...
بىراق، قىز كوڭلىنى بەرگەن بىرىگە،
بىر ئومۇر مەن سېنىڭ ۋاپادارىڭ، دەپ.
مەيلى شات كۈنلەردە، مەيلى قايغۇلۇق—
كۈنلەردە بولسۇن، مەن گۈلباھارىڭ، دەپ.
ئاھ، ئەشۇ بەختلىك يىگىت كىمدۇ-ھە؟
قىز كۈتەر يارىنى دەريا بويىدا.
چىرايى كۈندۈزدەك،
چاچلىرى كېچە،
تۇراتتى ئىشقىنىڭ خوشال تويىدا...

8

ئولتۇرار گۈزەل قىز گۈلدەك ئېچىلىپ،
مەجنۇنتال تېگىدە—تاشنىڭ ئۈستىدە.
كوزلىرى كورۇنگەن تاغ يوللىرىدا،
ياناتتى مۇھەببەت نۇرى هوسنىدە...
بىلمىدىم، ئوت-شەپەق تارىلار زادى
كەچكى كۈن، قىزھوسنى—قايسىبىرىدىن؟!
ئولتۇرار قۇچاغلاپ ئىككى تىزىنى،
ئاقاتتى شىۋى قەدىر گۈلدەك چېھرىدىن.
بىلەكتەك چاچلىرى چىلىق ئۈستىگە
گوياكى ئىلاندەك چۈشكەن تولغىنىپ.
كوز ئۈزمەي ئولتۇرار تاغ يوللىرىدىن،
قەلبىدە سېغىنىش سېلى ئۇلغىيىپ...
ئالدىدا شاقىراپ ئاقماقتا دەريا،
چۇغلۇقنىڭ كوڭلىدە سويگۇ قىيانى.
كېلەمدۇ شۇ تاپتا تىك تاغدىن چۈشۈپ،
رۇستەمى داستاندەك سويگەن قىرانى؟!
ئىچكەندە كائىنات شەپەق بويىغى،
كېلىمەن، دىگەنتى يارى ئاھ، قىزنىڭ.
كۈتمەكتە...
قىز قەلبى خۇددى ئۇزىلا،
سۇسىراپ چاڭقىغان گۈزەل ئېتىزنىڭ...
قىز قەلبى سېغىنىش - ئىنتىزارلىقتىن
شۇ تاپتا جاراڭلاپ تۇرغان نازۇك ساز.
قىز كوزى يوللارغا مۇھەببىتىدىن
سالماقتا تەلمۇرۇپ گۈللۈك پاياندار...

9

ئاتىسى سودىگەر ئىدى چۇغلۇقنىڭ،
ئات ھەيدەپ مۇزاتتىن ئوتكەننەچچە رەت.
ئۇنىڭ بەش يىل ئالدىدا كەتكەنچە ئاتا،
بولمىدى ئۇنىڭدىن بىرەر خەۋەر-خەت.
سەككىز ياش ئاكىسى ئاتىسى بىلەن،
شۇ قېتىم بىرلىكتە چىققان سەپەرگە.

بەش باشلىق چۈغلۈغى بىلەن ياش ئانا،
شۈنچىلىك ئىنتىزار بولدى خـەۋەرگـە...
ئۇلۇكمۇ، تىرىكمۇ... بىلمەيتتى پەقەت،
ئانىنىڭ ئىچ-باغرى بولدى لەختـە قان.
ياشىدى ئۇنبەش يىل ئۈمىت ۋە دەرتتە،
غېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ ئىككى جان...
تولدى يىگىرمىگە ئانا خوشلىقى،
ھوسنىگە شۈنچىلىك تولغان ئاي بولۇپ.
ياشايتتى غەم-قايغۇ قېرىتقان ئانا،
چۈغلۈغى بىلەنلا شاتلىققا تولۇپ...

10

ئۇيغاتتى سويگۈنىڭخىياللىرىدىن—
چۈغلۈقنى، غەمگۇزار ئانا ساداسى.
ئوخشىماس بۇ ئاۋاز كۆڭدىكىگە ھېچ،
گويا ئۇ، ياڭرىغان شاتلىق ناۋاسى.
قىز چۆشۈپ ئولتۇرغان تاشنىڭئۈستىدىن،
يۇگۇردى ئانىسى تەرەپكە قاراپ.
چۈغلۈقنىڭ پەشانە كوكۇللىرىنى،
ئويىنىدى شامالار ھەر يانغا تاراپ.
ئانىنىڭ يېنىدا كۆلۈمسىرىگەن
سۇمباتلىق بىر يىگىت كېلەر يانمۇ-يان.
يۇسۇپتىن ①چىرايلىق ئىدى يۈز ھەسسە،
يىگىرمە ئۇچلەرگە كىرگەن بۇ قىران...
ئۈستىدە شايىدىن تىكىلگەن يەكتەك،
بېلىنى باغلىغان گۈللۈك بەلۋاغدا.
شۈنچىلىك ياراشقان بادام دوپپىسى،
قامىتى قارىغاي—يېتىلگەن تاغدا.
«كىم كەلدى، چۈغلۈغۇم!»-دەيتتى ئانىسى،
كوزىدىن خوشاللىق يېشىنى چېچىپ.
يىگىت بىر چىراقتى، ئانا پەرۋانە،
كېلەتتى چىرايى رەڭدار گۈل ئېچىپ...

## كەلمەكتە سويگۈ بۇلبۇلگوياسى

1

چېچىپ ھەر تەرەپكە يالقۇنلىرىنى،
يانماقتا لاۋۇلداپ كۆن پېتىش ئۇپۇق.
چوققىلار ئوخشايتتى گويا تۇلپارغا،
يېپىلغان ئۈستىگە ھال رەڭلىك يوپۇق...
شۇۋۇلدارناخشا - كۈي ئېيتىشۋاتقاندەك،
شەپەقتىن رەڭلىنىپ مىڭ يىللىق ئورمان.
قىيادا ئۆزەتتى خۇددى يالقۇندەك
تاۋلىنىپ، ھال بوباق ئىچكەن ئاق تۇمان.
كېلەتتى ياش يىگىت ئاتلىق، پۇتىدا—
ئېيىق تېرىسىدىن تارتىلغان چورۇق.
ئاستىدا يورغىلاپ كېلەتتى ئۇنىڭ،
يۇلتۇزدەك قاشقىلىق كېلىشكەن تورۇق...
يولۋاس تېرىسىدىن تىكىلگەن چاپان،
ئۈستىدىن باغلىغان قارا پوتىنى.
بېشىدا ئاق مالخاي، كېلەتتى يىگىت،
يانىدۇرۇپ گۈلخاندەك يۈرەك ئوتىنى...
يىگىرمە ئىككىگە كىرگەن قىراننىڭ
بەستىگە زوقلىنار رۇستەمى پالۋان.
قامىتى تاغلارنىڭ مەغرۇر چىنارى،
غەيۇر روھ قىلاتتى كورەك ۋە جەۋلان...
قوشما قاش،
ئوخشايتتى يالقۇنلۇق كوزى
قىيالارھاكىمى—بۇركۈت كوزىگە.
ھەمرادى ھەمىشە مەرتلىك، نۇرلىرى
بۇغدايىنىڭ رەڭگىدەك چىراي-يۈزىگە.
قوشاتتى بۇ ئوغلان ھوسنىگە-ھوسۇن،
خەت تارتقان بۇرۇتى: قارا ۋە قويۇق.
قىر بۇرۇن،
ئىگىكى خۇددىئاي پالـتا،

①«يۇسۇپ-زەلەيخە» داستانىنىڭ قەھرىمانى يۇسۇپ تەڭداشسىز گۈزەل يىگىتمىش.

بىلمىنەر ـ بىلمىنمەس ئۇتتۇرى يىرىق...
كۆكرىكى ئالدىغا چىققان قالقانىدەك،
ئىچىدە سوقاتتى مەردانە يۈرەك.
ئۇزىدىن مۇھەببەت خۇشبۇيى ھىدىنى
چاچاتتى تاغلاردا ئېچىلغان پورەك...
يولۋاس تېرىسىگە يېپىنغان باتۇر[1]،
كېلەتتى يارىنى سېغىنىپ، ئۇچۇپ،
سۆيۈشكە ئالدىرار گۈل مەشۇقىنى،
ھاياجان ئىچىدە، بېلىدىن قۇچۇپ.

2

تۇغلۇقنىڭ ئاتىسى ئۆتكەن ئالەمدىن،
ئاتاقلىق ئۇۋچىدى ھايات چېغىدا.
ئىزلىرى قالمىغان بارمۇ بىرەر جاي،
ئېيتقىنە، بۇ يۇرتنىڭ گۈزەل تېغىدا؟!
ئاتىنىڭ ئىزىنى باستى پەرزەندى،
كېزىدۇ بىر ئۆزى تاغنى ئارىلاپ.
بىر تال ئوق كەتمەيدۇ زادىلا زايە،
بورە ۋە يىلپىزنى ئاتسا مارىلاپ.
ئېلىشتى بىر قېتىم خۇددى ئوكۇزدەك —
قارا ئېيىق بىلەن تەنها ئورماندا.
چېقىراپ جان بەردى بۇ ياۋۇز مەخلۇق،
ياش ئۇۋچى بېشىغا پالتا ئۇرغاندا...
بىر قېتىم يولۋاسنىڭ مېنىپ ئۈستىگە،
چاپتى ئۇ، جىلغا ـ ساي، ھاڭ ـ قىيالاردا.
ھايۋانلار شاھىدىن ئاققان قارا تەر
شەبنەمدەك قالدى يەر، گۈل ـ گىيالاردا...
نەچچە رەت قالدى ئۇ، خەتەردە لېكىن،
مەرتلىكى قۇتقۇزدى سالامەت ـ ئامان.
مەيلى ئۇ، كەزمىسۇن قايسىبىر چاتقا،
كوزىدىن كەتمەيتتى سويۈملۈك جانان.
يا ئۇنى بالادىن ئامان ساقلىغان،
ئېيتقىنە، مۇھەببەت، سويگەن يارىمۇ؟!

يىگىرمە تۆت سائەت ئىچىدە پەقەت،
توختىماس ياڭراشتىن كوڭۈل تارىمۇ؟!
شۇنچىلىك سۆيەتتى چۇغلۇقنى يىگىت؛
جېنىنى يارىدىن كورمەيتتى ئارتۇق.
جېنىنى سورىسا ئىككىلەنمەستىن
قىلاتتى چۇغلۇققا شۇ زامات تارتۇق.
ئۇزگە بىر يىگىتنىڭ يېنىدا كورسە —
چۇغلۇقنى، يۈرىكى ئېچىشار ئۇنىڭ...
ئوت يۇلتۇز ئۇچماقتا مەلىكە قاراپ،
ئورلەيتتى توپىسى ئاسمانغا يولىنىڭ...

3

كوزىدە چۇغلۇقى...
كېلەر سويگۈنىڭ
گويا گۈل ـ چېچەكلىك تېغىدا يىگىت.
كېلەر ئۇ، شېرىن ئوي ـ خىيالى بىلەن،
بەختلىك ۋىسالىنىڭ بېغىدا يىگىت.
كورۇشۇپ...

قاپقارا قوي كوزلۈكىنى
قۇچاغلاپ باغرىغا باستى شات ـ خورام.
يىگىتنىڭ لەۋلىرى توكتى مەرۋايىت:
«سىز مېنىڭ ئومۇرلۈك ۋاپادار جۇرام!»...
مۇھەببەت لىق تولغان كوزىنى تىكىپ،
سوزلىدى يېقىملىق ناز بىلەن چۇغلۇق:
—«ئايرىلغان بولسامۇ سىزدىن بىر ھەپتە،
بىر يىلدەك تۇيۇلدى ئاھ، ماڭا تۇغلۇق!»...

خىياللار!
خىياللار!
شېرىن خىياللار!...

ئات ئۇچۇپ بارىدۇ ئورمان يولىدا.
تۇراتتى قەلەمقاش چوغدەك شەپەققە —
ئورۇلۇپ شۇ دەمدە دەريا بويىدا.

بۇ مىسرا گروزىيە شائىرى دوستاۋېلىنىڭ شۇ ناملىق داستانىدىكى قەھرىمانى بەلگىسى.

4

ئېيتقىنە، دىل دىگەنچوڭقۇر ۋە چەكسىز،
سويگۈ دېڭىزىنىڭ قېيىغىمىدۇ؟!
چۈغلۈقنىڭ ھوسنىمۇ كورۈنگەن گۈللەر،
پۈرىغى يېقىملىق تىنىغىمىدۇ؟!
گوياكى يىگىتنىڭ پۈتۈن قانلىرى
ئايلانغان شاقىراپ ئاققان سويگۈگە.
يىگىتنىڭ ۋۇجۇدى ئايلانغان شۇ دەم
لاۋۇلداپ چوڭ گۈلخان ياققان سويگۈگە...
ئۇزىنىڭ بەختىنىڭ مۇھەببىتىدىن،
ئۇچاتتى شېرىن بىر ھېسسىياتتا مەس.
قانچىلىك ھوزۇر ھە، چىن مۇھەببەتنىڭ
شېرىن خىيالىدا ئېلىنغان نەپەس!؟
يورغىلاپ مەلىگە كېلەر شۇنچە تېز،
قولىغى دىڭ تۇرغان قاشقىلىق ئېتى.
شۇنچىلىك ئالدىراپ كېلەتتى تۇغلۇق،
شەپەققە كوز ئۇزمەي قارىغان پېتى...
ئۇچمەستىن بېرىشى كېرەكتە يىگىت
دەريانىڭ بويىغا، ئۇيۇق گۈلخىنى.
ئۇ، شۇنداق شەرتلەشكەن چۈغلۈغى بىلەن،
كۈتمەكتە ئۇ يەردە سويگەن چولپىنى.
قالاتتى قارىغاي،
تاغ تېرەكلىرى
يىگىتنى ئۇغلىدەك خوشال ئۇزۇتۇپ.
ئۇچقان ئاھ، ئات ئەمەس،
قاناتلىق كوڭۈل
ئۇزىدىن ئالەمگە سويگۈ توزۇتۇپ...

5

پاتمىدى مۇھەببەت تۇغلۇق قەلبىگە،
چىقتى ئۇ، جاراڭلىق بىر ناخشا بولۇپ.
يورغىلاپ ئۇچقان ئات ئۇستىدە قىران
ئېيتاتتى ھاياجان ـ بەختكە تولۇپ...
بۇ ئوتلۇق ناخشىنى ياڭرىدى ئورمان،
ياڭرىدى تاغ ئىچى،
خان ئەتلەس—ئاسمان.
ياڭرىدى جۇشقۇنلۇق گۈزەل مۇھەببەت،
ياڭرىدى گۈل ـ گىيا،
سايدىكى قىيان...

6

ناخشا-كۈي تۇغۇلار قانداق بىر پەيتتە،
بىلەمسەن، ھورمەتلىك ئەزىز كىتاپخان؟!
تۇغۇلار يۈرەككە سىغمىسا تۇيغۇ،
سىغمىسا يالقۇنلۇق سويگۈ-ھاياجان!
تەسىرات شارابى ناخشا-كۈي دىگەن،
تۇغۇلار شۇنچىلىك تەسىرلەنسە دىل.
جۇشقۇنلۇق كوڭۈلنىڭ تەسىراتىنى
چىقىرار ناخشا-كۈي قىلىپ قىزىل تىل.

7

شەپەقتە بويالغان چوققا ـ قىيالار،
گىلەمدەك چۈغلۈنۈپ ياتقان ئوتلاقلار،
قارىغاي ئورمىنى، ئارچا، ئاق قېيىن،
شاۋقۇنلۇق تاغ سۈيى، زۇمرەت بۇلاقلار—
ئۇستىدىن ئۇچاتتى بەختلىك ئاشىق،
كۈيلەپ پاك، چىرايلىق،جۇشقۇن كوڭلىنى.
سويگۈ پەرىشتەسى ئۇچاتتى شۇ دەم،
چېچىپ يەر يۈزىگە شەپەق گۈلىنى.
ئۇچاتتى مۇھەببەت بۇلبۇلگوياسى،
گۈل چېچىپ ئاغزىدىن يەرۇ-ئاسمانغا!
ئېچىلسا گۈللىرى چىن مۇھەببەتنىڭ،
ئايلىنار بۇ زىمىن گۈل-گۈلىستانغا!...

8

«كويمەكتە ئەزىم تاغلار،
كويمەكتە يالقۇنلاپ گۈل.
كويمەكتە ساڭا ئىنتىلىپ،
گۈزەل چۈغلۈق، بۇ كوڭۈل!

يېڭىغا شامال بولۇپ،
يېتەرمىدىم، ئەزىز يار.
بولار توي، بولار بايرام،
كورۈشكەندە بىز دىدار.

ئۇچمە شەپەق، يېڭىغا
يېتەۋالاي چۇغلۇقنىڭ!
كويەر ئالەم ئوتىدىن
بولمىسا ئاھ، تۇغلۇقنىڭ!...

## بارمىدۇ بۇندىن ئېغىر بىر ئازاپ

1

سېغىنىش تومۇزى ئورتەپ قەلبىمنى،
شۇنچىلىك چاڭقاپ ئاھ، كەلگەن چېغىمدا؛
بولمىسا بىر چىنە ئۇسسۇلۇق چېيى،
يۈز بىرەر قانداق ھال روھىي بېغىمدا؟!
شۇ مەھەل، شۇ يەردە كورۈشمىز دەپ،
توقىغان بولساڭلار ۋەدە كەشتىسى.
سەن كەلسەڭ، بولمىسا يارىڭ ئۇ يەردە،
چولدەھەر كوڭلۈمنىڭ ئاۋات رەستىسى...
سېغىنىش ئايلىنىپ ئەلەم-ھەسرەتكە،
كېلىدۇ چىرايىڭ باھاردىغا كۆز.
بايىلا گۈل-چېچەك قاپلىغان گۈلشەن
بولىدۇ قۇم باسقان قاقاس دەشتى-تۈز...
ھاياجان،
ۋىسالىنىڭ ئۈمىت شاتلىقى—
ئورنىنى ئالىدۇ ھەر خىل ئوي-گۇمان.
قاپلايدۇ كىلەمدەك ئوتلاق ئۇستىنى،
پۇرقىراپ يامرىغان قاپقارا تۇمان...
بايىلا شۇنچىلىك گۈزەل كورۈنگەن.
تەبىەت كوزۈمگە كورۈنىدۇ سەت.
گۈل - گىيا،
مەجنۇنتال... ھەممە-ھەممىسى
كورۈنەر گوياكى بولۇپ قايغۇ - دەرت.

2

چۇغلۇغى ھەر قېتىم كوز تىكىپ تۇرار
دەريانىڭ بويىغا كەلدى تۇغلۇق تېز.
يىگىتنىڭ كوزلىرى يۈگرەيتتى ھەر يان،
ۋە لېكىن كورۈنمەس سويگەن ئەشۇ قىز...
ياپ-يېشىل مەجنۇنتال ئاستى بوش ئىدى،
تىرىك جان كورۈنمەس تاشنىڭ ئۇستىدە.
ئوينايتتى ئەلەمنىڭ ئوت يالقۇنلىرى
ئۆركىگەن شاۋقۇنلۇق دەريا ھوسىدە...
قەيەرگە كەتكەندۇ جاندىن ئەزىز يار،
مۇكتىمۇ يە ئويۇن قىلىپ بىر جايغا؟
تاللىقلار ئىچىنى ئاختۇرار يىگىت،
ئىنتىزار بولۇپ ئاھ، ئايدەك چىرايغا...
«چۇغلۇق!»-دەپ تۇۋلايتتى، بىراق، ھېچيەردىن
قايتمايتتى يىگىتكە كۆتكەن جاۋابى.
كىرگەندۇ قانداق بىر بۇلۇت ئىچىگە،
ئاشىقنىڭ سېغىنغان قۇياش ئاپتابى؟!
يۈگرەيتتى،
تۇۋلايتتى تاللىق ئارىلاپ،
سويۈملۈك يارىنى توختىماي ئىزلەپ.
ۋە لېكىن، ھېچيەردە كورۈنمەس رەنا،
بۇ قانداق بولغىنى،
قېنى ۋەدە-كەپ؟!

3

كەلدى ئۇ، سوروۇلۇپ ئۇمىدسىز بىر ھالدا،
مەجنۇنتال يېنىغا ئاستا، ئۈن-تىنسىز...
ئاھ، ئاشىق قەلبىنىڭ يۇرتى شۇ تاپتا
تۇراتتى مۇڭ بېسىپ قايغۇلۇق، كۈنسىز...
ياپ-يېشىل مەجنۇنتال ئاستا شىۋىرلاپ
توكەتتى غەم-غۇسسە، ئەلەم ۋە قايغۇ...
ئۇچمەكتە شەپەقنىڭ نۇرى ھوسىدىن،
تۇتقۇنغا ئالماقتا ئۇنى قاراڭغۇ...
چۈكۈلغان چاچلىرى ئېغىر ھەسرەتنىڭ—
يېپىلغان قاپقارا پەردە-تۇمانى.

ياكى ئۇ، ھېساپسىز غەم زەنجىرلىرى،
باغلىغان سويگۈنىڭ مەجنۇن سۇلتانى...
ئەۋرىشىم شاخلارنىڭ تولغىنىشلىرى،
قايغۇدىن ئېگىلگەن قامەت ئەمەسمۇ؟!
مۇڭلۇق بىر پەدىدە شىلدىرلاشلىرى
ئېيتقىنە، قىينىلىپ ئالغان نەپەسمۇ؟!
مەجنۇنتال!
مەجنۇنتال!
بوتىدەك بوزلاپ
نىمىشكە شۇنچىلىك قايغۇ توكسەن؟!
نىمىشكە شۇنچىلىك ئىڭراپ، تولغىنىپ،
بېلىڭنى ئېگىلگەن يادەك پۈكسەن؟!
قانداق بىر ئەلەمنىڭ زەھەرلىك ئوقى
تەككەندۇ، قەلبىڭنى لەختە قان قىلىپ؟!
قانداق بىر ئازاپنىڭ سېھىرلىق كۈچى
قويغاندۇ، ئاھ، سېنى مەجنۇنجان قىلىپ؟!
ھامان ئۇ، ئىڭرايتتى ئاستا ئۈن سېلىپ،
شەپەق ئوچۇۋاتقان كەچكى گۈگۈمدا.
قانداق ئوي كەچمەكتە ئاھ ئۇرغان قىران،
ئېيتقىنە، شۇ تاپتا سېنىڭ ئويۇڭدا؟!

4

مەجنۇنتال تېگىدە،
دەريا لېۋىدە
تۇرىدۇ قاردىيىپ يوغان تونۇش تاش.
ئاھ، تاشنى ھوللىغەن دەريا سۇيىمۇ،
ۋە ياكى كوزلەردىن ئاققان ئاچچىق ياش؟!
كەتكەنمۇ قايغۇدىن قاردىيىپ شۇ تاش،
ئېيتقۇسىز ئەلەمنى تېپىپ تېشىغا؟!
تۇرار ئۇ، بىر ئوزى تەنها مۇڭلىنىپ،
نىمە كۈن چۈشكەندۇ ئۇنىڭ بېشىغا؟!
تونۇش تاش،
تونۇش تاش، سوزلىگىنە سەن،
نىمىشكە يۇيىدى ياش يۈز ۋە كوكسۇڭنى؟!
نىمىشكە قاپلىدى غەمنىڭ كېچىسى
ھەر كۈنى پاقىراپ تۇرغان ھوسنۇڭنى؟!
ھامان ئۇ، ياش بىلەن يۇيۇلماقتىدى،
دات-پەريات كوتەرگەن دەريا بويىدا.
قانداق ئوي-گۇمانلار كېزىدۇ شۇ دەم،
ئۇستىدە ئولتۇرغان يىگىت ئويىدا؟!...

5

قارايدى يەر-جاھان،
دەھشەتلىك ھالدا،
باسماقتا ئالەمنى زۇلمەت يېيىلىپ.
ئولتۇرار تېخىچە تاشنىڭ ئۇستىدە،
ئاھ، بېشى ئېگىلگەن باغرى سىرىلىپ...
يېيىپ ئاق، قارامتۇل يايلىلىرىنى
چاپاتتى تومەن شىر دەريا ئىچىدە.
ئۇلارنىڭ دەھشەتلىك ۋاقىراشلىرى
تۇيۇلار ۋەھىمە بولۇپ كېچىدە...
تۇغلۇقنىڭ كوكسىدە خۇددى شۇنىڭدەك،
خىياللار دولقۇنى كوتەرگەن ئىسيان.
خىيالى گوياكى ئەلەم ۋادىسى،
ئىچىدە يامرىغان دەھشەتلىك قىيان...
چۇلۇۋرى سورەلگەن قاشقا توروغى،
كىشنىدى يىگىتكە تەلمۇرۇپ قاراپ.
ۋە لېكىن، خىيالغا غەرق بولغان تۇغلۇق
ئولتۇرار ئۈن-تىنسىز بېشى ساڭگىلاپ...

6

نىمىشكە چىقمىدى چۇغلۇغى بۈگۈن،
شەپەق كوينىگىنى كىيگەندە ئالەم؟
نىمىشكە كۆتمىدى سويگەن يارىنى،
قولىغا گۈل تۇتۇپ قاشلىرى قەلەم؟
نىمىشكە بۇزغاندۇ شەرت ۋە ۋەدىنى،
ھېچقاچان بۇزمىغان ئاي يۈزلۈك سەنەم؟
يا ئاغرىپ قالدىمۇ؟

ياكى بېشىغا—

دەرت كېلىپ، ئاقتىمۇ كۆزىدىن شەبنەم؟!
خىياللار، خىياللار، چېكىش خىياللار،
يېتەلمەس تېگىگە تۇغلۇق ئۇنىڭ ھېچ.
يىگىتنىڭ قەلبىنى ئويلىغانسېرى،—
كېسەتتى ئەلەم دەپ ئاتالغان قىلىچ...

7

ئەڭ يوغان ئالەمنىڭ چېكى بولسىمۇ،
خىيال ۋە گۇماننىڭ چېكى بارمىدۇ؟!
ئەڭ چوڭقۇر دېڭىزنىڭ تېگى بولسىمۇ،
ئوي بىلەن شۇبھەنىڭ تېگى بارمىدۇ؟!
كىم يەتكەن چېكىگە زادى ئۇلارنىڭ،
قايسىبىر ئوتېللو①، يا خىيالپەرەس؟
كىمنىكى شۇ ئىككى تۈگمەن تېشىنىڭ—
ئىچىدە قالسا، جان ئۆزىنىڭ ئەمەس.
يا رەببى! كۆندەشلىك دەرت-بالاسىدىن
ساقلىغىن ھەر قانداق ئەھۋالدا بىزنى.
ساقلىغىن سۆيگۈنىڭ باغلىرى ئارا،
يايرىغان بەختلىك ھەر ئوغۇل-قىزنى.

8

ئات قالدى تاللىقتا...
تۇغلۇق ئۇن-تىنسىز—
كەلمەكتە مەلىگە، بېشىنى سېلىپ.
بارامدۇ ئۆيىگە؟
گويا مەجنۇندەك
كەلمەكتە ئۇ، ئىغىر ئاھ، نەپەس ئېلىپ...
تۈن يايغان ۋادىغا قاپقارا پەردە،
چىمىرلار يۇلتۇزلار زەڭگەر ئاسماندا.
ئادەم ۋە ھايۋاننىڭ ھەر خىل ئاۋازى
ئاڭلىنار ھەر ياقتىن ناگان-ناگاندا...
يوپ-يورۇق ئۆيلەرنىڭ دېرىزىلىرى،
ئاڭلىنار ناخشا-ساز، كۈلكە پاراڭلار.
بەزىبىر ھويلىلار قاپقىسى ئوچۇق،
قىزىغان بەزمىدىن يورۇق باراڭلار...
ھېچنىمە كىرمەيتتى قۇلاقلىرىغا،
ھامان ئۇ، كېلەتتى بېشىنى ئېگىپ.
تۇغلۇقنىڭ يۈرىكى سوقاتتى ئىتتىك،
كوكرىكى تېمىغا توختىماي تېگىپ...

9

ئاھ، مانا، تونۇش ئوي...
يورۇق دېرىزە...
يا رەببى، نىمە بۇ،
قانداق كارامەت؟!
يىگىتنىڭ كۆزلىرى چىقتى چاناقتىن،
بېشىغا كەلگەندەك گويا قىيامەت...
چىشلىرى غۇچۇرلاپ، تېنى تىترىدى،
شامالدا قالغان بىر يوپۇرماق بولۇپ.
«ئاھ!»-دېدى، ئىڭرىدى،
ئىككى كۆزىگە
كۆرۈنگەن دەھشەتلىك مەنزىرە تولۇپ...
كۆرگىنى ئېنىقمۇ سۈرەت ئەمەسمۇ،
تىڭ تۇرۇپ ياكى چۈش كۆرۈۋاتامدۇ؟!
يا، يىگىت كۆزىدە سېھىرلىق جادۇ—
كۈلكىنى يالقۇنلاپ كۆيۈۋاتامدۇ؟!...
شۇنداق بىر تېزلىكتە (ئۆزىمۇ بىلمەي)؛
ئۇ، چۈشتى ھويلىغا ئاتلاپ تېمىدىن.
دېرىزە يېنىغا كەلدى، يۈرىكى —
تاس قالدى چىقىشلى شۇدەم قېپىدىن...

10

يۇسۇپتەك يىگىتنىڭ يېنىدا چۇغلۇق
ئولتۇرار شۇنچىلىك كۈلۈپ، ئېچىلىپ.

① شېكسپىرنىڭ «ئوتېللو» ناملىق تىراگېدىيىسىنىڭ قەھرىمانى، ئۇ، رەشىق ۋە كۈنلەشنىڭ تىپى.

تىكىلگەن كوزلەردىن—بىر - بەرىگە—
ياناتتى بىر ئىللىق سويگۈ چېچىلىپ...
گويا قىز كوزىنىڭ يالقۇنلىرىدىغا،
نۇرانە يۈزىنى قاقلايتتى يىگىت.
كوزىنى ئۈزمەستىن پەرى پەيكەردىن،
بەكىدە ئالمىنى ئاقلايتتى يىگىت.
چۈغلۈقنىڭ ئاغزىغا سالدى ئۆزقولى—
بىلەن ئۇ، ئاقلىغان ئالمىنى كېسىپ.
ئارقىدىن بىر كېسىپ يېدى ئۇ، ئوزى،
شۈنچىلىك خۇشچىراي،
كۈلۈپ، كوز قىسىپ...
يىيىشتى ئىككىسى تۈگىگىچىلىك—
بىر ئالما؛ ئەشۇنداق پەيزە-راھەتتە.
تۈغلۈقنىڭ يۈرىگى ئېچىشماقتىدى،
ئېيتقۇسىز ئېغىر دەرت،
قان جاراھەتتە...
ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك، دىگەندەك،
قويدى قىز بېشىنى يىگىت كوكسىگە.
چېچىنى قولىدا تاراپ ناتونۇش،
زوق بىلەن قارايتتى قىزنىڭ ھوسنىگە...
چۈغلۈقنىڭ يىگىتكە ئەكىلەشلىرى،
سانجىلدى تۈغلۈققا ئىڭ نەشتەر بولۇپ.
چۈغلۈقنىڭ ئانىسى كورۈنمەس ئويدە،
چىققانمۇ ئۇلارنى يالغۇز قالدۇرۇپ؟
ئاھ! دىدى، بۇرۇلۇپ ماڭدى كەينىگە،
چىدام ۋە تاقەتنىڭ چىنىسى تولۇپ.
چىقتى ئۇ، كوچىغا قايغۇ- ھەسرەتنىڭ
دەھشەتلىك ئوتىدا ئورتىنىپ، كويۈپ...

11

ئىسيان كوتەرگەن شاۋقۇنلۇق دەريا،
يىغلايتتى ئۇن سېلىپ ئەۋرىشىم تاللار...
ئوزىنى قويارغا يەر تاپالماستىن،
چاپاتتى بوتىدەك بوزلاپ شاماللار...
قاپ- قارا كويىدەك قاراڭغۇ كېچە،
تونۇش تاش ئۈستىدە ئولتۇرار تۇغلۇق.
قەلبىنى تۈگىمەس ئىزا- ئاھانەت،
رەشىقنىڭ دەردىگە تولتۇرار تۇغلۇق...
ئاھ، دەيتتى، ئاھىدىن تۈرۈلۈپ بۇلۇت،
پەريادى ياڭرايتتى گۈلدۈرمامىدەك.
بارمىدۇ ئوزگە بىر ئەلەملىك نالە،
يىگىتنىڭ كوكسىدىن چىققان نالىدەك؟!
چىدالماي تۇرۇپ ئۇ، تاشنىڭ ئۈستىدىن،
يىقىلدى زارلىنىپ ئوتلاق باغرىغا.
ئوخشايتتى يۈرىكى ئەلەم تايىغى—
ئۇرۇلۇپ قاخشىغان دۇمباق- ناغرىغا...
زەي يەرگە كوكسىنى يېقىپ ئارسلان،
ياتاتتى ئايرىلىپ ئەس ۋە ھوشىدىن.
ياتاتتى تۈگىمەس ئازاپ ئىچىدە،
ئايرىلىپ مەجبۇندەك، ئەقىل قۇشىدىن.

12

بىلەمسەن، دۇنيادا دىل ئازاۋىدەك
دەرت- ئازاپ بارمىدۇ شۇنچىلىك ئېغىر؟!
ئايلاندى يۈرىكى قىپ- قىزىل قانغا
ۋە ياكى بولدى بىر ئۇيەغان بېغىر...
ۋە لېكىن، بىلەمسەن، دىل ئازاۋىنىڭ
ئىچىدە ئېغىرى رەشىق بالاسى.
ئېيتقىنە، تۈغلۇقنى يېڭەلىگەنمۇ،
تاغلارنىڭ يولۋاس، شىر يا ئەجدىھاسى؟!...
مەيلى شاھ، مەيلى بەگ، كىمىكى بولمىسۇن،
كوندەشلىك ئالدىدا كېسەلچان بىر قۇل!
دەردىگە ھېچنىمە بولالماس شىپا،
توزۇيدۇ ھەرقانداق لەتاپەتلىك گۈل!...
ياتىدۇ ئاھ، تۇغلۇق بولۇپ رەشىققە،
قول-پۇتى باغلىنىپ، باغرى قان ئەسىر.
شۇ تاپتا ئاھ، ئۇنىڭ دەرت- ئازاۋىغا،
جەننەتنىڭ دورىسى قىلمايدۇ تەسىر!...
ئالەمدە بۇنىڭدىن ئېغىر دەرت بارمۇ؟
ئالەمدە بۇنىڭدىن قاتتىق كۈن بارمۇ؟
ئاغزىدىن ئوت چېچىپ قىلسا نالە- زار،

ئالەمدە بۇنىڭدىن مۇڭلۇق ئۇن بارمۇ؟!...

13

ئاردىن قانچىلىك ئۆتتىكىن ۋاقىت،
ئىڭراپ ئورنىدىن تۇردى ئۇ، يەنە.
يۈگۈردى ئوق يىگەن شىردەك ھوكىرەپ،
ئۇن سېلىپ يىغلىغان تاللىقتا ئەنە!...
بېشىڭغا چۈشسە كۈن، ئاھ، خاتىرىلەر
قەلبىڭنى نەشتەرگە قىلىدۇ ماكان.
تۇغلۇقنىڭ كوكسىگە قويمىغانمىدى—
بېشىنى دەل مۇشۇ ئورۇندا جانان!؟
مۇنۇ تال تۈۋىدە چۇغلۇق لېۋىنىڭ—
جامىدىن شەرۋەت- مەي ئىچمىگەنمىدى؟!
ئىككىسى ئاھ، مۇنۇ بۇلاق تۈۋىدە
بىر تال ئالمىنى تەڭ يىمىگەنمىدى؟!
جاراھەت ئۈستىگە سېپىلمەكتە تۇز
يالقۇنلۇق گۈلخانغا چېچىلماقتا ماي...
قىينايتتى يىگىتنى قاتتىق ئازاپلاپ،
ئاھ، ھەر بىر ئەسلىمە،
ھەر بىر تونۇش جاي...
قۇچاقلاپ مەجنۇنتال غولىنى تۇغلۇق،
ئۇزاتتى بېشىنى توختىماي ئاڭا.
يىگىتنىڭ نالىسى چىقتى پەلەككە،
قانچىلىك ئېغىر- ھە، تەسۋىرلەش ماڭا!؟

14

«مېنى بۇ، ئازاپتا قالدۇرغىچىلىك
نىمىشكە ئالمىدىڭ خۇدا، جېنىمنى!
قىينىماي چانىغان بولساڭ رازىدىم،
بۇنچىلىك قىينىماي مېنىڭ تېنىمنى!...
ئەندى بۇ، ھاياتنىڭ كېرىكى نىمە،
قىممىتى، مەزمۇنى قالدىمۇ ئۇنىڭ!
كەڭ ئالەم مەن ئۈچۈن بولدى بىر قەپەز،
ياشىشى نەھاجەت تەلىيى شورنىڭ!
كېچىكى چىرايلىق كورۇنگەن تاللار،
كورۇنەر كوزۇمگە گويا دار بولۇپ.
كېچىكى جەننەتتەك گۈزەل تاغ- دالا،
كورۇنەر دەھشەتلىك چول- مازار بولۇپ.
بۇ ئاققان دەريامۇ؟
مېنىڭ كوز ياشىم...
كورۇنگەن بۇلۇتمۇ؟
ئاھىم تۈتۈنى...
كويمەكتە لاۋۇلداپ قەلبىمدە شۇئان
ئەلەمنىڭ دوگلانغان قۇرۇق ئوتۇنى...
مېنىڭ دات- پەريادىم—گۈلدۈرمامىلار،
قايغۇمدىن كېچىگە ئايلاندى كۈندۈز.
ئوزگە بىر ئالەمگە كوچتى ئوت كەتكەن
قەلبىمدىن ئىز سىزىپ ئەنە، بىر يۇلتۇز...
ھەي! خۇدا، رەھىم قىل، كوچۇرسۇن مېنى
مەڭگۈلۈك دۇنياغا،
چۈشۈپ چاقمىغىڭ!
خوشلاشقاي بىر يولى يورۇق جاھاندىن ،
قايغۇ غەم دەشتىدە ئۇچقان قامغىنىڭ! ...» —
قۇچاقلاپ قىلاتتى شۇنچىلىك نالە،
دەريانىڭ بويىدا تۇرغان چوڭ تاشنى.
دەريامۇ قىنىغا پاتقۇزالماستىن،
ئاقاتتى تاشقىنلاپ
توكۇلگەن ياشنى...

15

«راستىنلا مېنىڭدىن كەچتىڭمۇ، چۇغلۇق،
راستىنلا تاپتىڭمۇ ئوزگە بىر جانان؟
نىمىشكە چىقماستىن مېنىڭ ئالدىمغا،
ئوزگىنى يارىتتىڭ، بىۋاپا ئارمان؟!
كېچىلا شۇ يەردە گۈلۈپ، ئەكىلەپ،
شۇنچىلىك يېپىشىپ سويمىگەنمىدىڭ؟!
«بىر ئومۇر مەن سېنىڭ باھارىڭ بولاي!»
شۇنداق دەپ، يالقۇنلاپ كويمىگەنمىدىڭ؟!
نىمىشكە تاشلىدىڭ بۈگۈن سەن مېنى،
پۇرىقى قالمىغان گۈللەردەك چوروپ؟!
نىمىشكە ئورىدىڭ مەندىن يۈزۈڭنى،

يا ئۇلىسۇن دىدىڭمۇ مېنى ئۇرتۇنۇپ؟!
مەن ئۇچۇن سەن گويا بۇ ئالەمدىكى
تەڭدىشى بولمىغان بىر تاللا غۇنچە!
مەن سېنى سۆيەتتىم مىلك پەرھات، مەجنۇن
مۇھەببەت ئىشقىدا ئەزىزلەپ شۇنچە!
مەن سېنى سۆيەتتىم،
بۇ ئاھۇ— زارىم،
ئەشۇ پاك ئىشقىمنىڭ ئېلان- جاكاسى!
بولۇشقا رازىدىم چۇغلۇق، ئۇمرۇڭنىڭ
ئەڭ سادىق، سەممى قۇل ۋە چاكاسى!...
ئېيتقىنە، قەلبىمدە لاۋۇلداپ يانغان—
بۇ ئوتنى ئاھ، قانداق ئوچۇرەلەيمەن؟!
ئېيتقىنە، قەلبىمگە مەڭگۈلۈك كەلگەن
مېھماننى ئاھ، قانداق كەچۈرەلەيمەن؟!
ئالدىدا كوكسۇمگە ئۇرۇپ تىغىڭنى،
قارىساڭ بولماملى باشقىغا ئاندىن؟!
بۇ كەلگەن دەرتلەرگە چىدالماس تۇغلۇق،
بىلەمسەن، كەچمەي بۇ، قەدىرسىز جاندىن !»...
ئۇ، شۇنداق ئۇردىكى بېشىنى تاشقا،
ۋال قىلىپ تاشتا ئوت—چاقماق چېقىلدى.
«ئاھ!» دىدى تولغۇنۇپ ئىگرىدىغان پېتى،
قانلىرى چېچىلغان يەرگە يېقىلدى...

## قانلىق پاچە

1

يېگىتنىڭ ئاغزىدىن چىققان يالقۇندىن
قىزىرىپ كەلمەكتە كۈن چىقىش ئۇپ-ۇق.
ياتاتتى تاللىقتا ئىرىك ئولگەن ئۇ،
ئۇستىدە شەپەقتىن يېپىلغان يوپۇق.
بىر چاغدا ھۇشىغا كېلىپ، ئاھ ئۇرۇپ،
ئولتۇردى زۇمرەتتەك بۇلاق يېنىدا.
ئاقاتتى رەشقىنىڭ ئوت- يالقۇنلىرى
جېنىنى ئازاپلاپ ئۇنىڭ قېنىدا...
كوزىدە ئاخشامقى دەھشەتلىك سۇرەت:
يىمەكتە ئىككىسى ئالما ئاقلىشىپ.
يات يىگىت ئوينايدۇ چۇغلۇق چېچىنى،
كۈلمەكتە ئىككىسى شات قاقاھلىشىپ...
چىدالماي ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى دەس،
ئوق يىگەن يولۋاستەك ئاھ، دەپ چىقىراپ.
قوغلايتتى كەينىدىن ئاڭلانغان كۈلكە،
قاچاتتى تاللىقلار ئارا پېقىراپ...

2

كوزىگە كورۈنگەن نىمىدۇ ئۇنىڭ،
ئوزىنى دالىدىغا ئالدى ھودۇقۇپ.
ئەسەبى بىر ھالدا غوچۇرلىتار چىش،
قالغاندەك رەقىبى بىلەن يولۇقۇپ...
كوزىدىن ئوت چېچىپ،
تۇرۇپ قوشۇما،
ياۋايى بىر ھالدا قارايتتى ماراپ.
گوياكى كوزىدىن كىرىدۋات-قان ئوت،
ئورتەيتتى تۇغلۇقنى تېنىگە تاراپ...

3

دەريانى ياقىلاپ كېلەتتى خوش-ال
كۈلۈشۈپ، قول تۇتۇپ ئۇلار يانمۇ- يان.
يۇسۇپنىڭ يېنىدا گويا زىلەي-خە،
كېلەتتى شۇنچىلىك يايراپ شادىمان...
سوزلەيتتى يىگىتكە ئەكىلمگ-ەندەك،
چاچلىرى تېقىمدا ئوينىغان جانان.
كېلەتتى قىزىل نۇر ئىچىدە گوي-ا،
ياراشقان قوشماقلار تونۇش تاش تامان...
ئاردىلاپ قىز تېزىپ چىمەنلەردىن گۈل،
بېرەتتى يۇسۇپتەك گۈزەل يىگىتكە.
گۈل ئەمەس، بېرەتتى جانان مېھرىنى
ھوسۇن بازىرىدا غەزەل يىگىتكە...
تونۇش تاش ئۇستىگە چىقىپ ئىككىسى،
يانمۇ- يان ئولتۇردى قوشماق گۈل بولۇپ.

ئۇتمەكتە ئالدىدىن زەر ئاققان دەريا،
كۆي كۈيلەپ،
كۈل چېچىپ،
شوخ دولقۇنلىنىپ...

4

تۇغلۇقنىڭ ئورتەلگەن دىل خارابىسى،
يەنىمۇ لاۋۇلداپ كويۇپ كۈل بولدى.
ئەمەندى: كېچىپتۇ يارى ئۇنىڭدىن،
دەھشەتلىك تەقدىرگە ئەندى قۇل بولدى...
مۇقەددەس مۇھەببەت خاتىرىسىنى،
چەيلىدى ئىككىسى قول تۇتۇپ كېلىپ.
تونۇش تاش قالدى ئاھ، ئاياقلىرىدا،
قالدى پاك مۇھەببەت ئەنە، دەسسىلىپ!........
شۇنداق بىر ئاھ ئۇردى يىگىت تولغىنىپ،
قارايدى قىزىل كۈن، قارايدى ئاسمان.
يىقىلدى مەجنۇنتال يېنىغا بىھوش،
ئاغزىدىن ئورلەيتتى ئىس- تۈتەك هامان.
بۇ كويگەن قەلبىنىڭ ئىس- تۈتەكلىرى،
بۇ كويگەن ئارمانىنىڭ توزىغان كۈلى!
ياتاتتى رەڭگىنى يوقۇتۇپ تامام
سولاشقان، قۇرىغان تاغلارنىڭ گۈلى...

5

تالىقتىن ئاڭلانغان كۈچلۈك نالىدىن،
چوچىدى ئالەمنىڭ گۈزەلى— جانان.
چاچراپ چۈشتى تاش ئۈستىدىن چۇغلۇق،
كورگەندەك گويا چۈش دەھشەتلىك ـ يامان ...
بۇرۇلۇپ قارىدى تاللىق تەرەپكە،
ۋەھىمە ئۇچقۇنى چاقنار كوزىدە.
ئۇچاتتى ئەندىشە شامىلى چىقىپ،
بايىلا گۈل بولۇپ يانغان يۈزىدە.
قىزنىڭ بۇ ھالىدىن تىڭىرقىغاندەك
قارايتتى ناتونۇش يىگىت ئويلىنىپ.
چۈنكى ئۇ، نالىنى ئاڭلىمىغاندى،
شۇڭا بۇ ھەلىتە كەتتى تويۇلۇپ...

6

كورۇشكە لەيلىنىڭ گۈزەللىكىنى
پەقەتلا مەجنۇننىڭ كوزلىرى كېرەك!
چۇغلۇقتىن باشقىسى تۇغلۇق زارىنى،
ئاڭلالماس، بولسىمۇ قانچىلىك زېرەك!
بىلەمسەن، كوز، قولاق، ئېغىز ۋە كوڭۇل
ئىشلەيدۇ بىر ئىشىق چاكارى بولۇپ.
بىلەمسەن، يىراقتا كېلىۋاتسا يار
سېزىپ ئۇ، ماڭىدۇ ئالدىغا كۈلۈپ...

7

مەجنۇنتال تېگىدە،
تاشنىڭ ئۈستىدە،
بېشىنى چاڭگاللاپ ئولتۇرار مەجنۇن.
تۇراتتى قىزىل كۈن تاغ تۆپىسىدىن
كىشىنى ئوزىگە قىلىپ رام-مەپتۇن...
يالقۇنلۇق كۈندۈزنىڭ ئوت-پەرىشتەسى
بەھىساپ قىزىلگۈل چاچار ئالەمگە.
چاشقىسى گۈلىمدۇ ياكى قىزىل قان،
يۈگزەمدۇ قەلبىم تويغا، ماتەمگە ?!...
دەريادا سۇ ئەمەس، ئاقماقتا يالقۇن،
تاغ-دالا بويالغان قاننىڭ رەڭگىدە.
ئوخشايدۇ گويا قان تامچىلىرىغا—
شەبنەملەر، تۇرغان گۈل-گىيا بەرگىدە...
ئولتۇرار ئۇن-تىنسىز قانغا بويۇلۇپ
تۇغلۇق، تاش ئۈستىدە،
باغرى ئېزىلىپ.
پۈتمەكتە ئارزۇسى قوشىغى ئۇنىڭ
دىل خارابىسىغا ئاستا يېزىلىپ...

8

قىزىل كۈن نۇرىدا چىرايلىق گۈلدەك،
كەلمەكتە ئېچىلىپ چۇغلۇق بىر ئوزى.
«تۇغلۇق!»... دەپ ۋاقىرار توختىماي ئەنە،
مۇھەببەت چاچاتتى يالقۇنلۇق كوزى...
«تۇغلۇق!» دەپ كېلەتتى ۋاپادار يۈرەك،
«تۇغلۇق!» دەپ كېلەتتى سادىق مۇھەببەت!

«تۇغلۇق!» دەپ كەلمەكتە گويا كى قۇياش،
گۈل-چېچەك ئېگىلىپ بىلدۈردى ھۆرمەت!...
تۈرمىدى ئاشىغى تاشىنىڭ ئۈستىدىن،
قاراپمۇ قويمىدى قىز تەرەپكە بىر.
چۇغلۇقنىڭ ھوسنىدە ئالتۇن تەبەسسۇم،
ئۇنىڭغا نامەلۇم يىگىتتىكى سىر...

9

«لىمىشكە تۇرمايدۇ تۇغلۇغۇم مېنىڭ،
باھاردەك ئالدىغا كەلسەم گۈل چېچىپ؟
كۈتمىدىڭ بۇ يەردە مېنى ئاخشام، دەپ،
قاقاغانمۇ ۋە ياكى مېنىڭدىن رەنجىپ؟...
لېكىن ئۇ، بىلمەيدۇ كۆڭلۈم باغلىرى.
گۈل بىلەن ئاپتاپقا تولغانلىقىنى!
قانچىلىك شاتلىنار بىلىپ ئۇ، ھازىر
چۇغلۇققا ئاخشام ھېيت بولغانلىقىنى!»...
شۇنداق دەپ ئۇي سۈرۈپ كېلەتتى رەنا،
تۇغلۇقى يېنىغا، چىقىرىپ قانات!
«مەن سىزگە خوشخەۋەر ئەكەلدىم تۇغلۇق!»—
تۇۋلايتتى پەرىشتە كۈلۈپ شۇنچە شات!...

10

«ۋاپاسىز!»—تۇۋلىدى ئوقيىگەن شىردەك—
ھوكىرەپ، كوزلىرى چەكچەيگەن تۇغلۇق.
يىگىتنىڭ چىرايى خۇددى كېچىدەك،
چوچىدى داڭقېتىپ توختىغان چۇغلۇق.
«شەرمەندە!» دىدى- دە، ئېتىلدى يىگىت،
ھەيرانلىق ئىلكىدە قالغان يارىغا.
«ئېيتىڭا، تۇغلۇغۇم، گۇنايىم نىمە؟»—
ئۆرۈلدى زەخمەك، ئاھ! كۆڭۈل تارىغا...
ئامبۇردەك سىقماقتا مەشۇق بوينىنى،
ئاشىقنىڭ گۈرزىدەك يوغان قوللىرى.
«تاپتىڭمۇ ئۆزگىنى مەندىن يۈز ئۆرۈپ؟»—
ياۋايى بىر ھالدا چىقار ئۈنلىرى.
«سەن ئۇنىڭ كوكسىگە قويدۇڭ بېشىڭنى،
شۇنچىلىك ئەركىلەپ، كۈلۈپ، نازلىنىپ.
سەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئالدىڭ، بەۋاپا،
چىرايلىق تەمبۇردەك راسا سازلىنىپ!»...
قىز ئاستا كوزىنى ئاچتى، يۈزىدە
ياراتتى مۇھەببەت پاك كۈلۈمسىرەپ.
ئېچىلدى گويا كى گۈل ئېچىلغاندەك،
ۋاپانىڭ ئەمگى —چوغدەك ئىككى لەب:
«مەيلى سىز ئولتۈرۈڭ مېنى تۇغلۇغۇم،
مەن سىزنى يەنىلا ياخشى كورىمەن!
يېزىلغان ئىسمىڭىز مېنىڭ قەلبىمگە،
قەۋرەمدە يەنىلا سىزگە كويىمەن!
قىلمىدىم ھېچقانداق ۋاپاسىزلىقنى،
يۈرىگىم - سادىقلىق كوكمگە بايراق!
سىزنىڭ ئىشقىڭىزغا بولدى ۋۇجۇدۇم،
ۋاپا دەپ ئاتالغان گۈزەل بىر يايلاق!
ئاھ، مېنىڭ تۇغلۇغۇم، خاتالاشتىڭىز،
ئورۇنسىز گۇمانغا دىلدىن جاي بېرىپ.
غېرىپ كولبەمىزنى يورۇتقىنىنى
بىلەمسىز، ئاخشام بىر تولۇنئاي كىرىپ؟!
كىرگەن شۇ تولۇنئاي —كەلگەن جان ئاكام!»—
دىدى-دە، يۇمدى كوز كۈلۈۋاتقاندەك.
ھوسنىدە سەممى، پاك مۇھەببىتى،
گويا ئاپتاپ بولۇپ كويۈۋاتقاندەك...
ئوتلاقنىڭ ئۈستىگە قىزدىل ئۇرۇقتەك،
ئويماقتەك ئاغزىدىن چۇشتى تامچە قان.
ياتتى جىم گۈل-چېچەك ئىچىدە كۈلۈپ،
سادىقلىق داستانى—ھۆرمەتلىك جانان.

11

سادىقلىق يولتۇزى كوچتى ئەشۇنداق،
ۋاپانىڭ مەشئەلى ئوچتى ئەشۇنداق!
تاغ-دالا، گۈل-گىيا—ئانا تەبىئەت
بۇ ئېغىر ماتەمگە چىدىسۇن قانداق؟!
ئاسمانمۇ چىدىماي سالدى دات-پەريات،
كوزىدىن مولدۇرلەپ ياشى توكۈلدى.
ئاي ئوردىسىدىكى پەرى-ھۆرلەرنىڭ

گويا ياش خالتىسى قارا، سوكۆلدى...
شامالىلار ئۇچاتتى بوزلاپ بوتىمدەك،
دەريانىڭ نالىسى تۇتتى جاھاننى.
مەجنۇنسىتال گوياكى ھازىدار ئانا،
ئوقۇيتتى قان يىغلاپ زارى داستاننى.

12

يىغلايتتى ئەقلىدىن ئازغان ھوكىرەپ،
چۆغلۇقنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ ئۆزىنى.
يۇلاتتى چېچىنى،
تاتلايتتى ھەم
قىپ-قىزىل قېنىغا مىلەپ يۈزىنى...

كىتاپخان، بولارمۇ يېزىپ چىققىلى،
تۇغلۇقنىڭ زارىنى ئاددى سوز بىلەن؟!
قالدۇردۇم ئۆزەڭگە،
كورۈۋالارسەن
ھالىنى، تەسەۋۋۇر دىگەن كوز بىلەن!...
ئۇ سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ،
غىلاپتىن
ئوتكۇر خەنجىرىنى ئالدى سۇغۇرۇپ.
«بارىمەن كەينىڭدىن سېنىڭ، چۆغلۇغۇم!»...
يېقىلدى شەمشەرنى كوكسىگە ئۇرۇپ.

## گۈزەللىك مەشئەلى ۋە نالە-زار كۈيچىسى

1

چۆغلۇقنىڭ ئاغزىدىن تامغان تامچە قان—
ئورنىدا ئېچىلدى ئوسۇپ بىر تال گۈل.
گۈل ئەمەس، گويا ئۇ ۋاپادارلىقنى
بىلدۈرۈپ تۇرغان بىر چىرايلىق كوڭۇل!
لاۋۇلداپ، نۇر چېچىپ يېنىۋاتقان ئوت،
گويا ئۇ، ياپ-يېشىل شامدان ئۈستىدە!
تەنتەنە قىلىدۇ پاك گۈزەللىكنى
پۈتكۈل يەر يۈزىگە،
پارلاق ھوسنىدە!
ئەڭ ئالى ئەخلاقنىڭ پاك تۇپرىغىدىن،
مەرتلىك دەپ ئاتالغان غولىنى سۈردى.
ۋاپادىن تورەلدى يوپۇرماقلىرى،
ئۈستىدە مۇقەددەس مۇھەببەت كويدى!...
پۇرىغى شۇنچىلىك خۇشبۇيكى ئۇنىڭ،
بېغىشلار قەلبىڭگە ھوزۇر ۋە راھەت!
بىلەمسەن، بۇ گۈلدىن ياسىلار گۈلقەن،
ساقىيار دىلدىكى كويۇك-جاراھەت!
گۈزەللىك پەرىسى،
سويگۇ مەشئىلى،
سادىقلىق بېغىنىڭ نۇرلۇق رەناسى!
قۇكەرمۇ ئېيتقىنە، شەرھىلىگەنگە
بىر ئاددى داستاندا ئۇنىڭ مەناسى؟!
كورەمسەن، ھېلىمۇ گۈزەللىكىنى
يوقاتماي ئېچىلار باغدا قىزىرىپ.
سايرايدۇ ئۈستىدە بۇلبۇل كۈن ۋە تۈن،
ئېيتقۇسىز ھەسرەتتىن باغرى ئېزىلىپ.

2

تازا گۈل ئېچىلار سەھەرلىكى،
باسارمىش بۇلبۇلنى غەپلەت ئۇيقىسى.
كوزىنى ئېچىپلا ئاھ ئۇرارمىش ئۇ،
قاپلاپ دىل-كوكسىنى ئەلەم تۇيغۇسى...
بۇلبۇلنىڭ ھالىنى كورگەن قىزىلگۈل،
كۈن ۋە تۈن چەككىدەك توختىماي پىغان.
شۇڭلاشقا ئېچىلغان گۈل چىنىسىدە،
زەرداپنىڭ ئۈستىدە پاقىرايدۇ قان.
يەنىلا ئەشۇنداق ۋاپادارلىقنىڭ
ئوتىدا لاۋۇلداپ كويەر قىزىلگۈل!
گويا ئۇ، گۈل ئەمەس، سادىقلىقنى —
بىلدۈرۈپ تۇرغان بىر چىرايلىق كوڭۇل!

3

قىزىلگۈل دىگەن ئات قويۇلغانىدۇ
شۇ چاغدا، بىلمىدىم ۋە ياكى كېيىن.
قىزىلگۈل ئاتىلىپ كەلگەن شۇ گۈلنى،

ھەر باھار ئۈستىدە كورەتتى زېمىن.
يەنە شۇ ئاۋالقى گۈزەللىكىدە
يالىدۇ يالقۇنلاپ مۇھەببەت ئوتى.
قىزىلگۈل، رىۋايەت قىلىنىشىچە
ياشارمىش پۈتكىچە ئىنسانلار يۇرتى.
يۈرىكى بىر كىچىك قۇش بولۇپ ئۇچۇپ،
نالە-زار كۈيىنى چىقتى توكۈپلا،
تۆكمەس ئەلەمنى ئالغاندەك قۇچۇپ...
ئادەمنىڭ يۈرىكى كېتەر سىيرىلىپ،
چەكسە ئۇ، زارلىنىپ شۇنداق ئاھ—پىغان.
بەزىدە ھۇشىدىن كېتەتتى بۇ قۇ،
ئېچىنار ھالىغا كورگەن ھەر ئىنسان...
يەنە ئۇ، ھۇشىغا كېلىپ ئاھ ئۇرار،
گايىدا يىغىدەك سوزۇپ ۋە سوزۇپ.
گايىدا گويا جان ئۈزۈۋاتقاندەك
قاخشايتتى بىچارە ئۈزۈپ ۋە ئۈزۈپ...
كۈن ۋە تۈن كورمەيتتى كوزلىرى ئۇيقۇ،
ھامان ئۇ قان رەڭلىك گۈلگە ئىنتىزار.
كوزىنى ئۈزەلمەي گۈلنىڭ ھوسنىدىن
يىغلايتتى قىزىلگۈل شېخىدا زار-زار.
كورەمسەن، ھېلىمۇ باغلار ئىچىدە
سايرايدۇ ئەشۇ قۇش توختىماي پەقەت.
كىم بىلسۇن رەشىققە ئوقۇۋاتقاندۇ
قايغۇ-دەرت ئىچىدە مىڭ قېتىم لەنەت!

5

قويۇلغان بۇلبۇل دەپ ئىسىم قۇشقىمۇ،
كەلمەكتە ئۇ ھامان زارىنى ئوقۇپ.
قىزىلگۈل بېشىدا پەرۋانە كۈن-تۈن،
كۈيلەيدۇ ھەسرەتلىك كۈيىنى توقۇپ.
ئۇنىڭغا بەخشەندە بولغان شۇ تەقدىر،
ئوتەرمىش بىچارە مەڭگۇ ئاھ ئۇرۇپ.
چارە يوق ئاھ، ئوزى تاپقان بالاغا،
كۈلمەيدۇ بىر قېتىم خوشاللىق كورۇپ؟!

6

مەيلى ئۇ، نالە - زار قىلسۇن كۈن ۋە تۈن،
قىزىلگۈل ئىشقىدا باغرى قان بولۇپ.
چۈنكى ئۇ، ئوزىگە ئوزى قىلدى-دە،
ئىچىگە كۈندەشلىك زەھىرى تولۇپ!
بىلەمسەن، ئالەمدە رەشىق ۋە كۈنلەش،
جىمىكى بالانىڭ ياۋۇز ئانىسى!
بولسا بۇ كېسەلگە كىمىكى مۇپتىلا،
بولىدۇ شۇ چوقۇم ھەسرەت بالىسى!
كەل قېنى، بىرلىكتە قازايلى چوڭقۇر
ئەشۇ بىر بالاغا لەنەت قەۋرىسى!
يوقالسۇن سويگۈنىڭ شات زېمىنىدىن
رەشىقنىڭ خىلمۇ-خىل ئېغىر جەۋرىسى!

## خاتىمە

بىلمەيمەن، مەرھۇمە ئانام ئېيتقاندەك،
بۇ بىر پاجىەنى كۈيلەلىدىممۇ؟!
بىلمەيمەن، بۇ كونا زېمىن ئۈستىگە
يېڭى باغ يارىتىپ گۈللەلىدىممۇ؟!...
ئوزىگە ھېچقاچان بەرمىگەن باھا،
ئەقىللىق ناۋايى، ئەقىللىق ھومىر!①
ئەڭ ياخشى مۇئەللىم ئوزەڭ، كىتاپخان،

دەپتىرىم ئالدىڭدا، قويغىن سەن نومۇر!
نومۇرۇم ئاتمىشتىن ئاشالىسىلا،
ئوزەمنى بەختلىك سانايتتىم تولۇق!
بىلمەمەن، ماختالغان ئايدىمۇ داغ بار،
بولسىمۇ كېچىنى يورۇتقان نۇرلۇق!

1981 .5

غۇلجا

---

① قەدىمقى يۇنان شائىرى، «ئېلىيادا» ۋە «ئودىسا» داستانلىرىنىڭ ئاپتورى.



# قىزىل گۈل

(ھېكايە)

ئورازقان ئاقمېتوپ



تەھرىردىن:

قازاق يازغۇچىسى ئورازقان ئاقمېتوپ 1956-يىلدىن باشلاپ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ ئاساسىي ئەمگىكى — ھېكايە ۋە روماندا. ئۇنىڭ «ئۆزگەرگەن دالا» رومانى 1981-يىلى مەملىكەت بويىچە ئېلىپ بېرىلغان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ 31 يىللىق ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى باھالاشتا بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. ئۇ، ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلىرى جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.

مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ قايتا تەكشۈرۈشى نەتىجىسىدە «مەسىلىسى يوق» دەپ ئاقلىنىپ، تۈرمىدىن بوشانغىنىمغا مانا ئۈچ كۈن بولدى. ئەركىنلىك دېگەن بىباھا-دە! ئۇنىڭ قەدرىنى قەپەزگە چۈشكەن قۇشتەك يورۇق دۇنيادىن مەھرۇم بولغان كىشىلەرلا بىلەلەيدۇ. شۇ تاپتا ماڭا ھەممىلا نەرسە ئىللىق كۆرۈنىدۇ. تونۇش-بىلىشلەرنى كۆرگەندە دىلىم يۇمشاپ، ئۇلارنى باغرىمغا باسقىم كېلىدۇ، ھەتتا ئاراز بولۇپ قالغانلار بىلەنمۇ خۇشچىراي ئۇچراشتىم. دۇنيا ماڭا قۇچىغىنى ئاچقاندەك، شەھەر ئىمارەتلىرىدىن تارتىپ، ھەر بىر دەرەخلىرىگىچە مېنى ئىللىق قارشى ئالغاندەك بولاتتى.

بۇ بىرنەچچە كۈندىن بېرى سېغىنىش تاقەتسىزلىكى مېنى چۇلغىۋالدى. شەھەرنىڭ ئىلگىرى ئۆزەم ماڭغان كوچىلىرىنى ئارىلاپ چىقتىم. نىمىشكىدۇ ئارىلىغىنىمنى بىلمەيمەن، نېمىشكىدۇ ئۈنچىقماي ماڭغۇم كېلەتتى.

مانا بىر چاغدا ئوقىغان مەكتىۋىم. ئۇنىڭ چوڭ دەرۋازىسى يەنىلا بۇرۇنقىدەك يوغان ئېچىلىپ مېنى قارشى ئالماقتا. ئەنە سىنىپلارغا بارىدىغان خىش ياتقۇزۇلغان يوللار، يولنىڭ ئىككى قاسنىغىدىكى قىرقىپ تەكشىلەنگەن قارىياغاچلار، بۇرۇنقىدەك ياپ-يېشىل ياش-

ناپ تۇرۇپتۇ. مەن ئەتراپىمغا قارىغىنىمچە قەدەم تاشلايمەن. ئۇچراشقان قىز-يىگىتلەر ئۆز ۋاقتىدىكى ساۋاقداشلىرىمدەك كۆزۈمگە ئىللىق كۆرۈنىدۇ. بەزىلىرى تېخى يۈگرەپ ئالدىمغا كېلىدىغاندەك، ئۇلارنىڭ سېغىنىش ياشلىرى قوللىرىمغا تامچىلىغاندەك بولاتتى. مەكتەپ باغچىسىدىكى ئورۇندۇقلارمۇ بۇرۇنقىدەك تۇرۇپتۇ. شۇ ۋاقىتتىكى كۆچەتلەر بولسا، دەرەخقە ئايلانغان ئىدى. يوپۇرماقلار ئارىسىدىن كۆرۈنگەن ئالا-بېشىل ياغلىقلار، ئۇ يەردىن ئاڭلانغان يېقىملىق ئاۋازلار، تەبەسسۇم كۈلكىلەر تونۇشتەكلا ئىدى. ساۋاقداشلىرىم خىزمەتكە بۆلۈنىدىغان ۋاقىتتىكى يازدا ئولتۇرغان ئورنىدىن گويا ھېلىغىچە تۇرۇپ كەتمىگەندەك ئىدى. ئالدىمدا ئۈمىت ۋە سېغىنىش رىشتىلىرى كۈتۈپ تۇرغاندەك ئىدى. مەن نىمىكىدۇ يېتىشكە ئالدىرىغاندەك قەدەم تاشلاپ كېلەتتىم.

بىراق بۇ مېنىڭ خىيالىملا بولۇپ، ھەممە نەرسە بىردىنلا غايىپ بولدى. مېنى ھېچكىممۇ قارشى ئالمىدى، ئۇچراشقان بەزى ياشلار ئېرەنگسىمەي قاراپلا قوياتتى. بەزىلىرى بولسا، ئۆز ئىشى بىلەن بولۇپ، كۆز قىرىنىمۇ سالمايتتى. مەكتەپنىڭ ھەممە يېرىنى ئارىلاپ چىقتىم. ئىزدىگىنىم تېپىلمىدىغاندەك ئەمەس. ھارغىنلىق مېنى سايىدا ئولتۇرۇپ دەم ئېلىشقا مەجبۇرلىدى. ئۇدۇلۇمدىكى ئاسفالىت مەيداندا بىر توپ ياشلار توپ ئويناۋاتاتتى. ئۇلار خۇددى ئۆز ۋاقتىدىكى ساۋاقداشلىرىمدەك ئىدى. لېكىن، ئۇلار مېنى چاقىرىشمىدى. بۇ چاغدا مەن قاتتىق يالغۇزلۇق ھېس قىلدىم. باياتىن بېرىقى مېنى بۇ تەرەپكە تارتىپ كەلگەن كۆڭلۈم غەشلىككە تولدى.

مەن نىمىنى، كىمنى ئىزلەيمەن؟ ساۋاقداشلىرىمنىمۇ ياكى مەن ئۈچۈن قىممەتلىك بولغان ماقپالنىمۇ؟ ئۇلارنىڭ ھازىر بۇ ئەتراپتا ئۆزلىرى تۇرماق، ئىزىمۇ يوق. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوتتۇرا ياش قۇرامىغا يەتتى. نە-نەلەردە خىزمەت قىلىدۇ. بەزىلىرىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىمۇ نامەلۇم. مېنىڭ ئۇلارنى سېغىنىشىم ياشلىقتىن قالغان كۆڭۈل رىشتىمۇ ياكى ياخشى كۈنلەرنىڭ غۇۋالىشىۋاتقان تەسىرلىرىنى ئىزلىگەنلىكىممۇ؟ بۇنى بىلەلمىدىم. قانداقلا بولمىسۇن، نۇرغۇن خىياللار، نۇرغۇن ئىشلار مېنى چۇلغىۋالدى...

...مەن مۇشۇ باغچىدا ماقپال بىلەن ئەڭ ئاخىرقى نۆۋەت خوشلاشقانىتىم، ئۇ، دەل ھازىرقىدەك ياز مەزگىلى، ئاپ-ئايدىڭ كېچە ئىدى. ئەۋۇ تېرەك تۈۋىدە ئۇزاق سوھبەتلەشكەن ئىدۇق. ئاسماندىكى يۇلتۇزلار بىزنىڭ ئىشلىرىمىزغا گۇۋاچى بولۇپ تۇرغاندەك چاقناپ تۇراتتى.

— ئىككىمىزنىڭ بىر يەرگە تەقسىم قىلىنمىغىمىز تەس بولدى-دە، دېگەن ئىدىم ئېغىر تىنىپ.

— بىز ئۆز غېمىمىزنىلا ئويلىساق قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟ -دەپ ماڭا نازلانغاندەك قارىغان ئىدى ماقپال، -ئۇ چاغدا تەييارغا ھەييار بولۇپ قالمايمىزمۇ؟... جەمئىيەت بىزگە قانداق تەلەپ قويسا شۇنداق ئىشلىشىمىز لازىم، گۈزەل ھايات—ۋەتىنىمىزنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن بارلىقىمىزنى بېغىشلاش... ئەۋلاتلىرىمىز شۇ چاغدا ئەجرىمىزگە تەشەككۈر بىلدۈرسۇن.

كۆڭلۈم يايراپ كەتتى. ماقپالنىڭ ئويى كۆپكۆك ئاسماندەك ھەم بۈيۈك، ھەم گۈزەل ئىدى.

تاڭنىڭ سالقىن ھاۋاسى ئۇنى شۈركەندۈرگەندىن كېيىن، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ:

— مەن سەھەردە ماڭىمەن، بېكەتكىچە ئۇزىتىپ قويارسەن، - دېگەن ئىدى ئۇ.

مەكتەپ دەرۋازىسىدىن چىقىپ مېھمانخا-

لىغىچە مۇشۇ خىياللار بىلەن بولدۇم. خىيالىمدا يەنىلا سىغىنىش، يەنىلا ساۋاقداشلىرىم، يەنىلا ماقپال بار ئىدى...

ماقپال ھازىر يىراقتا. ئۇنىڭ تۇرمۇشقا چىققىنىغا 8_9 يىل بولغانلىقىنى، 2_3 بالىنىڭ ئانىسى بولغانلىقىنى ئاڭلىغان بولسامىمۇ، ئۇنى بىر كۈنمۇ ئەستىن چىقارمىغان ئىدىم. ئېغىر كۈنلەردە جاپا چەككەن ئادەمنىڭ خىيالىغا نىمىلەر كەلمەيدۇ دەيسىز؟ ناھەق ئوتتا كويگەندىن، ئولۈمنىڭ تېچلىقى ئەۋزەل، دىگەن چاغلىرىممۇ بولدى. بۇنداق مىنۇتلاردا قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن «لىپ» قىلىپ يورۇقلۇق شولىسى ئەكس ئەتكەندەك بولاتتى. ئۇ ئۈمىت شولىسى — ماقپال ئىدى. «ئامان بولغىن، تېز كەلگىن» دىگەن ئەشۇ ماقپال كوز ئالدىمغا كەلگەندە، ئاخماقلىق، تەۋەككۈلچىلىكلەردىن ئوزەمنى تارتاتتىم. ئۇنىڭ كۈلۈمسىرىگەن چېھرى قەلبىمگە خوشاللىق ۋە ئۈمىت بېغىشلاپ، بارلىق مۇشكۈلۈمنى ئەستىن كوتىرەتتى. مانا مۇشۇنداق ئوبرازى بىلەن بولسىمۇ، مىنى ئەجەل يولىدىن قايتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئىنسانىنى قانداقلارچە ئۇنتۇپ قالەمەن. مۇشۇ بىر نەچچە كۈندىن بېرى ئۇنى تېخىمۇ سىغىنىدىم، كورگۈم كەلدى... ماقپالنىڭ يولدىشى، باللىرى بار. مەن بارسام قانداق بولار؟ دەپ ئويلىسام، ئىختىيارىمدىن تاشقىرى بىر كۈچ بۇ خىياللىرىمنى يوققا چىقىرىپ، مىنى ئىلگىرى تۈرتىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن مىنى ھىچكىممۇ ئەيىپلىمەس، مەندىن ھىچكىممۇ رەنجىمەس. مىنىڭدە كورۇشۇشتىن باشقا نىمە ئارزۇ بولاتتى، ماقپالنى بىر كورۇپ، ئويلىغانلىرىمنى، دەرتلىرىمنى، سەرگۈزەشتىلىرىمنى سوزلەسەم، ئولۈمدىن قۇتقۇزغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىگە رەخمەت ئېيتسام ئۈستۈمدىن ئېغىر بىر يۈكنى ئېلىۋەتكەندەك يېنىكلەيتتىم...

كېچىچە ئۇيقۇم كەلمىدى؛ كۈلۈمسىرىگەن ماقپال... مىنى چاقىرغاندەك، سىرلىرىمنى ئاڭلىغۇسى كەلگەندەك ئىدى.

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، ئىدارىمىزدىن ئائىلەمگە بېرىپ-كېلىش ئۈچۈن رۇخسەت ئالدىم.

ئۇزۇن يىللار ئايرىلىپ كەتكەن يۇرتۇم، قېرى ئانامنى كورىدىغان بولدۇم. ھايات دىگەن مانا شۇ. شۇ ھايات كېمىسىگە يەنە ئولتۇرۇپ، يىراق قىرغاققا قاراپ كېتىۋاتىمەن. ماقپالنىڭ تۇرۇشلۇق جايى يۇرتۇمغا بارىدىغان يول ئۈستىدە ئىدى. «يول ئۈستىدە بولغاندىن كېيىن كىرىپ ئوتمەيمەنمۇ» دىگەن خىيالغا كەلدىم. ئېرى-بېرى ئويلىنىپ، ئاخىرى يولۇقۇپ ئوتۇشنى لايىق تاپتىم. لېكىن، ئوشتۇمتۇتلا كورۇشۇشنى ئەپسىز كورۇپ، ئىككى كۈندىن كېيىن يولغا چىقىدىغانلىقىم توغرىسىدا ماقپالغا تېلېگىرامما بەردىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ئاز بولسىمۇ، كوڭلۈمنى توختاتتىم. بۈگۈنكى تۈن مەن ئۈچۈن بەكمۇ ئۇزاق بىلىندى. ھېلىمدىن-ھېلى سائەتكە قارايمەن. «سائەت كېيىن قالمىغاندۇ» دەپ شۈبھە بىلەن يۇلتۇزلارغا قاراپ ۋاقىتنى مولچەرلىمەك بولىمەن... مۇشۇنداق ئېيتقۇسىز تۈننى بۇرۇنمۇ بىر قېتىم ئوتكۈزگەن ئىدىم. بۇ دەل «مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى»نىڭ دەسلەپكى بورانلىق يىللىرى ئىدى. ئۇ چاغدا ماقپال خەت يېزىپ مىنى چاقىرتقان ئىدى. مەن سوتسىيالىستىك تەربىيە خىزمىتى بىلەن كېتىپ، ئۇنىڭ بىلەن كورۇشمىگەنگە ئىككى يىلچە بولۇپ قالغان ئىدى. ئەندى تۇرمۇش ئەھۋاللىرىمىز توغرىسىدا ئويلىشىدىغان ۋاقىتلارمۇ كەلگەن ئىدى. مانا ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتكەن تاڭمۇ ئاتتى. ئالدىراپ بېكەتكە ماڭدىم. مىغىلدىغان ئادەملەر ئارىسىدىن ئوتۇپ، مەن چۈشىدىغان ئاپتوۋۇزنى تاپتىم. دەل شۇ چاغدا كىمدۇ بىرى ئىسمىمنى ئاتىغاندەك بولدى. ئىتتىك قارىسام، يەڭلىرىدە

قىزىل بەلگىسى بار ئىككى يىگىت توپنى يېرىپ
يېنىمغا كېپقالغان ئىكەن.
—سەن يولغا چىقمايسەن، قايت!-دېيىشتى
ئىككىسى تەڭلا. مانا كېلىشمەسلىك، مەن ماق-
پالغا يولغا چىقىدىغانلىقىم توغرىسىدا تېلېگە-
رامما ئەۋەتكەن ئەمەسمىدىم، ئۇ مېنى قاتناشتا
ساقلاپ ئاخىرى ئالداپتۇ، دەپ كۆز ياشلىرىنى
سۈرتۈپ ئۆيىگە قايتقاندۇ، بەلكى ئۇ ھازىرىياس-
تۇقنى قۇچاغلاپ ئۈنسىز يىغلاپ ياتقاندۇ، دەپ
ئويلاندىم.
مېنى نىمىشكە تۇتقانلىقىنى بىلمىدىم. قا-
ماقتا پۈتۈن بىر كۈن ئاچ ياتتىم. كەچتە سو-
ۋاققا ئېلىپ چىقتى. ئەنە شۇ چاغدىلا نىمە
ئىش بولغانلىقىنى ئۇقتۇم. ماقپالنىڭ بىر خې-
تىنى ئوتكەن كۈزدە سىرتىيالىستىك تەربىيە-
دىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئالغان ئىدىم.
ئۇز.قتىن بىرى كورۇشەلمەي سېغىنىپ يۈرگىنىم
ئۈچۈنمۇ، كوڭلۇمگە ئالىقانداق شېرىني ھېسسى-
يات كەلدى. بۇنى دەرھال يېزىۋېلىشقا قەغەز
تاپالماي، ئۇنتۇلۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ ئوقۇ-
ۋاتقان قېلىن سىياسى كىتاپنىڭ ئاق بېتىگىلا
يېزىپ قويغان ئىدىم. مانا شۇ كىتاپ ھازىر
ئالدىمدا تۇرىدۇ. ئۇ كىملەرنىڭ قوللىرى ئار-
قىلىق، قانداقلارچە بۇ يەرگە كېلىپ قالغانلى-
غىنى بىلمەيمەن...شۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلار بۇ-
زۇلۇپ تەتۇرىسىگە مېڭىۋەردى. ئۇستۇمدىن باش-
ئايىغى يوق ماتىرىياللار توپلىنىپ ، يېڭى جى-
نايەتلىرىم ئارقا-ئارقىدىن ياقامغا ئېسىلىشقا
باشلىدى. مۇشۇ ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى مېنى ئون-
بەش يىللىق تۈرمىگە تاشلاش بىلەن توختى-
غان ئىدى...
بۈگۈنمۇ شۇ ۋاقىتتىكىدەك ھاياجان بىلەن
تاڭنى كۈتمەكتىمەن. بىراق ئەندى ئۇ چاغدى-
دىكىدەك مېنى سەپەردىن توختىتىدىغان غەيرى ئەھ-
ۋالنىڭ بولمايدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل.

...ماشىنا شەھەردىن چىقىپ، يىراقتىن
كورۇنگەن تاغنى نىشانلاپ ئىلگىرىلىمەكتە. بۇ
يوللاردا مەن كوپ قېتىم ماڭغان. ئوتكەن ئون
نەچچە يىلدىن بىرى بۇ ئەتراپتا ھېچبىر ئوز-
گىرىش يوقتەك ئىدى. شۇنداقتىمۇ ماڭاقىزىقار-
لىق ۋە يېقىملىق بىلىنەتتى. ئىگىز تېرەكلەر،
ياپ-يېشىل ئېتىزلار مېنى قارشى ئالغاندەك قۇ-
چاق ئاچاتتى. تيانشاننىڭ قارلىق چوققىسىدىن
ئورلەۋاتقان ئەتىگەنلىك قۇياش قىپ-قىزىل
بولۇپ چىلۋىلىنەتتى. قۇياش نۇرىغا چومۇلگەن
بۇلۇتلار گۈزەل قىزنىڭ يەلكىسىگە چۈشكەن
قىپ-قىزىل ياغلىقتەك يەلپۈنۈپ تۇراتتى. ئاپ-
توۋۇز ئەينىكىدىن ئەتراپقا قىزىقىپ قارايمەن.
ئېخ! تۇغۇلۇپ ئوسكەن كەڭ دالا، نەقەدەر ئىل-
لىقسەن-ھە!
كەڭ دالىدا كېتىۋاتىمىز، ماشىنا ماڭا
ئاستا ماڭغاندەك بىلىنەتتى. يۈرىكىم ماشىنىدىن
ئىلگىرى ماقپالغا بېرىشقا ئالدىرىغاندەك تىنىم-
سىز سوقاتتى. كۈننىڭ نۇرلىرىدىن تاغنىڭ قار-
لىق چوققىلىرىدىن ماقپال ئەكس ئەتكەندەك
بولاتتى. بەزىدە گىرىمسەن دالادىن ئۇنىڭ ئاق
ياغلىقىنى كورگەندەك، ئېتىزلار ئارىسىدىن ئوت-
كەندە ئۇنىڭ ھاۋارەڭ كوينىكىنىڭ ئېتەكلى-
رىنى چېلىقتۇرغاندەك بولىمەن. بىراق مەن يې-
قىنلىغانسېرى، ئۇ مەنزىرىلەر يىراقلاپ كەتتى. يە-
نىلا شۇ ئۈمىت، شۇ ئارزۇ. ئون ئىككى يىل،
بۇ ئاز ۋاقىت ئەمەس. بەلكىم ئۇ، ئوزگىرىپ
كەتكەندۇ، ئاق يۈزلىرىنى قورۇق باسقاندۇ.ياق،
مۇنداق تەسەۋۋۇر قىلىش ياخشى ئەمەس. ئۇنى
قېرىدى دېيىشكە قانداقمۇ ئاغزىم بارسۇن. ماق-
پالنى ئوزگەرگەن ھالەتتە كوز ئالدىمغا كەل-
تۈرەلمەيمەن، زىلۋا بويلۇق، ئاق يۈزلۈك قىز
كوز ئالدىمدا تارتىنغان ھالەتتە تۇرۇپتۇ. مەن
ئۇ چاغلاردىكىدىن ئوزگىرىپ — قېرىپ كەتتىم.
چېكە چاچلىرىمنى ئاق ئارىلىدى، ماقپال تونۇ-

ماي قالار. ياق، ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.
ئۇ مېنى كوزى بىلەن ئەمەس، قەلبىدە تونى-
ۋالدى! شۇبھىسىز شۇنداق ئويلايمەن. بىر شېرىن
ئىستەك مېنى ھوزۇرلاندۇردى. مانا شۇ ئىستەك-
لىرىمدىن مەھرۇم بولۇپ قېلىشتىن قورققاندەك
كوزۇمنى چىڭ يۇمۇۋالدىم...

ئالدىمدىن ئالدىراش ماقپال چىقتى:

—سېنى تىرىك كورىمەن دەپ ئويلىمى-
غان ئىدىم،-ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ كوزلىرىدىن
ياش ئەگىدى. ئۇنىڭ ياشقا تولغان كوزلىرىدە
مېنىڭ سۇرىتىم تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ باللىرى نىمە
دىگەن سويۇملۇك، ئۇلار يىراقتىن قېرىنداشلى-
رى كەلگەندەك ئالدىمغا يۇگرەپ چىقتى. ئۇ-
نىڭ ئېرىمۇ مېنى ئوچۇق چىراي قارشى ئې-
لىپ:

—ھە، سىلەر ساۋاقداش ھەم يۇرتداش
ئىكەنسىلەرغۇ، ياخشى. ئولمىگەن دىدارلىشىدۇ
دىگەن مۇشۇ. ئەڭ قىممەتلىك نەرسە ھاياتە-
لىق،-دىدى. مەن ماقپالنىڭ ئېرىدىنمۇ رازى
بولدۇم. ھېچنەرسىگە رەنجىشىم يوق. ماقپالنىڭ
بەختى مېنىڭ خوشاللىغىم...

بەلكى ماقپالمۇ شۇ كېچىنى ماڭا ئوخشاش
ئۇيقۇسىز ئوتكۇزۇپ، ئېھتىمال ئۇ پەرىشانلىقتا
قويغان-تۇتقان نەرسىسىنى بىلمەي قالغاندۇ.
ئەشۇ ئىللىق ياشلىق چاغلار زىلۋالىغىنى ئۇز
گەرتمەي ئۇنىڭ كوز ئالدىدىن ئوتكەندۇ. بۇ
خىياللار ئۇنىڭغا ھەم راھەت، ھەم ئازاپ بې-
غىشلىغاندۇ. بىردەم كۇلۇمسىرەپ، بىردەم ئۇنسىز
سىز ياش توككەندۇر. دېرىزىگە قاراپ ئاقى-
رىپ كېلىۋاتقان تاڭنى كۇتكەندۇ...

مۇشۇنداق بولاقتەك شىلدىرلاپ ئاققان خىيال
دولقۇنلىرىم ئىچىدە ماقپال تۇرغان ناھىيە بازىرىغا
يېتىپ كەلگىنىمنى سەزمەي قاپتىمەن. قاتناش
دەرۋازىسىدىن سۇرئىتىنى پەسەيتىپ كىرگەن ئاپتو-
ۋۇزنىڭ ئەتراپى بىردەمدىلا كىشىلەر قايىنىمىغا
ئايلاندى. ماڭا ماقپالمۇ ئەشۇ ئادەملەر ئىچىدە
تۇرغاندەك، ئۇ مېنىڭ ئاپتوۋۇزدىن چۇشۇشىمگە
تاقەت قىلالماي مېنى چاقىرغاندەك بىلىندى.
بەدەنلىرىم بوشاپ ئايىغىمدا جان قالمىغاندەك
بولۇپ، ئاپتوۋۇز ئىشىگىدە تۇرۇپ قالدىم. ئار-
قامدىن كىمدۇ بىرسىنىڭ:

—ماڭمامسەن!- دىگەن رەنجىگەنلىك ئاۋا-
زى چىقىپ دولامدىن ئىتتىردۇەتكەندە ماشىنى-
دىن تىك موللاق چۇشكىلى تاس قالدىم-دە،سە-
ن تۇرۇلۇپ بېرىپ ئادەملەر توپى ئىچىگە كىرىپ
كەتتىم. توپ ئىچىدە بىر-بىرسىنى چاقىرىۋاتقانلار،
قۇچاقلىشىپ كورۇشۇۋاتقانلار كوپ ئىدى.
مېنى ھېچكىم چاقىرمىدى. مەس ئادەمدەك قې-
قىلىپ-سوقۇلۇپ بىر چەتكە چىقتىم. پىشانەمدى-
كى تەرلىرىمنى سۇرتتۇم. بىر ئاز دېمىمنى ئې-
لىۋالغاندىن كېيىن، كىشىلەردىن ماقپال ئىشلەي-
دىغان مەكتەپنى سوراۋېلىپ، شۇ تەرەپكە ماڭ-
دىم. كۇن پېشىندىن ئوتكەن بولسىمۇ، كويۇك
ئىسسىق ئىدى. دەرەخلەر سايىسى بىلەن كېتى-
ۋاتىمەن، ئادەملەر شالاڭ ئىدى. ئادەتتە مۇن-
داق كىچىك ناھىيە بازارلىرىدا يىغىم-تېرىم
ۋاقىتلىرى ئادەم ئازىيىپ قالاتتى. لېكىن ماقپال
ئوقۇتقۇچى-دە، ئۇنىڭ مۇنداق ئىشلارغا بارماس-
لىقى مۇمكىن ئىدى...

ماقپال ئىشلەۋاتقان مەكتەپكىمۇ يېتىپ
كەلدىم. سوۋادانلار ئارىسىغا جايلاشقان بىر
قەۋەتلىك ئىمارەتلەرنىڭ دەرۋازىسى ئوچۇق
ئىدى. كانىكول بولغاچقا مەكتەپتە ھېچكىم كو-
رۇنمەيتتى. بولۇملەر قۇلۇپلاغلىق ئىدى. مەك-
تەپ مەيدانىنى توغرىسىغا كېسىپ ئوتۇپ، ئۇچ-
راشقان بىرسىدىن ماقپالنىڭ ئويىنى سورىماق
بولدۇم... تۇرۇپلا قەيەردىندۇ ماقپال چىقىپ قا-
لىدىغاندەك ئىشىكلەرگە، دېرىزىلەرگە قارايمەن.

مەكتەپ مەيدانىنىڭ بىر چېتىدىكى بوشلۇقتا ئۇستۇرۇلگەن گۈللەر رەڭمۇ-رەڭ ئېچىلىپ تۇرۇپتۇ. بىر چاغلاردا ماقپال بىلەن دەل مۇشۇنداق گۈللەر ئېچىلغان باغچىدا بىللە بولغان ئىدىم.

—نېمە دېگەن چىرايلىق گۈللەر-ھە؟ - دېگەن ئىدى ئۇ، گۈللەرگە زوقلىنىپ قاراپ. مەن ئىككى تال قىزىل گۈلنى ئۈزۈپ بەرگىنىمدە، ئۇ چېچىمغا قىستۇرىلىپ:

—قارىغىنە، يارىشىپتىمۇ!-دېگەن ئىدى.

بۇ بىزنىڭ ياشلىقىمىزدىكى ئانچىمۇ چوڭ ئىش ئەمەس ئىدى. شۇنداقتىمۇ بۇ ئىش ئېسىمغا كېلىپ، كۆڭلۈم بىئارام بولدى. مەن گۈللۈككە بېرىپ ئىككى تال قىزىل گۈلنى ئۈزۈۋالدىم. بۇ گۈللەرمۇ مېنىڭ ياشلىق چاغلىرىمنىڭ بەلگىسىدەك ئىللىق ۋە يېقىملىق سېزىلەتتى.

مەكتەپنىڭ كەينى تەرىپىدىكى پاكار تاملاردا كىچىك ئىشىكلەر بار ئىدى. بۇ ئائىلىلىكلەر قوراسى ئىدى. بىر ئىشىكتىن بېشىمنى تىقىپ ئۈزۈم بارىڭى ئاستىدا ئىش تىكىپ ئولتۇرغان بىر ئايالدىن:

—ماقپالنىڭ ئۆيى مۇشۇ ئەتراپتىمىدۇ؟- دەپ سورىدىم. ئۇ ئايال بېشىنى سەل بۇراپ ئېشىنى قىلمۇۋەرگىنىچە:

—توۋەنلەپ ماڭغاندا ئۈچىنچى ئىشىك،- دېدى. مەن ئايال كۆرسەتكەن تەرەپكە مېڭىپ ئىشىكنى قىيا ئېچىپ قارىدىم. ھېچكىم كۆرۈنمىسىمۇ، يۇرىكىم دوپپۇلداپ كېتىۋاتاتتى. پاكىز ھويلىغا سايە تاشلاپ تۇرغان ئۈزۈم بارىڭى بەكمۇ ياراشقان ئىدى. «ماقپال تۇرمۇشقا سەرەمجان بوپتۇ-دە» دەپ ھوزۇرلاندىم. ئۇ، ئۇيىدە ھازىر كىتاب ئوقۇۋاتقاندۇ ياكى ئىش تىكىۋاتقاندۇ. مېنىڭ كىرىپ كەلگىنىمنى سەزمەي سەل تىڭىرقاپ قېلىپ، ئاندىن خوشاللىقىدا ۋاقىراۋېتىدىغان بولدى-دە...

ئىشىككە يېقىنلىغانسېرى ئۆيدىن كۆتۈرلىگەن ئادەم ئاۋازى ئاڭلاندى. ئەندى تاقىتىم تاق بولدى. ئىشىكنى غاچچىدە ئېچىپ كىردىم. سۇپا ئۈستىدە ئويناپ تۇرغان ئىككى بالا تۇيۇقسىز كىرگەن يات ئادەمگە چوچۇپ قاراشتى. مېنىڭ كوزۇم بالىلارغا چۈشمەي ماقپالنى ئىزلەيتتى. بىراق ئۇ يوق ئىدى، ھەممە ئۆيلەرنىڭ ئىشىكى ئوچۇق بولسىمۇ، بۇ بالىلاردىن باشقا ھېچكىم كورۇنمەيتتى. مەن كەلگەندە ماقپالنىڭ ئۆيدە بولمىغانلىقىغا ئىشەنگىم كەلمەيتتى.

—قىزچاق بۇ كىمنىڭ ئۆيى؟-دەپ سورىدىم 7_8 ياشلاردىكى ئاق-سېرىق قىزدىن. باشقا بىر ئۆيگە كىرىپ قالمىغاندىمەن دەپ خۇدۇكسىنىپ.

—قايدارنىڭ.

يېڭىلىشاپتىمەن. بۇ ماقپالنىڭ ئۆيى ئىدى. يولدىشىنىڭ ئىسمى قايدار بولۇپ، ئۇنىڭ ناھىيىلىك مالدوختۇرخانىدا ئىشلەيدىغانلىقىنى ئاڭلىغانىتىم. بالىلارغا يېقىنلاپ بېرىپ، سۇپىنىڭ چېتىدە ئولتۇردىم-دە، قىزچاقتىن يەنە سورىدىم.

—ئاتا-ئاناڭ نەگە كەتتى؟

—دادام تاققا، ئاپام تويغا كەتتى.

«تويغا» دېگىنىگە ھەيران بولۇپ، بالىلارنىڭ چىرايىغا قاراپ قالدىم. «تېلېگراممىنى ئالمىدىمىكىنە؟ ياكى ئادرېس خاتا بولدىمۇ؟ مۇمكىن ئەمەس. تېلېگراممىنىڭ ھەربىر سوزى ئېسىمدە. ئەجەپ ئىش ھە، كېلىدىغىنىمنى بىلىپ تۇرۇپ تويغا كەتكىنى نېمىسى؟... كىم بىلىدۇ، ئۇ ئۆيدە كۈتۈپ تۇرۇشقا تاقەت قىلالماي بېكەتكە كەتكەنمىدۇ، «تويغا بارد-

مەن» دېگىنى بالىلارنى ئالداشـقۇ، ماقپالنىڭ
كوز ئالدىدا مېـنىڭ ياش ۋاقتىمدىكى ھالىتىم
بار، ھازىرقىدەك جۇدەڭ ياشانغان ئادەمنى تو-
نۇيالمايدۇ-دە، ئەلۋەتتە... ئۇ ھـازىـر كېلىدۇ.
ھەممىنى سوزلەيدۇ...» مەن ئوزەمچە كۇلۇۋېتە-
ربدىم. كوڭلۇم يايرىغاندەك بولدى. ئەندى مەن-
دىن ياتسىراپ تۇرغان، يېقىن ئادىمىمنىڭ با-
لىلىرى بىلەن پاراڭلاشقىم كەلدى.

—ئىسمىڭلار نىمە؟

—مېنىڭ ئىسمىم گۇلسۇم، ئۇكامنىڭ ئىسـ-
مى جومارت،-دەپ جاۋاپ بەردى قىـزچـاق تې-
تىكلىك بىلەن.

—ئىسمىڭلار ياخشىكەن، كېلىڭلار، سىلەرنى
كەمپىت بىلەن مېھمان قـىـلاي،-دېـدىـم.
ئۇلار خـوشـال تـەلپۈنۈپ قولۇمدىن كـەمـ-
پىتنى ئالدى.

—ئاكا، سىز يىراقتىن كەلگەن ئوخشايـ-
سىز؟-دېدى گۇلسۇم قەغىزىنى ئاجراتقان كەمـ-
پىتنى ئىنىسىغا بېرىپ.

—ھە، ئۇنى قانداق بىلدىڭ؟

—چىرايىڭىزدىن بىلدىم، يىراقتىن كەلـ-
گەن ئادەم ھارغاندەك بولىدۇ. دادامۇ تاغدىن
كەلگەندە شۇنداق بولاتتى،-دېدى. ئۇماق قىز-
چاقنىڭ بۇ سوزلىرى مېنى ھـوزۇرلانـدۇردى.
ئامراقلىق بىلەن باشلىرىنى سىلاپ، قولۇمـدىكى
قىزىل گۇلنى چېچىغا قىستۇرۇپ قويدۇم. گۇلـ-
سۇم چاچلىرىنى تۇتۇپ كۇلۇمسىرىدى. جومارتـ-
مۇ ھەۋەس بىلەن قارايتتى. گۇلسۇم ماڭا بار-
غانسېرى يېقىنلىق كورۇندى. ئۇنىڭ ئاق-سېـ-
رىقلىقىـ بولمىسا، قارا كوزلىرى، قاڭشالـىـق
بۇرنى ماقپالغا ئوخشايتتى، ئۇنىڭ ماقپالدەك
چىگەرلىك بولىدىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. گۇلـ-
سۇم مېنىڭ ئويلاۋاتقانلىرىمنى بىلگەندەك خىـ-
يالىمدا يوق بىر سوزنى ئېيتتى.

—ئاكا، يۇقۇرى ئوتۇپ ئولتـۇرۇڭ، مەن
چاي قايناتقىچە دەم ئېلىڭ،-دېدى.

—رەخمەت، قـىـزىـم، ئوسساپمۇ كەتـ-
مىدىم، ئاۋارە بولما،-دەپ ئۇنـىڭ سوزلىرىگە
كۇلۇپ قويدۇم. دەل شۇ چاغدا سىرتتىن ئاياق
تىۋىشى ئاڭلاندى.

—ئاپام كەلدى!-دەپ ھاياجانلانغان گۇلـ-
سۇم سىرتقا ماڭدى. ئەندىلا تەمتىلەپ ماڭغان
جومارتمۇ سۇپىدىن سىيرىلىپ چۇشۇپ ئەگەشتى.
مەن ئېغىر مىنۇتلارنى كۇتۇپ تۇرغان كىشىدەك
تىنىپ ئولتۇرۇۋەردىم.

باللارنىڭ چىقىشى بىلەن تەڭ بىر ئايالـ-
نىڭ:

—ھوي بەغەرەزلەر، تالانىڭ ئىشىگـىنـى
نىمىشكە ئوچۇق قويۇشتۇڭ! خەقنىڭ قويى كىـ-
رىۋاپتۇغۇ، كوچەتلەرنى غاجاپ كەتمەمدۇ؟-دې-
گەن ئاۋازى بىلەن گۇلسۇمنىڭ چىقىرىغان ئۇنى
ئاڭلاندى. «ئۇردى-ھە. ئىشكنى مەن ياپـمـاي
كەپتىمەن-دە» دەپ ئەپسۇسلاندىم. شۇ ئارىلىقتا
ئوينىڭ ئىشىگى ئېچىلغىنىنى سەزمەيتـمـەن...
ئالدىمدا ماقپال تۇراتتى، بىلمىدىم خوشاللىقتىنمۇ،
ئەيمەنگەنلىگىـمـنىمۇ ئەيتاۋۇر بويۇم شۇركـە-
نىپ بىر يالقۇن ئىچىدە قالغانـدەك بولدۇم.
نەپىسىم قىسىلىپ، سوغ تەر باسقاندەك بولدۇم.
بىر نەچچە تەمشىلىپ ئورنۇمدىن ئاران تۇردۇم.
ئاغزىمغا سوز كەلمەيتتى.

—ماقپال، قانداق ئەھۋالىڭ، سالامەتـمـۇ-
سەن؟-دېدىم بەزگەكتەك تىترەپ كېتىۋاتـقـان
بەدىنىمنى چىڭ تۇتقاندەك بولۇپ.

—ياخشى!-دېدى ماقپال كوڭۇلسىـز ھـەم
ئېرەڭشىمەسلىك بىلەن ماڭا تۇزۇككىنە قاراد-
ماي. ئۇ تېخىچىلا باللارغا چېچىلىپ سوزلەيت-
تى،-ھويلىغا قوي كىرگۇزۇۋەتكىنىنى قارا.

ماقپالنىڭ مۇنداق قارشى ئالدىغانلىغىنى

كۇتمىگەن ئىدىم، كىمدۇ بىرسى بېشىمغا ئۇرۇ-
ۋەتكەندەك ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن:
—ماقپال، مېنى تونىمىدىڭمۇ؟-دىدىم رەن-
جىش بىلەن.
—نىمىشكە تونىماي، تونىدىم، مۇنۇ ئوي-
نىڭ ھەلەكچىلىكى ئامانلىشىشقا يار بەرمەي-
ۋاتمامدۇ.
كوڭلۇم قايتا ئورنىغا چۇشتى. ئولتۇرۇپ
ماقپالغا سىنچىلاپ قارىدىم. ئۇنىڭ ياشلىق
ۋاقتىدىكى چىرايى مېنىڭ ئويلىغىنىمدەك ئوز-
گىرىپ كەتمەپتۇ. ئەتىگەنكى شەپەقتەك قىزىل
نۇر ئۇرغۇپ تۇرغان چىرايى ئاۋالقىدەكلا ئىدى.
دوپ-دوگىلەك تولغان يۇزى ھازىر جۇدەپ سو-
زۇلۇپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ بۇگوزەل چىرايىنى
بۇزۇشقا قىيىمغاندەك قورۇقلارمۇ ئانچە چۇش-
مەپتۇ. قويۇق قارا چاچلىرىمۇ بۇرۇنقىدەك ئىدى.
قىسقىسى، ماڭا تونۇش ماقپالنىڭ بارلىق بەل-
گىسى چىقىپ تۇراتتى. بىراق مەن قانچە ئىز-
لەپمۇ ماقپالنىڭ قارا كوزلىرىدىن ئوز ۋاقتى-
دىكى ئادەمگە يېقىملىق سېزىلىدىغان چاقناپ
تۇرغان ئۇچقۇننى كورەلمىدىم. ئۇنىڭ ئورنىدا
ئەتراپىدىكى ھەممە نەرسىگە يىرگىنىچ ۋە ئاچ-
چىغى بىلەن قارىغان كىنىدۇ كورسىتىپ تۇ-
راتتى. ماقپال ئوينى سۇپۇرۇپ تۇرۇپ كوتۇل-
داشقا باشلىدى.
—قارىمامدىغان،ھەممە يەرنى بۇلغاۋەتكى-
نىنى.
مېنىڭ ئۇزاقتىن بېرى ئويلىغان ئاجا-
يىپ ئويلىرىم، ئېيتماقچى بولغان سوزلىرىدىم
ئۇركىگەن قۇشلاردەك يىتىراپ كەتتى. كوڭلۇم
بۇلۇت قاپلىغاندەك غەشلىككە تولدى.
—ماقپال!-دىدىم ئۇلۇق-كىچىپ تىنىپ،-مېنىڭ
تېلېگراممامنى ئالغانمىدىڭ؟
—ئالدىم،-ئۇ پەرۋاسىزلا جاۋاپ بەردى،-
بۇ يەرگە بىرەر خىزمەت بىلەن كەلگەنمىدىڭ؟
تېلېگراممىنى قىسقىغىنە قىلىپ، پالانى
كۇنى بارىمەن دەپلا يازغان ئىدىم. ئېھتىمال،
ئۇ مېنى، باشقا بىر ئىش ئۇچۇن كېلىدىغان
ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالغان بولسا كېرەك...
—باشقا ئىشىم يوق، پەقەت سېنى كور-
رۇپ كېتەي دەپلا كەلگەن ئىدىم،-دىدىم ئاۋا-
زىمنى كوتىرىپ.
—ئوبدان بوپتۇ. كورۇشمىگىنىمىزگە ئۇ-
زۇن يىل بولدى ئەمەسمۇ.
ئۇ بۇ سوزلەرنى ھېچقانداق تەنتىرىمەي،
ئېرەڭشىمەيلا ئېيتتى، ئوينىمۇ سۇپۇرۇپ بولدى.
مېنىڭ كوڭلۇم تېخىچە پاراكەندە ئىدى.
—ئولتۇرغىنە،-دەپ ئوتتۇندۇم ئۇنىڭدىن،-
بىر ئاز پاراڭلىشايلى، ئوزەڭنىڭ ئەھۋالى قان-
داق؟ ئوبدان تۇرۇۋاتقانسەن؟
ماقپال بۇ سوزلىرىمگە پىسەنتمۇ قىلماي،
يېنىمغا كېلىپ ئولتۇردى-دە، يېقىمسىز بىر ئا-
ۋاز بىلەن توختىماي سوزلەپ كەتتى.
—قايسى بىرىنى ئېيتاي. ھەممىسى جايىدا،
مەن شۇ بۇرۇنقىدەك ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتى-
مەن. يولدىشىم مالدوختۇر ... ئويىدە تۇر-
مايدۇ. ھە دىسىلا فېرمىلارغا چىقىپ كېتىدۇ.
ئوينىڭ ھەممە ئېغىرچىلىقى مېنىڭ ئۇستۇمدە.
ماقپال ئوز ئائىلىسىنىڭ ئەھۋالى قانداق
بولسا شۇ پېتىچە ئېيتقانلىقىغا بىر ئاز ئوڭاي-
سىزلاندىم.
—ئۇ جەممىيەتنىڭ ئېھتىياجىغۇ،-دىدىم.
ئۇنىڭ بىر چاغلاردىكى ئوز سوزىنى ئېسىمگە
ئېلىپ،-خەلق ئۇچۇن تەر توكۇش ھەممىمىز-
نىڭ بۇرچى. ئۇنى سوزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ نىمە
ھاجىتى؟
ماقپال سوزلىرىمنى ياراتمىغاندەك قاپىقى-
نى سۇزۇپ قويدى. ئۇ ئوز ۋاقتىدىكى پىكىر-

لىرىنى، سۆزلىرىنى ئاللىقاچان ئېسىدىن چى-
قارغاندەك ئىدى. ئۇ مېنىڭ سۆزۈمگە نارازى
بولۇپ:

—ئاكتىپلىقىڭمۇ يولى بار-دە. ئۇ، ئو-
رۇنسىز يۈگرەيدۇ...،-دېدى. ماقپالنىڭ سۆزى
بارغانسېرى قۇلىقىمغا يېقىمسىز ئاڭلاندى. بىر
چاغلاردا ئوخشىشىپ كېتىدىغان كۆز قاراشلىرى-
مىز ئەندىلىكتە ئۆزىمىزدەك يىراقلاپ كەتكەن
ئىدى. مەن ئەسلىدىكى ماقپالنى تاپالمايدىغان-
لىقىمنى ھېس قىلدىم. «مەن ئىسمى-جىسمى
ئوخشاش غەيرى بىر ئايال بىلەن سۆزلىشىۋات-
قاندىمەن؟!» ماقپال مەن بىلەن كۆرۈشكەن-
دە، خوشاللىمۇ بولمىدى. ھەتتا ئەھۋالىمنى سو-
راپمۇ قويمىدى. ئۇ ماڭا مەن ئون نەچچە يىل
كۆرۈشمىگەن، ياشلىق چاغلاردىكى بىر-بىرسى-
دىن ئايرىلغىسى كەلمەيدىغان ئادىمى بىلەن
كۆرۈشكەندەك ئەمەس، بەلكى ھەر كۈنى كو-
رۇپلا يۈرگەن مۇناسىۋەتسىز كىشىلەرگە قارى-
غاندەك پەرۋاسىزلا كۆز تاشلايتتى. ئۇ ئارى-
مىزدىكى ھاياجانلىق سۆزلەرنى، سۆزۈلۈۋاتقان
ياز تېڭىنىڭ ھەممىسىنى ئاللىقاچان ئۇنۇتقان
ئىدى.

—ماقپال،-دېدىم مەن ئۇنىڭ چىرايىغا
تىكىلىپ،-سەن راستىنلا ھەممىنى ئۇنتۇدىڭمۇ؟!

بۇ سۆزنى دېگىنىمدە ئۇ قاتتىق كۈل-
دى، ھەتتا كۆزىدىن ياش چىقىپ كەتتى.

—ھوي، سەن تېخىچە بالىكەنسەن-دە،-دې-
دى ئۇ كۆزلىرىدىكى ياشنى سۈرتۈپ،-ئۇنتۇل-
مايدىغان نېمە بار دەيسەن. بالىلىق—ئەخمەق-
لىقنى، ئەڭ ياخشىسى — ئۇنتۇش.

يۈرىكىمنى بىرسى قاشاڭ پىچاق بىلەن
پارە-پارە قىلىۋەتكەندەك قىينالدىم. كۆزلىرىم
قاراڭغۇلاشتى. ماقپالمۇ بىر تۈرلۈك ئۆزگەرگەن-
دەك، كۆزلىرى ئالىيىپ، يۈزلىرى تارتىشقاندەك

بولدى. مېنىڭ ئۈچۈن ئۇ غەيرى ئادەم ئىدى.
مەن ئۈچۈن ئەندى ئولتۇرۇش، پاراڭلىشىش
ئەھمىيەتسىز ئىدى.

—خوپ، مەن كېتەي،-دەپ ئورنۇمدىن تۇر-
دۇم.

—نىمىگە ئالدىرايسەن، چاي ئىچ!،-دېدى
ئۇ.

—ياق، كېتەي، خوش!

—ئىشلىرىڭ ئالدىراشمىدى؟ سەنمۇ قاي-
داردەك ئالدىراپلا يۈرىدىغان بوپسەن-دە. مەيلى،
ۋاقتىڭ يەتكەندە كېلەرسەن،-دېگەن بۇ سۆز-
لەر ئۇنىڭ ئاغزىدىن بىمالال چىقاتتى. شۇ
تۇرقىدا مېنىڭ كېلىشىم، كېتىشىم ئۇنىڭ ئۈچۈن
ھېچقانداق ئەھمىيەتكە ئىگە ئەمەس ئىدى.

—خوش!،-دېدىم يەنە قايتا قول ئۇزۇتۇپ.

—سەنمۇ ئامان بول،-دېگىنىچە ئۇ ھەم
خوش-ياقماسلىق بىلەن قولىنى سۇندى. مەن
ئۇنىڭ يۇمشاق ۋە سوغ ئالقانلىرىنى قىستىم-
دە، تالاغا بۇرالدىم.

شۇ تۇرقىدا ماقپال بىلەن ئەمەس، ياش-
لىق چاغلىرىم بىلەن خوشلاشقاندەك بولدۇم.

—گۈلسۈم، ئاكاڭنى ئۇزۇتۇپ قوي،-دې-
گەن ماقپالنىڭ ئاۋازى قۇلىقىمغا سوغ ئاڭلان-
دى. كەلگىنىمگە ئەپسۇسلاندىم. بۇ ئويدىن
قانداقتۇ قىممەت باھالىق—تەڭداشسىز نەرسە-
نى يوقاتقاندەك بىئارام بولۇپ چىقتىم. بىر ئاچ-
چىق ئوكسۇش نەپەسلىرىمنى بوغاتتى. ئەندى
مېنىڭ كۆز ئالدىمدا خۇشچىراي، ياش ماق-
پال قايتا ئەكس ئېتەرمۇ؟... ياخشى ئويلار قاي-
تىپ كېلەرمۇ... ئەتراپىمغا قارىمايلا دەرۋازىدىن
چىقتىم.

—خوش ئەمىسە، ئاكا.

مەن بۇرۇلۇپ قارىسام، دەرۋازىنىڭ ئالدى-
دا گۈلسۈم قول پۇلاڭلىتىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ
چېچىدا مەن قىسىپ قويغان ئىككى تال قىزىل

گۈل چاقنايتتى. ئۇ ئۆزىمۇ قىزىل گۈلدەك چىرايى بىلەن تەبەسسۇم قىلاتتى. ئۇنىڭ شۇ تۇرقى ماڭا گويا يىراقتا غۇۋالىشىپ تۇرغان بىر قىياپەتنى ئەكس ئەتتۇرەتتى. ئۇ دەل مۇشۇنداق بارلىق نەرسىلەرگە ئۈمىتۋار قارايدىغان، مېھرىلىك بالا—ماقپال ئىدى. كوڭلۇم بىر ئاز ئېچىلغاندەك بولدى. گۈلسۈم ئەگەر شۇنداقلا تۇرسا، مېنىڭ خىيالىمدىكى بارلىق تەسەۋۋۇرلار ئۇچمەيدىغاندەك ئىدى.

...ئادەمنىڭ كوڭلى ئەزىم دەريا بولۇپ، ئۇنىڭغا ھەممە نەرسە سىغىدۇ. ھازىر مېنىڭ كوڭلۇمدە خوشاللىقمۇ، ھەسرەتمۇ، ماقپالمۇ، گۈلسۈممۇ بار. ئاق چاچلىق ئانامۇ، تۇغۇلغان يۇرتۇممۇ ئېسىمدىن چىققىنى يوق. بۇلارنىڭ ھەممىسىگىلا قەلب تورىدىن ئورۇن ھەم يالقۇنلۇق مۇھەببەت تېپىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن شاتلىنىمەن. ئويلىسام، ياشلىق باھارىمنى يوقاتقىنىم بىلەن يارقىن ئۈمىتلىرىم، مۇھەببىتىم، باھار گۈللىرىدەك ھامان جىلۋىلىنىپ تۇرىدۇ. ھەممە نەرسىنى بۇنداق سۆيۈملۈك، ئىللىق كورسەتكەن يۈرەكنىڭ ھارارىتى ئىكەن. مۇشۇنداق يارقىن مۇھەببىتىم بولغاچقا ئورۇندالمىغان ئارزۇلىرىمنى ئورۇنداپ ۋەتەن ئالدىدىكى بۇرچۇمنى ئادا قىلالايمەن دەپ ئويلايمەن. بۇ يۈرەك جۇشقۇنۇمنى ساقلاپ قېلىشىمغا سەۋەبچى بولغان ماقپالغا تەشەككۈر ئېيتماي بولارمۇ؟

ماقپال ئۈچۈن قايغۇرىمەن. ئۇ، ياش چىرايىنى ساقلىغىنى بىلەن، گۈزەل غايە، جۇشقۇن ئىرادە، ئەجايىب تىلەكتىن ئېزىپ قاپتۇ. ئۆز بالىسىغا، يارىغا ھەتتا تۇنجى مۇھەببىتىگە تەسىرلەنگىدەك ھېسسىيات ئۇنىڭ قەلبىدە قالماپتۇ-ھە؟! بۇلارنى بەلكىم، ئاپەتلىك يىللار ماقپالدىن تارتىۋالغان بولسا كېرەك...

مېنىڭ ئەندىكى ئۈمىدىم گۈلسۈمدە. ئۇ باھار پەسلىدە بۇ ياخشى دەۋردە ھېچنەرسىنى يوقاتماسلىقى، ئۇنتۇماسلىقى مۇمكىن. مەن يىراقلاپ كېتىۋاتىمەن. گۈلسۈم دەرۋازا ئالدىدا تېخىچە تۇرۇپتۇ. ئۇ مېنىڭ كوزۇمگە قىپ-قىزىل بىر دەستە گۈلدەك ئەكس ئېتەتتى.

(قازاقچە «شىنجاڭ ئەدەبىياتى»نىڭ 1980-يىل 12-سانىدىن، مومىن مۇھەممەدى تەرجىمىسى)

(بېشى 55-بەتتە)

كورگەن ئەسمەتۇللا تۇنۇگۈنكى ئىشنى ئېسىگە ئالدى: تۇنۇگۈن ئەتىگەن، چەتئەللىك دوستلارنىڭ ئالغان بەيگە ئاتلىرىنى ئېلىپ كېتىشكە تەخمۇ-تەخ قىلىپ قويۇش بەلگىلەندى، ئەسمەتۇللامۇ قارار بويىچە ئۆزىنىڭ ئېتىنى تەشكىلگە ئۆتكۈزۈشى لازىم ئىدى. ئۇ، ئايازنىڭ ئاقكوڭۇللۇك بىلەن ئېيتقان دوستانە سوزلىرىگە قىلچە قۇلاق سالماي، ئېتىنىڭ ئۈستىدىكى مۇنۇ قىممەتباھالىق ئېگەر-جابدۇقلىرى بىلەنلا تاشلاپ بېرىپ قېيىداپ كېتىپ قالغىنىچە كەلمىدى، ئۇنىڭدىن كېيىن نىمە ئىشلار بولدى، ئەسمەتۇللانىڭ خەۋىرى يوق. مانا بۇگۈن بەيگە ئاتلىرىنى ئېلىپ كەتتى، لېكىن ئۆز ئېگەر-جابدۇقى توقۇلغان مۇنۇ «تېۋىلغاتورۇ»نى ئاياز مانا ئەندى ئۇنىڭ ئىشىك ئالدىغا باغلاپ قويۇپتۇ ...بايا بۇ ئات توغرىلىق بىرنەرسە دېمىگەنىغۇ، قارا بۇ ئايازنىڭ ئىچىنىڭ كۈچلۈكلۈگىنى؟!... ئاتنىڭ قاتتىق كىشنىشى ئەسمەتۇللانىڭ خىيالىنى بولدى ۋە بىردىنلا ئايازنىڭ: «بەيگە ئاتسىز قالمايسەن!...» دىگەن سوزلىرى ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلىغاندەك بولدى. دە، قانداقتۇ بىر چۈشىنىپ بولمايدىغان خىجىللىقتىن ئۇنىڭ يۈزلىرى ۋىللىدە ئوت ئالدى...

# ئائىلە بۇرچى

(ھىكايە)

ماخمۇتجان ھېزىم

يېڭىلا ئىشتىن قايتىپ كەچلىك تاماققا ئولتۇرغان ئىدىم، خوشنا قورادىن ۋاڭ-چۇڭ كوتىرىلدى، ھايال ئوتمەي، خوشنىمىز شەرۋان ھەدە ئالدىراش بىزنىڭ ئويگە كىرىپ كەلدى-دە: تۇرۇڭ يۇسۇپجان، ئويىمىزدە جېدەل چىقىپ قالدى. ھەي شورىمەي، ھوي، تۇرسىڭىزچۇ؟-دىدى پەرىشان ھالدا.

بۇ ئائىلىنىڭ پات-پاتلا بولۇپ تۇرىدىغان ماجراسىغا ئارىلىشىش ماڭا ئادەت بولۇپ قالغاچقا، يەۋاتقان تامىقىمنى قالدۇرۇپ، ئىرىنچەكلىك بىلەن ئورنۇمدىن تۇردۇم-دە، شەرۋان ھەدىنىڭ كەينىدىن ماڭدىم. بۇ ئايال ئالدىمدا ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي سوزلەپ كېتىۋاتاتتى،-تېخى ئەتىگەن بۇ شۇمغا: بالام، بولغۇلۇق بوپتۇ، قانچە قىلساڭمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ، يوقالسا، تاپقىلى بولىدىغان نەرسىگە ئۇنچىۋالا قىلىپ كەتمىگىن. چېيىڭنى ئىچىپ بولغاندا، بىر يول سۇ ئەكىرىپ بېرىپ، ئاندىن بارىدىغان يېرىڭگە بارغىن، تاماق كەچ قالسا، داداڭ چېچىلىپلا كېتىدىكەن،-دىگەن ئىدىم. ۋاي كەپتەر بالاسى، كاشكى سۇ ئەكىلىدىغان ئارىلىق يېقىن بولسىچۇ دەڭا! قۇچۇغۇمدا بالا بولمىسىغۇ، بۇ شۇملارغىمۇ يالۋۇرمايتتىم....

شەرۋان ھەدىنىڭ سوزى ئاياقلاشمايلا، بىز ئۇلارنىڭ قوراسىغا يېتىپ كەلدۇق. ئىشىك ئۇلۇق ئوچۇق بولۇپ، ئوي ئىچىدىن قالايمىقان ۋاقىراشلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى. مىنۇتچە توختاپ ئاندىن ئويگە كىرەي، دەپ تۇرۇشۇمغا، ئوي ئىچىدىن تۇيۇقسىز تاشلانغان چېلەك نەچچە دومىلاپ قورانىڭ ئوتتۇرىسىغا چۈشتى. مەن ئويگە كىردىم.

— يەنە نىمە ئىش بولدى؟-سورىدىم، چېچىلغان، تۇتۇلغان چىرايلارغا تەكشى قاراپ.

— قارىمامسىز، يۇسۇپجان،-دەپ بېشىنى چايقىدى ئائىلە باشلىغى غۇلام ئاكا. ئاندىن باللىرىغا ئاچچىق بىلەن نەزەر تاشلاپ،-ئويدە شۇنچە ئادەم تۇرۇپ تۇڭدا بىر چومۇچ سۇ قالماپتۇ. قانداق گەپ بۇ؟ ھوي، گەپ قىلمامسەنۇي، نانقېپلار!-غۇلام ئاكا، ئاندىن ئوغلى تۇرغانغا بۇرۇلۇپ،-سەنمۇ ئەر بولامسەن؟-دىدى زەردە بىلەن.

دەرۋەقە، بۇ ئائىلىدە ئىشقا ياراپ قالغان باللار بار ئىدى. ئاجايىپ بىر ئىشتە! كۈندىلا شۇ، ئۇنى قىلماپسەن، بۇنى قىلماپسەن، دىگەن جېدەل.

بۇ ئائىلە خولۇم-خوشنىلار بىلەنمۇ ئەپ ئوتمەيتتى. ئەگەر سىزنىڭ باللىرىڭىز بۇ ئائىلىنىڭ بىرەر بالىسىغا تېگىپلا قويدىمۇ، بولدى.

ئۇلارنىڭ ئۆيىدىكى تىلى چىققانلىقى جان بولسا ھەممىسى كوچىغا چىقىپ، رەسۋايىمىزنى چىقىرىدۇ، ئۆزىمىزدىن ئېشىپ ئاتا-بوۋا، ئۇرۇق-ئەۋلادىمىزنىڭ ھەممىسىنى تىلغا ئېلىپ، سەت تىللايدۇ. ئۆز بالىلىرىنىڭ ئېيتىقىنى توغرا بولسىمۇ توغرا، خاتا بولسىمۇ توغرا.

ئەندى بۈگۈنكى جېدەلنىڭ سەۋەپچىسى تۇرغانغا كەلسەك، «يالغۇز ئوغۇل» دەپ تولىمۇ ئەتىۋالىق ئوستۇرگەن بۇ بالا يېقىندا مەكتەپتىن چىقىۋالغان بولۇپ، ھازىرقى ئىشى ئەتىدىن-كەچكىچە كەپتەر ئۇچۇرۇش ئىدى. كەپتەر ئۈچۈن ھەر قانداق جېدەلدىن يانمايدۇ، تېخى يېقىندىلا خوشنىلاردىن بىرسىنىڭ بالىسىنى «كەپتەر ئوغرىسى» قىلىپ ئۇرۇپ ئاغزى-بۇرنىنى قان قىلغان ئىكەن، شۇ كۈنى ئىككى ئائىلە كۈنبويى جېدەل قىلىپ كوچىنى بېشىغا كىيىشتى. بىر كۈنى دادىسى غۇلام ئاكا: قىمار ئوينايسەن، يانچۇغۇڭدا تاماكا قالدۇغى تۇرىدۇ، ئۇنىمۇ چېكىدىغان ئوخشايسەن، دەپ تۇرغانغا ئاز-تولا ۋاقىراپ قويغان ئىكەن، تۇرغان، دادىسى بىلەن تەڭ تۇرۇپتۇ، شەرۋان ھەدە قوپۇپ: قوي، ئوغلۇم، داداڭ بىلەن جوۋاپلاشما، دىمەكتە يوق، ۋاي بۇ كىچىك بالىغا نىمانچە زورلۇق قىلىسىز؟ سەنمۇ، بۇندىن كېيىن ئۇنداق قىلماي، دادا، دىسەڭ بولمامدۇ، دىگەن ئىكەن، غۇلام ئاكا: «ئۇشۇنداق قىلىپ بالىنى بۇزۇۋاتقان سەن، دەپ ئايالىنى تىللاپ، ئەر-خوتۇن ئىككىسى ياقىلىشىپ كېتىپتۇ. شەرۋان ھەدە شۇ كۈنى كۈنبويى يىغلىدى.

بىر كۈنى ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە كەلسەم، ئىشىكىمىز قۇلۇپلاغلىق تۇرۇپتۇ، ئايالىمنى ئىزلەپ بۇ ئۆيگە كىرىپ قالدىم، بۇ ئۆيدە باشقا بىر ناتونۇش ئايال شەرۋان ھەدە بىلەن سۆزلىشىپ ئولتۇرغان ئىكەن، گەپ-سۆزىدىن قارىغاندا، تۇرغاننىڭ سىنىپ تەربىيەچىسى ئىكەن، مەن ئۇلارنىڭ سوھبىتىگە قۇلاق سېلىپ بىردەم ئولتۇرۇپ قالدىم.

— تۇرغانجان مەكتەپكە بارماس بولىۋالدى،-دەپ، ئوقۇتقۇچى مەندىن ياردەم سوز تەلەپ قىلغاندەك ماڭا قاراپ قويۇپ سوزىنى داۋاملاشتۇردى،-دەرستىن قېلىۋاتىدۇ، بالىنى بىر ئامال قىلىپ مەكتەپكە ئەۋەتىپ بەرگىنىڭلار ياخشى ئىدى، شەرۋان ھەدە، بۇ مېنىڭ بىر قانچە نوۋەت كېلىشىمغۇ.

— كەلگىنىڭىزگە كوپ رەخمەت،-دەپلا سوزنى ئوزى ئالدى شەرۋان ھەدە ئوكى ئوچكەن ھالدا،-بىز بالىمىزنى: مەكتەپتە مۇئەللىمىنىڭ تىلىنى ئاڭلا، بالىلارنىڭ تايىقىنى يىگەن، دەپ ئەۋەتمىگەن، ياخشى مەكتەپكەن ئۇ! بالىلار ئۇرسا، هاي! دىگىدەك ئادەم چىقماقتا يوق، تېخى مۇئەللىمى قوشۇلۇپ تىللاپ بەرسە، بۇ قانداق بولغىنى؟ بىزمىچۇ، قاراڭ، بالىمىزنى «يالغۇز ئوغۇل» دەپ يىمىگەننى يىگۈزۈپ، كىيمىگەننى كىيگۈزۈپ بېقىۋاتىمىز، قانداق گەپ بۇ!

— ئۇنچىۋالا رەنجىپ كەتمەڭ،-دىدى ئوقۇتقۇچى سەۋرچانلىق بىلەن،-ئەھۋال ئۇنداقمۇ ئەمەستۇ!

بايىتىن بېرى ئىشىك تۈۋىدە گەپ تىڭشاۋاتقان تۇرغاننى ھېچقايسىمىز سەزمەپتىمىز. ئۇ ئىشىكنى جالاقىدە ئېچىپ ئۆيگە كىردى-دە، ئوقۇتقۇچىغا ھومىيىپ،-يالغانمۇ؟ قاسىم مېنى ئۇرۇۋاتسا، قوشۇلۇپ تىللاپ بېرىشتىڭغۇ؟-دىدى ۋاقىراپ.

ھوي، ئوقۇتقۇچىنىمۇ سەنلەمدىكەن تۇرغان،-دىدىم ئوزەمنى باسالماي.

— كىچىك بالا يالغانسوزلىمەيدۇ، يۇسۇپجان،- دىدى شەرۋان ھەدە ئوغلىنىڭ سوزىنى

قۇۋۋەتلەپ، بۇنداق ئىشلار بۇ بىر قېتىملا ئەمەس......

مەن بىر ئېغىز سۆز قوشۇشنى ئويلاپ تۇرۇشۇمغا، ئىشىك ئېچىلىپ غۇلام ئاكا كىرىپ كەلدى.

— ئوھوي، خېلىچەم مۇئەللىمە كېلىپ قاپتىغۇ؟ — دەپ ھەممىمىز بىلەن ئامانلاشتى ئۇ. مۇئەللىمە، غۇلام ئاكىنىڭ ئەھۋالىنى سورىغاندىن كېيىن، كەلگەن سەۋەبىگە توختىلىپ تۇرغاننىڭ ئەھۋالىنى بىر قۇر چۈشەندۈردى. غۇلام ئاكا قولىنى-قولىغا كىرىشتۈرۈپ بىر پەس خىيال سۈردى. ئاندىن خىجالەت تەلەپپۇزىدا: بولدى، خېلىچەم... «تاشنى تاياققا تاڭغىلى بولماس» دېگەندەك، بالىنىڭ ئۆزىدە بىر ئىرادە بولمىغاندىن كېيىن، بىزنىڭ زورلىشىمىز پايدىسىز، دەڭا! — مەن بۇ ھەقتە نۇرغۇن گەپ قىلدىم. قۇلاق سېلىپمۇ قويمىدى، يالغان بولسا ئەنە ئۆزى ئولتۇرۇپتۇ.

تۇرغان، كىم سۆز قىلسا، يەر ئاستىدىن كۆزىنىڭ ئاق پاختىسىنى چىقىرىپ قاراپ، بۇرنىنى تارتىپ ئولتۇراتتى. غۇلام ئاكا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئوقۇشقا بارمىغاندىن كېيىن، ئامال قانچە، مەن يالغۇز ئەمگەك بۇنى چۈشىنىمىز، بالىلارنىڭ قالغانلىرى قىز، ئەندى تۇرغان بۇ قورانىڭ يۇقۇرى-تۆۋەن ئىشلىرىنى قىلسۇن-مىكىن، دەيمەن.

— غۇلام ئاكا، — دېدى خېلىچەم مۇئەللىمە بىر مىنۇتلۇق جىمجىتلىقتىن كېيىن، — مەكتەپتە بىز بار، ياخشىراق تەربىيە بەرسەك، ئائىلىدە سىلەر ياردەمدە بولساڭلار، ئەلۋەتتە، ئادەم بالىسى ئۆزگەرمەي قالمايدۇ. بىزدىمۇ تەربىيەلەش جەھەتتە يېتەرسىزلىك يوق ئەمەس، بۇنى تۈزىتىمىز، ھەرھالدا، بالا ئوقۇشسىز قالمىغىنى ياخشى ئىدى، ئوقۇپ قالسا، سىلەرگىمۇ، ئۆزىگىمۇ، جەمئىيەتكىمۇ ياخشى بولار ئىدى.

— ئوقۇپ ئەرشىلەرگە چىقىپ كەتسەر، دېمىسىز، — سىزگە ئارىلاشتى شەرۋان ھەدە ئۇنىڭ قېشىنى كۆتىرىپ، ئېغىزىدىنى بىر يېقىغا غەلىتە پۈرۈشتۈرۈپ، — ئۆزۈن بولدى، بالىمىزنىڭ رايى مەكتەپتىن قايتىپ قالدى، خاپا بولمىساڭلار، بالىنى ئوقۇتالمايمىز، بولدى، ئۆيىنىڭ ئىشىنى قىلسۇن.

ئەندى مېنىڭ سۆز قېتىشىمنىڭ ھاجىتى قالمىغان ئىدى. شەرۋان ھەدىنىڭ ماڭا ھەربىر قاراشلىرىدىن «سەن ئارىلاشمىساڭمۇ بولار» دېگەندەك بىر مەنا چىقىپ تۇراتتى، شۇڭا دېمەكچى بولغان سۆزۈمنى ئىچىمگە يۇتۇۋەتتىم.

خېلىچەم مۇئەللىمە ناھايىتى ئوڭايسىزلانغان ھالدا قايتىپ كەتتى.

شۇ كۈندىن باشلاپ تۇرغاننىڭ كەپتەر ئويۇنىغا كەڭ يول ئېچىلدى. ئۇ، كەپتەرلىرىنى ئۇن نەچچىگە يەتكۈزۈپ، ئۇچىغا قىزىل لاتا باغلانغان تاياقنى قولىغا تۇتقىنىچە، ئاسمانغا قاراپلا يۈرىدىغان بولدى. بەزىدە شەرۋان ھەدىمۇ ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا چىقىۋېلىپ: لەپچىن قىل، بالام، لەپچىن قىل! دەپ قىزىپ كېتەتتى، تۇرغان ئوگزىلەرنىڭ ئۈستىدە دۈكۈرلەپ شامالدەك ئۇچۇپ يۈرۈپ، ھەممە خوشنىلارنى بىزار قىلىۋەتتى، كوكۇل ئاغرىقى تېپپەۋېلىشتىن قورقۇپ، ھېچكىم ئۇنىڭغا ئېغىز ئاچالمايتتى.

بۇكۈنكى جىبدەلگە كەلسەك، تۇرغان ئاخشام كىنودىن كەچ قايتىپ كەپتۇ، ئۆيدىكىلەر ئاللىبۇرۇنلا ئۇيقىغا كەتكەن ئىكەن. ئۇ پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئۆيگە كىرىپ، تەكچىدىكى ئاپىسى ئېلىپ قويغان تاماقنى يەپتۇ-دە، بەخۇدۇك ئۇيقىغا كېتىپتۇ، ئەتىگىنى ئورنىدىن تۇرۇپلا چىقىپ كاتەككە قارىغىدەك

بولسا، كەپتەرلىرىنىڭ ھەممىسى يوق، موشۈك يەپ كەتتىمۇ، ئوغرى ئالدىمۇ، ھېچكىم بىلمەيدۇ، ئاخشام، تۇرغان ئۆزى بولمىغاچقا، كاتەكنىڭ ئاغزى ئېتىلمىگەن ئىكەن، بۇنىڭغا ئەرۋايى ئۆركىگەن تۇرغان: سىلەر كاتەكنىڭ ئاغزىنى تاقاپ قويماپسىلەر، دەپ تىللىمىغان ئادىمى قالماپتۇ. ئۆيگە كىرىپ قولىغا چىققانلىكى نەرسىنى ئېتىپ سۇندۇرۇپ، چىقىپ كەتكەن بويىچە، كەچتە بىراقلا كەپتۇ، سۇئەكىرىش بۇياقتا تۇرسۇن «كەپتەرلىرىمنى كىم ئالدى، نەگە كەتتى» دەپ ۋاقىراپ، ئۆيىنى بېشىغا كىيىپتۇ.

ئۆي ئىچى قالايمىقان، نەرسە-كېرەكلەر تەرتىپسىز تاشلىنىپ ياتاتتى، بوشۇكتىكى بوۋاق چىقىراپ يىغلاۋاتاتتى.

— بولدى، قويۇڭ، — دېدىم جېدەلنى پەسەيتمەك بولۇپ غۇلام ئاكىغا، ئاندىن تۇرغاننى بىر چەتكە تارتىپ، ئېھتىيات بىلەن قىسقىغىنە ياخشى سۆزلەرنى قىلىپ قويۇپ، بۇ ئۆيدىن يېنىپ چىقتىم.

ئېشىپ قالغان تامىقىمنى قايتا ئولتۇرۇپ يەۋېتىپ خىيالغا كەتتىم، خوشنا قورادىن تېخىچىلا قالايمىقان ۋاقىرىغان ئاۋازلار، ئىشىكلەرنىڭ قاتتىق ئېچىلىپ-يېپىلىشلىرى داۋاملىشىۋاتاتتى... تۇرغان بۇزۇلىۋاتىدۇ. بۇ گۆدەكنىڭ بىلىم ئېلىش، تەربىيىلىنىش مەۋسۇمىنىڭ بەربات بولۇشىغا زادى كىم ئەيىبلىك؟ مۇشۇنى ئويلىساملا، يۈرىكىمنىڭ بىر يېرى ئېچىشقاندەك بولاتتى.

شۇ كۈنكى ئەھۋالدىن كېيىن، تۇرغاننى ئەندى، كەپتەر ئوينىماس، دەپ چاغلىغان ئىدىم، دېمەكچىمۇ، بىر قانچە كۈنلەرگىچە ئۆيلىرىمىزنىڭ ئۆگزىلىرى ئارام تېپىپ قالغاندەك بولدي، ئەمما كېيىنچە ئىش يەنە باشقىچە بولدى. بىر كۈنى ئۇنىڭ ئىككى قولىدا كەپتەر تۇتقان ھالدا ئالدىراش كېلىۋاتقانلىغىنى كۆرۈپ قالدىم، ئۇ، مېنى يىراقتىنلا كۆرۈپ، كەپتەرلىرىنى چاپىنىنىڭ پېشى ئاستىغا يوشۇرغىنىچە ئۆتۈپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ، تۇرغاننىڭ كەپتەرلىرى بارا-بارا كۆپىيىشكە باشلىدى.

ھاۋا ئوچۇق كۈنلەرنىڭ بىرىدە چۈشلۈك دەم ئېلىشقا ئۆيگە كېلىۋېتىپ، تۇرغاننىڭ بىزنىڭ ئۆگزىدە تۇرغانلىغىنى كۆردۈم.

ئۇ، شەپكىسىنى كوزىگە چوكۈرۈپ كىيىپ، بوينىنى بىر يېنىغا قىيشايتقىنىچە، ئاسمانغا قاراپ تۇراتتى. مەن دەرۋازا ئالدىغا يېتىپ كېلىپ: كەپتەرلىرىڭ ئاسماننىڭ قەرىگە چىقىپ كەتكەن ئوخشىمامدۇ، تۇرغان؟ — دېدىم. ئۇ، چوچۇپ ماڭا «يالت» قىلىپ قارىدى-دە، ئۆگزىدە «لەپ» قىلىپ ئولتۇرۇۋالدى.

شۇ كۈنى كەچقۇرۇن ئىشتىن كېلىپ، ئايالىمدىن، تۇرغاننىڭ ئۆگزىدىن يىقىلىپ چۈشكەنلىكىنى ئاڭلىدىم، مەن دەرھاللا، خوشنىلارنىڭكىگە قاراپ ماڭغان ئىدىم. ئايالىم: نەگە ماڭدىڭىز، خېلى بولدى، ئۇنى دوختۇرغا ئېلىپ كەتتى، — دېدى. ئىككىنچى كۈنى تۇرغاننى يوقلاپ كېلىش نىيىتىدە دوختۇرغا باردىم. تۇرغاننىڭ بىر پۇتى ئېغىر زەخىملەنگەن ئىكەن، ئۇ كارۋاتتا ئۆزىنى بىر بىلەپ، بىر بىلمەي ئازاپلىنىپ ياتاتتى. شەۋان ھەدىنىڭ كۆزلىرى يىغا ۋە ئۇيقۇسىزلىقتىن قىزارغان، قاپاقلىرى ئىششىغان، چىرايىنى پەرىشانلىق قاپلىغان ئىدى، ئۇ مېنى كۆرۈپلا ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى.

— ۋاي خۇدايىمەي... ئازلۇغۇڭ ئارتىلىپ قالار، دېگىنىمدەك، بىزگە كەلگەن بۇ پالاكەتنى كۆردىڭىزمۇ، ئۇكام؟

مەن شەرۋان ھەددىگە تەسەللى بەرگەچ، تۇرغان ئۇچۇن ئېلىپ كەلگەن بىر بولاق تاتلىقىمنى ئۇنىڭ باش تەرىپىگە قويۇۋېتىپ، بالىنىڭ چىرايىغا زەڭ قويدۇم؛ بالىنىڭ پەرۋىشسىز چاچلىرى ئۆسۈپ گەددىنىنى يېپىۋالغان، كوينەك ياقىلىرى ئېيتقۇسىز كىر، قولىنىڭ دۈمبىسى خۇددى سوگەتنىڭ قوۋزىقىدەك يېرىلىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇسكەن تىرناقلىرى قارىيىپ كورۇنۇپ تۇراتتى. مەن بۇ ھالنى كورۇپ، شەرۋان ھەددىگە قاراپ قويدۇم-دە، دېمىمنى ئىچىمگە يۇتتۇم.

دوختۇرخانىنىڭ ئوچۇق تۇرغان دېرىزىسىدىن ئارقىدىكى چوڭ يول ئېنىق كورۇنۇپ تۇراتتى، مەكتەپكە ماڭغان توپ-توپ ئوقۇغۇچىلار كېتىپ باراتتى.

—ئەنە شۇنداق بىر چىرايلىق ئوقۇيدىغانلار قانداق بالىلاركىن، تاڭ؟-دىدى شەرۋان ھەدە كوزىنى كوچىغا تىككىنىچە چوڭقۇر بىر تىنىپ- تۇرغانجان ئورنىدىن ساق-سالامەت تۇرۇپ كەتسە، خۇدايىم بۇيرىسا، ئوز قولۇم بىلەن يېتىلەپ مەكتەپكە ئاپىرىپ بەرمەسەم، ئوتكەندە، ئۇنى ئوقۇتقۇچىسىغا قېتىپ قويمىغىنىمنى ئويلىسام، مانا ئەندى پۇشماننى ئالىدىغان قاچا يوق، دەگا ئۇكام.

—ھە، ئەندى ئەقلىڭىزگە كەپسىز، -دىدىم دەرھال سوز قىستۇرۇپ،- ھازىر ھەممە ئادەمنىڭ بالىلىرى ئوقۇپ بىلىم ئېلىۋاتسا، سىزنىڭ بالىڭىز ئوگزىمۇ-ئوگزە يوگىرەپ يۇرسە، بۇ قانداق بولغىنى؟ ھېلىمۇ خۇدايىم ساقلاپتۇدەك، بولمىسا......

—بولدى ئۇكام، بولدى. مېنى قىزارتماڭ-دەپ سوزۇمنى تارتىۋالدى شەرۋان ھەدە تاقەتسىزلىنىپ.

ئاردىن بىر ھەپتە ئوتكەندە، مەن يەنە دوختۇرخانىغا باردىم. تۇرغان خېلى ياخشى بولۇپ قاپتۇ، ئۇ، يەر دەسسەپ بىر ئاز ماڭالايدىكەن. مېنىڭ كىرگەنلىگىمنى كورۇپ، ئىشىككە كەينىنى قىلىپ ئولتۇرغان ئاپىسىنى قولى بىلەن نوقۇپ قويدى. شەرۋان ھەدە مېنى كورۇپ: ۋايەي خۇدايىمەي، يۇسۇپجان كەلگەن ئىكەنغۇ، دېگىنىچە، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، بىز قىزغىن ئەھۋاللاشتۇق. شەرۋان ھەدە سوز ئارىسىدا سەل خىجىللىق بىلەن: خېلىچەم مۇئەللىمەنىڭمۇ يەنە بىر نەچچە ئوقۇغۇچى بىلەن كېلىپ، تۇرغاننى يوقلاپ كەتكەنلىگىنى ئېيتىۋېتىپلا، يىغلاپ كەتتى.....

—قويۇڭ، كوڭلىڭىزنى بۇزماڭ، تۇرغانجانمۇ خېلى ياخشى بولۇپ قاپتۇ، يەنە نىمىگە يىغلايسىز،-دەپ تۇرغاننىڭ يېنىغا باردىم.

— قانداقراق، تۇرغان؟ ساقىيىپ چىقساڭ، يەنە ئوگزىمۇ-ئوگزە يۇرەمسەن ياكى مەكتەپكە بېرىپ ساۋاقداشلىرىڭ بىلەن چىرايلىق ئوقۇمسەن؟

تۇرغان قىزىرىپ يەرگە قارىدى-دە، «مەكتەپكە بارىمەن» دىدى.

يەنە ئون كۈن ئوتكەندىن كېيىن، تۇرغان دوختۇرخانىدىن چىقتى. ئۇ ئاۋايلاپ دەسسەپ ماڭىدەك بولۇپ قالغان ئىدى. ئاردىن ئۈچ كۈن ئوتۇپ، چۈش مەزگىلىدە شەرۋان ھەدە بىرىنچىگە ئالدىراش كىرىپ: بار ئىكەنسىز ياخشى، تۇرۇڭ، خېلىچەملەر كەپتۇ، بىزنىڭكىدە بىر چىنە چاي ئىچىڭ، بولسىڭىزچۇ،-دەپ ئالدىرىتىپ كەتتى. مەن ئۇ ئويگە كىرىپ دەستىرخان سېلىنغان جوزىنى چورىدىشىپ ئولتۇرغانلارنى كورۇپ زوقۇم كېلىپ كەتتى. خېلىچەم مۇئەللىمە، يەنە تۇرغاننىڭ بىر قانچە ساۋاقداشلىرى قىزغىن پاراڭ قىلىشىپ ئولتۇرۇشـ

قان ئىكەن، بۇلارنىڭ چىرايلىرىدىن خوشاللىق جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. شەرۋان ھەدە ئايىغى-ئايىغىغا تېگىشمەي ھەممىمىزگە چاي قۇيۇپ، ۋازىدىكى تاتلىقلارنى بىر-بىرلەپ تۇتقۇشقا باشلىدى.

—بۇلار تۇرغانجاننىڭ ساۋاقداشلىرى، — دەپ تونۇشتۇردى خېلىچەم باللارنى ماڭا كۆرسىتىپ.

—ساۋاقداشلىرىنى يوقلاپ كەلگەن ئىكەنسىلەر-دە؟ — دېدىم باللارغا زوقمەنلىك بىلەن قاراپ.

ئۇلارنىڭ بەزىلىرى خىجىل بولغاندەك تىللىرىنى چىقىرىشىپ يەرگە قاراشتى.

—بىز تۇرغانجاننىڭ ياخشى بولۇشىغىلا مەكتەپكە ئېلىپ كېتىمىز، سىنىپىدىكى بارلىق ساۋاقداشلىرى ئۇنىڭ كېلىشىنى كۈتۈۋاتىدۇ، — دەپ سۆزگە قوشۇلدى خېلىچەم مۇئەللىمەمۇ تۇرغاندىن كۆزىنى ئۈزمەي.

بىر كۈنى سەھەردە سۇ ئەكىرىش ئۈچۈن ماڭغان ئىدىم، دەرۋازا ئالدىدا: شەرۋان ھەدىنىڭ قول قوشتۇرۇپ كۈلۈمسىرەپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم، ئۇ خۇددى ماڭا دەيدىغان سۆزى باردەك، مەندىن كۆزىنى ئالماي تۇراتتى.

—ئەۋۇكشەلەرنى قاراپ قويۇڭ، — دېدى ئۇ تەتۈر كەلگىنىمدە بېشى بىلەن كوچا تەرەپنى ئىشارە قىلىپ ئۇ.

شۇ چاغ، كوچىنىڭ نېرىسىدا دادىسى بىلەن كېتىپ بارغان تۇرغانغا كۆزۈم چۈشتى. ئۇ رەتلىك كىيىنگەن بولۇپ، كىتاپ-دەپتەر سېلىنغان بوخچىسىنى مۈرىسىگە ئاسقان ھالدا دادىل قەدەم تاشلاپ كېتىپ باراتتى.

—مەكتەپكە ماڭدى، — دەپ ئىزاھات بەردى شەرۋان ھەدە، — تېخى ئەتىگەن، بالام. يەرگە يورۇق چۈشكەندىرەك ماڭساڭمۇ كېچىكمەيسەن، دېگىنىمگىمۇ ئۇنىماي بامدات ۋاقتىدا دادىسىنى ئېلىپ كېتىۋاتقىنىنى قارىسىڭىزا! — مېنىڭ بۇ بەگۋاش بالام ئەندى مۇشۇ ئوقۇغىنىچە، ئوقۇپ كېتەلەرمۇ؟

شەرۋان ھەدە ئۈمىتلىك نەزىرىنى ماڭا تاشلىدى.

—تۇرغاننىڭ ياخشى ئوقۇپ كېتەلىشى يەنە ئائىلە تەربىيىسىگىمۇ باغلىق، — دېدىم مەن.

## ئوغلۇمغا

تۇختاخۇن ئەخمەدى

ئوقى، ئوغلۇم، بىلىم ئال،
دەۋر پارلاق يول ئاچتى.
ياشناپ مانا ئىلىم-پەن،
دىيارىمغا گۈل چاچتى.

كۆكتە مەغرۇر لاچىندەك،
قانات قاقىن ھور باغدا.
دىل رىشتىڭنى چىڭ باغلا،
مەرىپەتكە — ھورتاڭغا.

سۆزلىرىنى داداڭنىڭ
بىلگىن، ئوغلۇم، ئالتۇن، دەپ.
يۈرىگىڭدە بىلىمگە
تۇرسۇن ئىشقىڭ جۇش ئەيلەپ.

## بالىلار شېئىرلىرىدىن

### ئەيلىدى

پەرھات ئىلياس

(چاپچال جاغىستاي ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى)

كور، بۈگۈن پەسلى باھار، دىللارنى شادمان ئەيلىدى،
ياشنىتىپ تاغۇ-ئېدىرنى لالە رەيھان ئەيلىدى.

جۇش ئۇرۇپ گۈل شېخىدا بۇلبۇل مۇقامغا چۈشتى شوخ،
كۈيلىرى ھەرتاڭ يۈرەكنى دىلى گۈلخان ئەيلىدى.

قوغلىنىپ يۈتتى تامام ئۇ لەنىتى قەھرى جۇدۇن،
بۇ باھار ئەل باغرىنى مەڭگۈ گۈلىستان ئەيلىدى.

دەيدۇ ھەممە چىن يۈرەكتىن: مىڭ ياشا ئەي، پارتىيەم!
شەپقىتىڭ ئەھلى ۋەتەن بەختىنى داستان ئەيلىدى.

## بىر تامچە بولۇپ

سۇلھەت قادىر

(غۇلجا شەھەر 2- ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى)

چىمەنلەر ئىچىدە تۇرىمەن تەنھا،
دەريا ئېقىنىدىن كوزۇمنى ئالماي.
تومۇردا قانلىرىم ياسايدۇ ئوركەش،
يۈرىكىم شاتلىقتىن قىنىغا سىغماي.

دولقۇنلار ئەتراپقا چاچىدۇ ئۈنچە،
ياقۇت قىرغاقلارغا كوكسىنى ئۇرۇپ.
ئېھ، قانداق كوڭۈللۈك دەريا سەيلىسى،
بېلىقلار ئوينىشار ھەريان شوڭغۇشۇپ.

ئوخشايدۇ يۈرتۈمنىڭ كۈيىگە گويا،
دەريانىڭ رىتىملىق شاقىراشلىرى.
زوق قوزغار قەلبىمدە ئويناق ئېقىنىنىڭ
كوزلەرنى چاقنىتىپ پاقىراشلىرى.

شۇ ئەزىم دەريادەك جۇشقۇنلۇق ھايات،
گۈلشەنلەر قوينىغا ئاقتى يول ئېلىپ.
مەنمۇ شۇ ئېقىندا بولۇپ بىر تامچە،
بارىمەن ئەل مېھرىنى يۈرەككە تېڭىپ.

## ئوقۇتقۇچىمغا

گۈزەل سىدىق

(غۇلجا شەھەر 16-ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى)

ئوقۇتقۇچىم، نامىڭىزنى ئاڭلىغاندا،
قەلبىم تولۇپ ئالەمشۇمۇل ھاياجانغا.
خۇددى قۇشتەك پەرۋاز ئۇرۇپ-قاناتلىنىپ،
كېتەر مېنىڭ خىياللىرىم ئۇزاقلارغا.
تۇنجى قېتىم پەنگە يۈرۈش قىلغىنىمدا،
كۈلۈپ خۇشخۇي، مېنى قارشى ئالغانتىڭىز.
«ئېلىپبە» نى تۇتۇپ ھەيران تۇرغىنىمدا،
ياخشى ئوقۇپ، بىلىملىك بول، دېگەنتىڭىز.

جاپا چېكىپ، مېھرىڭىزگە بولەپ مېنى،
كوچەت قىلىپ ئوستۇردىڭىز قولىڭىزدا.
باھاركېلىپ، گۈللەر خۇشبۇي ئېچىلغاندا،
شارتىلدىتىپ كىتاپلارنى ئوقار بولدۇم.
تومەن بۇلبۇل خەندان ئۇرۇپ سايرىغاندا،
مەنمۇ قۇتلۇق بەيگىگە ئات سالار بولدۇم.
بۇ بەيگىدە ئاقلاپ چوقۇم ئەجرىڭىزنى،
گۈللەر تاقاپ، شاتلاندۇراي قەلبىڭىزنى.

## دوستۇمغا

ئامىنەم ياقۇپ

(غۇلجا شەھەر 5-ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى)

قاراڭغۇلۇق بەربات بوپ، سۈزۈك تاڭلار ئاتقاندا،
باھار كېلىپ، ئارزۇلار كۈلۈپ چېچەك ئاچقاندا،
سائادەت-نىڭ نۇرلىرى دىلغا چىراق ياققاندا،
ئىخلاس بىلەن بېرىلىپ ئۆگەنمىسەك بولامدۇ؟!

مەڭگۈ گۈزەل ئىستىقبال ئاچتى بىزگە كەڭ قۇچاق،
مەرىپەتنىڭ گۈللىرى چاچتى ھەريان خۇشپۇراق،
كامال تېپىپ مائارىپ، گۈللەۋاتسا ھەممە ياق،
ئىخلاس بىلەن بېرىلىپ ئۆگەنمىسەك بولامدۇ؟!

تەرەققىيات دۇلدۇلى غەلىبىسېرى ئۇچتى تېز،
ئىلىم-پەنگە ئىشتىياق باغلىدى چىڭ ئوغۇل قىز،
پارلاق-گۈزەل ئەتىنىڭ ئۈمىتلىرى سەن ۋە بىز،
ئىخلاس بىلەن بېرىلىپ ئۆگەنمىسەك بولامدۇ؟!

## باھارگۈل

پۈچۈنئاي جالالىدىن

(غۇلجا ناھىيەدولان دىخانچىلىق مەيدان مىللى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى)

ساۋاقدىشىم باھارگۈل،
دەرسلەردە تىرىشچان.
تىتىمك-كەمتەر، ئاق كوڭۇل
دوستلىرىغا كويۇمچان.

ئىلىم-پەن ئۈچۈن دائىم،
يانار قەلبى ئوت بولۇپ.
ۋاقىت بىلەن بەسلىشەر،
كىتاپ بىلەن دوست بولۇپ.

گۈزەل ئەخلاق-پەزىلەت،
چاقنار باسقان ئىزىدىن.
شۇڭا رازى ئۇستازلار،
باھار-ئوماق قىزىدىن.

---

## تېپىشماقلار

سادىق تومۇر

بىر ئەسكىرىي لاگېردا،
جىق جەڭچى جەم بولۇشقان.
رەتلىككىنە تىزىلىپ،
بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرۇشقان.
زورۇر بولۇپ قالغاندا،
دەرھال جەڭگە ئاتلانغان.
قۇربان قىلىپ ئوزىنى،
يورۇقلۇققا ئاتلانغان.

(سەرەڭگە)

كىچىككىنە ئەينەك ئوي
بىرتام بىلەن ئورالغان.
ئوينىڭ ئىچى بەك ئىسسىق،
تامىنىڭ تېشى توڭلىغان.

(چايدان)

يۈزى يورۇق-پاقىراق،
شىرە ئۈستىدە تۇرغان.
ئالدىغا يېقىن كەلسىڭىز،
سۈرەتكە ئېلىپ قويغان.

(ئەينەك)

كىچىككىنە سۇپۇرگە،
بىر قول بىلەن تۇتۇلار.
قاتار-قاتار ئاق تاشلار،
ھەر كۈنلۈكى يۇيۇلار.

(چىش چوتكىسى)

# شان شەرەپ

(ھېكايە)

ئابدۇكېرىم ھاشىم

"چەتئەلدىن بەيگە ئېتى سېتىۋېلىشقا ئادەم كەپتۇ"

"ياق، سويۇش ئات ئالغىلى كەلگەن ئىكەن..." دېگەندەك گەپ-سۆزلەر ئاتچىلىق فېرمىسىغا پۇر كەتتى. ھەركىم ھەرنىمە دېدى، يىراق-يېقىندىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز ئاتلىرىنىڭ بازىرىنى چىقىرىشقا ئالدىرىدى. ئاتچىلىق فېرمىسىنىڭ پايدا-زىيىنىغا جان كۆيدۈرۈپ يۈرىدىغان تېخنىك ئەسمەتۇللاغا كەلسەك، ئۇ، ھەممىدىن بەكرەك ئالدىرىدى. چۈنكى بۇنداق ئامەت ھەركۈنى كېلىۋەرمەيدۇ-دە. ئۇ، ئۆز يىگىتلىرىگە ئاتلارنى شاللاشنى تاپىلىدى-دە، كوڭلىگە بىر نەرسە پۈككەندەك مىيىغىدا كۈلۈپ، ئىڭىكىنى سىلاپ قويدى: "مانا، كېسىلى بارمۇ، ئاقسىغى بارمۇ.... ئوخشاشلا پۇل قىلىدىغان تازا ياخشى پۇرسەت كەلدى، يۇقۇرىغا پايدا تاپشۇرۇشتا چوتنى چوڭ سوقسامۇ بولىدىغان بولدى. ئۆتكەندىكى سويۇش ئاتلىرىدىن قالدۇرۇپ قويغىنىممۇ ياخشى بولغان ئىكەن، بولمىسا، نۇرغۇن پايدىنىڭ كوزىگە ياغاچ تىققان بولاتتىمكەندە."

ھايت-ھۇيت دېگىچە يەنە بىر ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى. ئەسمەتۇللا ناھىيىدە ئېچىلغان چارۋىچىلىقتىكى يېڭى ئىقتىسادىي سىياسەت ھەققىدىكى ئۈچ كۈنلۈك يىغىنغا قاتنىشىپ، خوشال قايتىپ چىقتى. خوشاللانغىنى: ھازىر فېرمىدا يۈرگۈزۈلۈۋاتقان ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى 3 يىلدىن 5 يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىك بېكىتىلدى.... يېڭى ئارزۇ-ئۈمىتلەرگە چۆمۈلگەن ئەسمەتۇللا فېرمىغا قايتقان كۈنى، ئاتلارنى ئات قوراسىغا قامىۋېلىپ بەيگە ئاتلىرىنى تۇتۇۋاتقان يىگىتلەرنى كورۇپ خىيالى بولۇندى. ئىلقىچىلاردىن سورىۋېدى، يۇقۇرىدىن ئۇقتۇرۇش بارلىقىنى ئېيتتى. بۇنىڭ بىلەن فېرمىدىكى ئىشلار ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆگەي-توگەي بولۇپ كەتكەندەك تۇيۇلدى. قۇيقا چېچى تىك تۇرغان ئەسمەتۇللا شۇ ھامان فېرما بوغالتىرىنى تاپتى.

—ئۇكاۋۇي، 3 كۈن بۇ يەردە بولمىغىنىمغا ئالەمنى-مالەم قىپسەنغۇ؟!- ئۇ، بوغالتىر بولۇمىگە كىرە-كىرمەيلا چېچىلدى.

بوغالتىر يىگىت ئۈنچىقمىدى. تارتمىسىدىن بىر پارچە تامغىلىق قەغەزنى ئېلىپ ئەسمەتۇللاغا تۇتقۇزۇپ قويدى. بۇ، فېرما پارتكومىنىڭ چەتئەللىك دوستلارغا بەيگە ئاتلىرىنى سېتىپ بېرىش ھەققىدىكى مۇھىم ئۇقتۇرۇشى ئىدى.

—ساتقاندىمۇ، يەنەقاندىغىنى دەڭا،- دېدى بوغالتىر، ئەسمەتۇللاغا قاراپ،- تىرناقتا توختايدىغان ئاتلارنى سېتىپ بېرىدىكەنمىز....

—بېرىش-بەرمەسلىك ئۆز ئىلكىمىزدىكى

ئىشقىۋا - ئاچچىغىدىن ئەسمەتۇللانىڭ قېلىن كالپۇكلىرى توختىماي دىرىلدەيتتى، ئۇ، سىرتقا چىقىپ ئىلقىچىلارنى چاقىردى ۋە ئۇلار تۇتقان بەيگە ئاتلىرىنى قويغۇزۇۋېتىپ، سويۇش ئاتلىرى ئايرىشنى بۇيرىدى.

—مېنىڭ ئۇلارغا بېرىدىغان بەيگە ئاتلىرىم يوق،- دىدى ئۇ ئاچچىق بىلەن قولىنى شىلتىپ،- ئالسا مانا، سويۇش ئېتى بېرىمەن؛ ئالمىسا ئەنە يول، مەن ئۇلارنى چىللاپ كەلگىنىم يوق....

ئەسمەتۇللا ئەلەمدىن بوغۇلۇپ، داڭدار بەيگە ئېتى «مارال قۇلاق» نى ئىگەرلىدى-دە، ئىشنىڭ تېگى-تەكتىنى بىلمەك ئۈچۈن ئاياز شۇجىنى ئىزلەپ ماڭدى.

چىڭقى چۈش، ئەسمەتۇللا ئۇنى بىر كۇرۇپپا ئىلقىچى يىگىتلەر بىلەن بىرلىكتە بەيگە ئاتلىرىنى تۇتۇۋاتقان يەردىن تاپتى. ئەسمەتۇللانىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كورگەن ئاياز شۇجى ئېتىنىڭ بېشىنى قايرىدى-دە، تويتىن ئاجرىلىپ چىقتى.

—كەل، ئەسمەتۇل! يولۇڭغا قاراپ كوزۇم توت بولدى، قارا، بىز يېڭى ئىشقا تۇتۇش قىلىپ .....

ئەسمەتۇللانىڭ خاپا ئىكەنلىكىنى سەزگەن ئاياز سوزىنىڭ ئاخىرىنى توختىتىۋالدى. بىر ئازدىن كېيىن:

—بىلىۋاتىمەن، ئەسمەتۇل، بەيگە ئاتلىرىڭنى بېرىشكە كوزۇڭ قىيماۋاتىدۇ-ھە؟!...-دىدى.

—سويۇش ئات سېتىپ بەرمەكچى ئىدۇققۇ، قانداق قىلىپ بەيگە ئېتى...

—چەتئەللىك دوستلارغا لازىمى شۇ ئىكەن، ئاغىنە...

—بۇ سوزۇڭگە قارىغاندا، ئاياز، سەن مېنىڭ «تيانشان ئات» لىرىمنىڭ يېڭى نەسلىنى يېتىشتۇرۇشكە قانچىلىك قان-تەر سىڭدۇرگىنىمنىڭ قەدرىگە يەتمەپسەندە؟!... ئوتكەندە چەتئەللىكلەرگە 30 ئات سېتىپ بەردۇق، ئەندىزە يەنە 150 نى سېتىپ بەرسەك، شۇنىڭ بىلەن فېرمىدىكى بەيگە ئاتلىرىنىڭ كوزى كەتتى دىگىنە. ئۇ چاغدا، مەنمۇ سەن بىلەن بىراقلا قول يۇيۇشۇپ كېتىمەن!

ئاياز قولىنى دوستىنىڭ مۇرىسىگە قويۇپ: قولۇڭ ياغلانسا دوستۇڭغا سۇۋا، دىگەن گەپ بار. ئۇنداق فېرمام ئۈچۈنلا دەپ تۇرىۋالغىن،- دىدى.

ئەسمەتۇللانىڭ فېرمىدىكى «تيانشان ئاتلىرى» ئىچىدىن تاللانغان بەيگە ئاتلىرىنى چەتكە سېتىپ بېرىشكە قوشۇلماسلىقىدىمۇ مەلۇم سەۋەپ بار ئىدى: ئۇ، بىر قانچە يىللار ماباينىدە يۇرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ، «دون»، «ئورلوف» نەسىللىرىنى ئوزگەرتىپ، ئىلى ئېتىنىڭ يېڭى نەسلى «تيانشان ئېتى» نى يېتىشتۇرگىچە، ھەقىقەتەنمۇ ئاز جان ئۇپراتقىنى يوق. بۇ ئاتلار ئوتكەندە ناھىيە، ئوبلاست، ھەتتا ئاپتونوم رايوندا ئوتكۈزۈلگەن ئون نەچچە مىڭ مېتىرلىق بەيگىدە ئوزۇپ چىقىپ، ئەسمەتۇللانىڭ ئۇزاق يىللىق جاپاسىنىڭ ھاردۇغىنى چىقارغان ئىدى. شۇڭا ئۇ، بۇ ئاتلارنى قولدىن چىقىرىۋېتىشكە كوزى قىيمايتتى، بۇنى ئاياز شۇجى ياخشى چۈشىنەتتى، لېكىن بەيگە ئېتىنى سېتىپ بېرىشنى توختام بويىچە قەتئى ئىجرا قىلىش لازىم ئىدى..... - ئاياز شۇجى ئەشۇلارنى ئويلىدى-دە، ئۇنىڭغا قاراپ مۇلايىملىق بىلەن:

—ئوتكەندىكى سوزۇڭ بىلەن ھەركىتىڭ ئوخشىماي قالدىغۇ؟- دىدى..

—بەيگە ئاتلىرىمغا قادىلىپ كېلىشىنى نەدىن بىلەي...

ئەسمەتۇللا ئوتكەندە ناھىيىگە يىغىنغا مېڭىشتىن بىر كۈن ئاۋال ئاياز شۇجى ھەر

قايسى دۆۋى باشلىقلىرىنى يىغىپ، ئات فېرمى-
سىنىڭ چەتئەل سودا شېركىتىگە ئات
سېتىپ بېرىش توختىمى بارلىقىنى، بۇ توختام-
نىڭ دۆلەت ئىناۋىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئىكەن-
لىكىنى سۆزلىگەندە، ئەسمەتۇللا ۋەزىپىنى ياخ-
ى ئورۇنلايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ سۆزلىگەن
دى..... ئاياز شۇجى شۇلارنى خىيالىدىن «لىپ»
لىلىپ ئۆتكۈزدى-دە، ئەسمەتۇللاغا قارىدى.

—لەۋزىدە تۇرمىغان يىگىت يىگىت ئەمەس،
ئاغىنە! بەيگە ئاتسىز قالمايمەن، بەيگە ئاتلى-
رىڭنىڭ ئىزىنى باسقىدەك ئاتلارنى تېپىپ بې-
رىمەن!- دېدى.

—نېمە؟! ئىلانىنىڭ تىلىدەك ئاتلىرىمنى
خەققە بېرىۋېتىپ...

—ئۇنداق كالتە ئويلىما، بىزنى بىكار
«ئات زاۋۇدى» دېمەيدۇ، سەن بىلەن بىز تېخى
ئىلى ئاتلىرىنىڭ دۇنيا ئات بەيگىسىگە قاتنى-
شىدىغان يېڭى نەسلىنى يارىتىمىز....

ئۇلار ئىككىسى ئەنە شۇنداق تالاش-
تارتىش بىلەن ئاچا يول ئۈستىگە كېلىپ قال-
غانلىقىنىمۇ بىلمىدى. ھەر قايسى ئۆز ئىشىغا
ئايرىلىشى كېرەك ئىدى، لېكىن ئەسمەتۇللا خې-
لى تاكاللىشىپ تۇردى. ئايازنىڭ ۋاقتى قىس
ئىدى، ئۇ، ئەسمەتۇللاغا بەيگە ئاتلىرىنى قاي-
تىدىن تۇتۇپ قويۇشنى بۇيرىدى ۋە پارتكوم
يىغىنى بارلىقىنى ئۇقتۇردى- دە، ئېتىنى قو-
يۇندەك چاپتۇرۇپ كېتىپ قالدى. ئارقىدا قال-
غان ئەسمەتۇللا نارازى بولۇپ، ئاللىقانداق
بىرنىمىلەرنى دەپ قاتتىق ۋاقىرىدى. لېكىن
ئاياز ئۇنىڭ نېمە دەپ ۋاقىرىغانلىقىنى ئاڭلى-
يالمىدى، بىردەمدىلا، ئۇ، تاغ ئارىسىدا كۆ-
رۈنمەي قالدى...

...ئەسمەتۇللانىڭ دەستىخان ئۈستىدىمۇ
پىكىر-خىيالى بەيگە ئاتلىرى ئۈستىدە بولدى،
ئۇ، خوتۇنىنىڭ زورلىشى بىلەن بىر پىيالە چاي
سۈمۈردى-دە، ئات ئۈستىگە قولدى. «مارال
قۇلاق» ئۇنى بىر خىل سىلىق يورۇشى بىلەن
ئات قوراسى تەرەپكە ئېلىپ ماڭدى. «بەيگە
ئاتلىرىم فېرمىنىڭ كۆزى ئىدى، ئوتكەندە ھەر
قايسى ناھىيە- مەيدانلاردىن ھەر بىر ئاتقا
2000 سومدىن بېرىمىز، دەپ دەريا ئاتلاپ كې-
لىۋېدى، ئۇنىمىغان ئىدىم، ئەندى چەتكە چىقار-
ساق، بوغالتىرنىڭ گېپىگە قارىغاندا، ئەڭ يۇ-
قىرى باھا 1600 سوم بولىدىكەن. دېمەك
ھەر ئاتتىن 400 سوم، جەمى 30 ئاتتىن 12 مىڭ
سوم زىيان. بۇ- پۇلنى بىكاردىن - بىكار ئىلى
دەرياسىغا ئېقىتىۋېتىش دېگەن سۆز-دە. ياق!
بەرمەيمەن، بەرسەم ئۆزىمىزنىڭكىلەرگە بەرمەي،
قانداقتۇ چەتئەل سودىگەرلىرىگە بېرەمەنمۇ؟!...

—ئەسمەتۇل، ھەي ئەسمەتۇل!...- ئۇنىڭ
خىيالىنى ئات قوراسى ئالدىدا ئىلىقلارنى
كۆرۈۋاتقان ئايازنىڭ ۋاقىرىشى بولدى. ئەسمە-
تۇللا ئاتتىن چۈشتى.

—بۇ نېمە قىلغىنىڭ، ئاغىنە؟!- دېدى
ئاياز ئۇنىڭغا قادىلىپ.- سەن بىلەن بىز قۇش-
خانىغا مال ئۆتكۈزەتتۇقمۇ؟!... ھەي، بۇ ئىش-
تا سەن مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىۋاتىسەن...

ئەسمەتۇللا ئۈنچىقمىدى، ئۇ، ئاچچىق بىلەن
تاماكىسىنى شورىدى-دە، ئويلىدى: «مەن فېر-
مام ئۈچۈن ياقا يىرتىشىپ يۈرسەم، يەنە مېنى
مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلدىڭ، دەيدا بۇ. ئاياز،
مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلسام، ئىلى ئېتىنىڭ يېڭى
نەسلى نەدىن كېلەتتى، پاھ، قارا بۇنىڭ قال-
پىغىنىڭ چوڭلۇغىنى!...»

ئەسمەتۇللانىڭ ئاچچىق قىلىپ تۇرغان-
لىقىنى بىلگەن ئاياز ئۇنىڭغا قايتا-قايتا چۈشەندۈر-
دى. ئېتىمغا مىنىۋېتىپ، چۈشتىن كېيىن يىغىن بار-
لىقىنى ئۇقتۇردى ۋە ئالاھىدە قوشۇپ قويدى:

— ئەسمەتۇل، ئەمدى كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ... چەتكە ئېكسپورت قىلىدىغان بەيگە ئاتلىرىنى ئۇلار ئۆزلىرى تاللاپ تامغا بېسىپ كەتكەن، سادىمۇ يۇقۇرىدا يوللانغان...

— تامغا بېسىلغان ئاتلارنىڭ ھەممىسىنى بېرىش كېرەكمۇ؟

— ھەممىسىنى...

— ئۇنداقتا، ئاتلىرىمىزنىڭ سەرخىللى كەتتى، دېگىنە. — ئازاپلاندى ئەسمەتۇللا.

— سەن تېخى، ئاستىڭدىكى مۇنۇ ئۇچار دۇلدۇلىڭنىمۇ بېرەرسەن....

— نېمە؟!... — ئەسمەتۇللا ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمىدى، ئاياز ئۇنىڭغا كۈلۈپ قارىدى-دە، ئىشارە بىلەن سۆزلىدى:

— ئىشەنمىسەڭ، ئېتىڭنىڭ ساغرىسىغا قارا...

ئەسمەتۇللا شارتلا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قاراپ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. ئۇ، ئۆزەڭگە پۇتىنى قاتتىق تىرەجەپ تۇرۇپ سول قولىدا ئات ساغرىسىدىكى تامغا بېسىلغان جايىنى ھەدەپ سىلىغىنىچە بىر ھازا تۇرۇپ قالدى، ئۇنىڭ قولى گويا بىر پارچە چوغقا تەككەندەك كۆيەتتى.

ئۇتكەندە، ئەسمەتۇللا ناھىيىدىكى يىغىنغا قاتنىشىۋاتقان كۈنلەردە، ئاياز شۇجى چەتئەل سودا مۇتەخەسسىسلىرى بىلەن بىرگە بەيگە ئاتلىرىنى تاللاشقا چىققاندا، ئۆزىنىڭ «تېۋىلغاتور»ئېتى تېشىرقاپ كەتكەنلىكتىن مەنەلمەي، ئەسمەتۇللانىڭ ئېتىنى مىنىپ چىققان ئىدى. مېھمان-ساھىپخانلار «بېلىقسۇ» جىلغىسىدا ئۆزئارا ئويۇن قىلىپ بەيگە قىلىشتى. «ھايت!...» دېگەندىلا ئالدىغا چىققان «مارال قۇلاق» تاكى مەنزىلگە يەتكىچە باشقىلارنى يەتكۈزمىدى. ئات ھەدېگەندىلا مېھمانلارنىڭ كۆزىگە چۈشۈپ، ئۇلارنى قاتتىق جەلپ قىلىۋالدى، تامغىمۇ شۇھامان بېسىلدى...

ئەسمەتۇللا ئات ئۈستىدە قايىرىلىپ، ئاياز شۇجىنىڭ ئاستىدىكى داڭلىق بەيگە ئات — «تېۋىلغاتور» نىڭ ساغرىسىغا قارىدى، ئۇنىڭدا ھېچقانداق ئىز-تامغا كۆرمىدى. «— پاھ!... ئۇستاتلىغىنى قارا، سېنىڭ! — ئاچچىق ئازاپ ئىچىدە ئويلىدى ئەسمەتۇللا، — ئۆزەڭنىڭ ئېتىڭچۇ؟! داڭلىق بەيگە ئېتىڭنى نېمىشكە بەرمىدىڭ؟! بۇ ئىشىڭچە باشقىلارنىڭكىنى قۇربان قىلىپ، ئۆزەڭنىڭكىنى قوغداپ قالماقچى بوپسەن-دە، كۆرەي سېنى... ئالدى بىلەن پىچاقنى ئۆزەڭگە سال، ئاغرىمىسا كىشىگە!... بەرگىڭ كەلسە، ئۆز ئېتىڭنى بەر!...» شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ ئەرۋايى تېخىمۇ ئۆرلىگۈپ ئاچچىقلانغان ئەسمەتۇللا ئايازنىڭ ئارقىسىدىن قامچىسىنى شىلتىپ ۋاقىرىدى:

— بەرمەيمەن دېدىممۇ، بەرمەيمەن!... بەرگىڭ كەلسە، ئۆزەڭنىڭ داڭلىق ئېتىڭنى تۇتۇپ بەر!...

— ياخشى ئويلان، ئەسمەتۇل! — ئاياز شۇجى يىراقتىن ۋاقىرىدى.

ئاياز كەتتى، ئەسمەتۇللا ئىلقىلارنى كۆزدىن كەچۈرۈۋېدى، تامغا بېسىلغان ئاتلارنىڭ تەگدىن تولىسى ئۆزىنىڭ دۈيىدىن بولۇپ چىقتى. ئۇ، بۇ سەرخىل ئاتلىرىنى قانداقمۇ بېرەلىسۇن؟ ئۇلارنى بەردىڭ، فېرمىنىڭ بەركىتىنى شامالغا ئۇچۇردۇڭ دېگەن سۆز-دە... ئولگەننىڭ ئۈستىگە تەپكەندەك، ئۇنىڭ يۈرىگىنى تىنىمسىز ئازاپلاۋاتقان نەرسە مۇنۇ ئاستىدىكى پۇشقۇرۇپ، شوخلۇق بىلەن يەرتېپىپ كەلەپ، تىزگىن سىرىپ تۇرغان «مارال قۇلاق»نىڭ يانپىشىغا بېسىلغان تامغا ئىدى...

... چۈشتىن كېيىن يىغىن بولدى، ئاياز شۇجى يۇقۇرىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىمىزمۇ ياكى ئەسمەتۇللانىڭ پىكرىچە بەيگە ئاتلىرىنى

قالدۇرۇپ قويمىزمۇ، دېگەن مەسىلىنى ئاۋازغا
قويدى. كوپچىلىك بەيگە ئاتلىرىنى بېرىشكە
قوشۇلدى، قارشى بىرلا ئاۋاز — ئەسمەتۇللا بولدى.
ئۇ:

— بەيگە ئېتى سېتىشتا دېموكراتىك ئۇ-
سۇلدا ئىش كورمىدىڭلار، مەمۇرى ۋاستە ئارقى-
لىق بولدى... - دېگەندەك سوزلەرنى قىلغان
بولدى...

يېغىن تارقالدى، ھەممىنىڭ ئارقىسىدا يەنە
ئاياز بىلەن ئەسمەتۇللا قالدى.

— ماڭا قارىغىنا، - دېدى ئەسمەتۇللا ئىشىك
ئالدىدا توختاپ ۋە ئايازنىڭ قاراپوتىسىدىن چىڭ
تۇتۇپ ئالدىغا كۇچەپ تارتتى. بىراق، قىرىق
ياشلار چامىسىدىكى تەمبەللىك ئاياز خۇددى قاق-
قان قوزۇقتەك جايىدا مىدىر قىلماي تۇرۇۋەردى.
ئەسمەتۇللا قولىنى بوشاتتى-دە، سوزىنى داۋام
قىلدى، - مەزمۇت ئادەملىگىڭنى بىلىمەن! بى-
راق ئاخىرقى ئوتۇنۇشۇم، قارارىڭىنى
ئوزگەرتمەيدىغاندەك بولمايدۇ،
«تيانشان» ئاتلىرىنىڭ تۇنجى نەسلى «مارال
قۇلاق» بەيگىنى ساڭا بېرەي، قوينۇڭدىن توكۇل-
سە قونچۇڭغا دەپتىكەن، سىرتقا كەتكىچە ئو-
زىمىزنىڭ زېمىنىدا قالسۇن!...

ئەسمەتۇللا شۇ سوزنى قىلدى-دە، ئېغىر
تىنىدى ۋە ئايازغا ئۇمىت بىلەن تىكىلدى. ئۇ-
نىڭ بۇ قارىشىدىن: «ماقۇل دېسەڭچۇ، كىچى-
گىمىزدە ئىلقا پادىسىنى باققىنىمىزدىن تارتىپ
بىرنانىنى تەڭ بولۇپ يىگەن دوستلاردىن ئىدۇق،
ئەنە دېزە بىر-بىرىمىزنىڭ گېپىنى يېرىمىزمۇ؟!...»
دېگەندەك قىلاتتى.

ئاياز مىيىغىدا كۇلۇپ، قولىنى ئۇنىڭ
مۇرىسىگە قويدى-دە، مۇلايىملىق بىلەن دېدى:
— ئوزگەرتەلمەيمەن!... مېنىڭ قولۇمدىن
كەلمەيدۇ، بۇ سەن بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامدىكى

سىردا - سېتىق ئىشى ئەمەس، ۋەتىنىمىزنىڭ ئىناۋىتى-
گە مۇناسىۋەتلىك زور ئىش، ئاغىنە!... سەن
بۇنى ياخشى ئويلان، گەپ شۇ...

... ئەسمەتۇللا ئاتلارنىڭ دۇپۇرلىشىدىن
چوچۇپ ئويغاندى: «ۋاخ! ئاتلار دۇپۇرلەپ قال-
دىغۇ، يېتەپ كەلگەنمۇ نىمە؟! پىچىرلىدى ئۇ.
ئەنە چىلانتورۇق بەيگىمۇ كىشنەپ قالدى، مانا
قۇلا بەيگىنىڭ ئاجايىپ زىل كىشنىشى، پاھ!
ئاتلارنىڭ دۇپۇرلىشى، ياخشى ئاتنىڭ كىشنىشىنى
ئاڭلىمىغان، ياخشى ئېتىنى ئىشىك ئالدىغا تاڭ
ئاتقۇرمىغان چارۋىچىنىڭ ھاياتى ھايات بولامدۇ؟
ئۇ دەرھال چاپىنىنى يېپىنچاقلاپ تالاغا ماڭ-
دى، ئاڭغىچە ئىشىكمۇ قېقىلدى:
— تۇر!... ھەي، ئەسمەتۇل، تۇر، ئورنىڭ-
دىن!... ئات تۇياقلىرىنىڭ ئاستىدا قالدىڭ!...
— ئايازمۇسەن، - ئەسمەتۇللا ئىشىكنى
ئېچىپ ئاياز شۇجىنى ئويگە باشلىدى، - مېنىڭ
ئىلقىلىرىم نەدە بولسا سەنمۇ شۇيەردىلا ئۇنى-
دىغان بولدۇڭ... يەنە كېلىپ ئاتلىرىمنىڭ سەر-
خىلىگە كوزلىرىڭنى تىككىنىڭ- تىككەن!...
— ئۇنداق كوزى كىچىكلىك قىلما، ئەس-
مەتۇل. پۇتۇنىڭنىڭ ئۇچىدىلا كورگەن بىلەن بول-
مايدۇ، - ئاياز شۇجى سوزلەۋېتىپ قامچىسىنىڭ
دەستىسى بىلەن ئەسمەتۇللانىڭ مەيدىسىگە يە-
نىككىنە نوقۇپ قويدى، - دالا بالىسىدەك كوك-
سى-قارنىڭنى كەڭرەك تۇتساڭچۇ...
— ھەر نىمە دېسەڭ، دېگىن ئاياز. بەيگە ئاتلى-
رىمنىڭ كوزىگە ياغاچ تىقالمايمەن!...
— سەن بۇ ئىشىنىڭ ئارقىسىدا ۋەتەن
ئۇچۇن قانچىلىك شەرەپ ياتقىنىنى كورمەيۋا-
تىسەن، ئەسمەتۇل!
— نىمىشكە كورمەي؟... ، - دېدى ئەس-
مەتۇل قىزىشىپ. - ئوتكەنكى بەيگىلەردە قىر-
غىمىزنى پۇتۇن مەملىكەتكە تونۇتقان — مېنىڭ

«تىيالهان ئات» لەرنىمغۇ؟!...

— ئۇلىمغۇ، شۇنداق بولدى دەيلى، ئاياز قامچىسىنى پوتىسىغا قىستۇردى-دە، يانچۇقىدىن تاماكا ئېلىپ ئۇنىڭغا تۇتتى ۋە ئۆزىمۇ تاماكا ئورىغاچ سۆزىنى داۋام قىلدى، - ئاتلىرىڭ دۇنياۋى ئات بەيگىسىگە چۈشىمچۇ؟!...

— بۇ كېيىنكىدىن، سەن ماڭا ئاتلىرىڭنى چەتكە بەرگۈزۈۋېتىپ، فېرمىنى چېكى چىقماس، چېكى چىقىسمۇدېكى چىقماس قىلىپ قويماقچىسەن-دە... قىسقىسى مېنى ھەممىدىن مەھرۇم قىلىپ، ئاخىرقى ھېساپتا ھەممە شان-شەرەپنى ئۆزەڭ ئالماقچى بولىۋاتىسەن!...

— بۇ نىمە دېگىنىڭ؟! بىزنىڭ ھاياتىمىزدىكى بارلىق شان-شەرەپ ۋەتەنگە مەنسۇپ.

ئەسمەتۇللا ئۈنچىقمىدى، تاماكىسىنى ئىچىگە قاتتىق تارتىپ پۈۋلەيتتى. «يەنىلا شۇ گەپ...» دېگەن ئويدا بىر هازا يەرگە تىكىلىپ تۇردى، ئارىدا جىمجىتلىق هوكۇم سۈرمەكتە ئىدى. ئاتلارمۇ يىراقلاپ كەتكەن بولسا كېرەك، تۇياق ئاۋازلىرىمۇ ئاڭلانمايتتى، ئىشىكنىڭ «تاق» قىلىپ يېپىلىشىدىن ئەسمەتۇللا ئۆزىگە كەلدى، شۇندىلا ئايازنىڭ كېتىپ قالغانلىغىنى بىلدى. ئۇ، يەنە چىگىش خىياللار ئىچىدە قالدى:

«— قانداقتۇ بىر چەتئەللىك سودىگەرگە سەرخىل ئاتلىرىڭنى بېرىپ، ئورەڭنى شوتاقىل، ئۇ ۋە دۇنياۋى بەيگىگە قاتناشتۇرسۇن، بۇ، كىشىلەرنى ئۆز جۇگاڭدا تەرلە دېگەندىن باشقا گەپ ئەمەستە، قارا، بۇ ئايازنىڭ كەڭ قوساقلىق بولۇپ كەتكىنىنى؟...

چوڭقۇر ئويلارغا پاتقان ئەسمەتۇللانىڭ كۆز ئالدىغا بىردىنلا ئاياز كەلدى ۋە ئۇنىڭ ئۆتكەندە قىلغان: «— كىچىك ئومۇمى ئۈچۈن، چوڭ ئومۇمىنىڭ ئىشىنى ئاسقىتىش يولىدا ئات چاپمىغىن!... بايىقى، ئېتىڭ «ئۇدۇرىدۇ، ئاغىنە! ...» دېگەندەك گەپ-سۆزلىرى قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلىغاندەك بولدى. بۇنىڭ بىلەن كۆڭلى غەش بولدى: «توختا، ئايازنىڭمۇ بىر توغرا يېرى بارمىكىن؟!... ئۇ، شۇنداق جانپىدالىق بىلەن ئىشلەۋاتقان يەردە...» شۇ خىياللاردا ئۇ، ئايازنىڭ كەينىدىن ئىشىك ئالدىغا چىقتى.

تاڭ سۈزۈلۈپ كەلمەكتە ئىدى، ئۇپۇقتا ئايازنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى، ئىشىك ئالدىدىكى موما ياغىچىدا ئايازنىڭ داڭدار «تېۋىلغاتور» بەيگە ئېتىنى كۆرگەن ئەسمەتۇللا داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ، ئاتقا زوق بىلەن قاراپ قالدى: ئات ئىنتايىن كېلىشكەن بولۇپ، ساغرىسى خۇددى دۇم كۆمتۈرۈلۈپ قويۇلغان قازاندەك چىققان، تۈكلىرى يالتىراپ، يايلى-قۇيرۇقلىرى بولسا توكۇلۇپ تۇراتتى. ئۇ، دەممۇ-دەم قومۇچ قۇلاقلىرىنى يوپۇرۇپ، بوتا كۆزلىرىنى يىراققا تىككەن هالدا، خۇددى ئۇچۇشقا تەمشەلگەن بۈركۈتتەك، تۇياقلىرىنى يەرگە تەككۈزمەي تەلپۈنۈپ تىپىرلايتتى، گۈللەپ ئورۇگەن يۇگىنىنىڭ كۈمۈچ يالتىلغان ئېغىزدۇرۇغىنى چاينىغان هالدا كىشنەپ، موما ياغاچ ئەتراپىدا تىنماي پىقىرايتتى، ئات ئۈستىگە ئەسمەتۇللا ئۆزىنىڭ چىرايلىق نەقىشلەنگەن قۇش باش ئېگىرى توقۇلغان ئىدى، ئېگەرنىڭ كومەلدۈرۈك-قوشقۇنلىرى، چىبەر قۇت كورپە ئۈستىدىن تارتىلغان پىستانلىرى كۈمۈچ ۋە مىس بىلەن بېزەلگەن بولۇپ، ئۇلار تاڭ قۇياشىدا كۆز قاماشتۇرغىدەك چاقناپ، ئاتقا يەنىمۇ گۈزەل تۈس بېغىشلاپ تۇراتتى. مانا بۇ — ئەسمەتۇللا باشقىلارغا ئاغزىنى تامشىپ ماختاپ يۈرىدىغان ئاياز شۇجىنىڭ داڭلىق بەيگە ئېتى: «تېۋىلغاتور» ئىدى!... ئۆز ئېگەر-جابدۇقلىرىنى مانا شۇ ئات ئۈستىدە

( ئاخىرى 40 - بەتتە )

# مۇشتىرىلاردىن خەت

يولداش جاپپار قاسىمنىڭ «ئىلى دەرياسى» ژورنىلىنىڭ 1981 - يىل 3 - سانىدا ئېلان قىلىنغان «ھازازۇل» ناملىق ھېكايىسىنى قىزىقىش بىلەن ئوقۇپ چىقتىم. ئەسەر چۈشىنىشلىك، جانلىق، قىزىقارلىق يېزىلغان ۋە بۇ ئەسەردە كىتاپخانلارنى چوڭقۇر ئويلاندۇرىدىغان مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

ھېكايە شۇۋرىغانلىق بىر ئەتىگەنلىكى مەلۇم بىر ئىدارىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا سۇتكە نوۋەت كۈتۈپ تۇرغانلارنى تەسۋىرلەش بىلەن باشلىنىدۇ. سۇتنىڭ يۈزىنى بىرىنچى بولۇپ تاڭكېجاڭ ئالمىسا بولمايدىغانلىقى ئۈچۈن، شۇ تاپتا، نوۋەت كۈتۈپ تۇرغۇچىلارمۇ، سۈت ساتقۇچىمۇ مۈزلاپ، نارازىلىق كەيپىيات ئىچىدە، ئىدارە شۇجىسىنىڭ ئايالى بولغان بۇ ئالاھىدە ھوقۇقلۇق شەخسنى كۈتۈپ تۇرۇشاتتى. ئەسەردىكى سەلبى ئوبراز ئاگاتوپ تاڭكېجاڭ كەلگىچە باشقىچە قىياپەتتە تۇرغان بولسىمۇ، تاڭكېجاڭنى كورۇپلا، تۈلكە قۇيرۇغىنى شىپاڭلىتىپ باشقا قىياپەتكە كىرىدۇ. تاڭكېجاڭ ئۆز يېنىدىكى بۇ خوشامەتچىنى كورۇپ، تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ، ھەق پىكىر قىلغان نادىرغا ئېسىلىپ جېدەل چىقىرىدۇ. كىشىلەر غۇل-غۇلا قىلىپ: «رەھبىري كادىرنىڭ ئايالىدا رەھبىري كادىرنىڭ ئايالىغا خاس ئەخلاق - پەزىلەت بولۇشى كېرەك» دەيدۇ. بۇ سوز ئاممىنىڭ رەھبىري كادىرلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىدىن كۈتكەن ئۈمىدى.

ھېكايىدىكى ۋەقەلىك ئەنە شۇ ئاساستا راۋاجلىنىپ، تاڭكېجاڭ بىلەن ئاگاتوپ بۇلۇڭ-پۇشقاقتا باش قوشۇپ، نادىر ئۈستىدىن يالغان ئەنىزە پەيدا قىلىشنى پىلانلىشىدۇ. ۋەقەلىك راۋاجىغا ئەگىشىپ، كىتاپخانلارنىڭ دىققىتى: ئەندى بۇ ئىشنى تاڭكېجاڭنىڭ يولدىشى ۋاڭ شۇجى قانداق بىر تەرەپ قىلار، دېگەنگە مەركەزلىشىدۇ. ئاخىرىدا، تاڭكېجاڭ ۋە ئاگاتوپنىڭ نادىرغا سىياسى زىيانكەشلىك قىلماقچى بولۇپ ئاچقان يىغىنىنىڭ ئۈستىگە ۋاڭ شۇجى يېتىپ كېلىپ، ھەقىقەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، سۇئىقەستچىلەرنىڭ ئەپتى - بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلايدۇ.

3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيە ئىنتىزامى ئەسلىگە كېلىپ، دولەت چوڭ تۈزۈلۈشكە قاراپ ماڭدى. «ھازازۇل» ھېكايىسىدىكى ۋاڭ شۇجى پارتىيىنىڭ ۋەكىلى. ۋاڭ شۇجىنىڭ تاڭكېجاڭ ۋە ئاگاتوپلارنىڭ ئۆزىنى سوراق سەھنىسىگە تارتىپ چىقىرىشى—دەۋرنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى، ھوقۇققا تايىنىپ ئوكتەملىك قىلىدىغان ھازازۇللارنىڭ، ھىلە - مىكرى ۋە خوشامەتچىلىكنى ئىشقا سېلىپ يۇقۇرىغا ياماشىدىغان نەيرەڭۋازلارنىڭ ئەندى ئىشى ئاقمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

ھېكايىنىڭ ئاخىرقى سەھىپىلىرىنى كورۇۋاتقان ۋاقتىمىزدا، بىز: نادىرنىڭ ۋاڭ شۇجىنىڭ قولى-

نى مەھكەم سىقىپ تۇرۇپ قىلغان تەسىرلىك سۆزلىرىنى ئوقۇپ، پارتىيىگە بولغان مۇھەببىتىمىز ئۇرغۇيدۇ، پارتىيە سىياسىتىنىڭ توغرا ئىجرا قىلىنىشى — مىللى ئىتتىپاقلىقنىڭ ھەقىقى كاپالىتى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز.

بەكرى نايىپ

☆ ☆ ☆

1981 - يىل 4 - سان «ئىلى دەرياسى» ژورنىلىدىكى ماخمۇت ئىلياسنىڭ «مۇھەببەت لوككىسى» نامىلىق ھېكايىسى بىلەن ماخمۇت مەھەممەتنىڭ «سەن قاياققا كەتتىڭ؟» نامىلىق ھېكايىسىنىڭ بەدىئى مۇۋەپپەقىيىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ. «ئىلى دەرياسى» ژورنىلىدىكى مۇھەببەت تېمىسىغا بېغىشلانغان ئەسەرلەرنىڭ ئىچىدە بۇ ئىككى ھېكايە مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، قۇرۇلمىسىنىڭ ئىخچام ۋە پۇختىلىقى بىلەن كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ.

مۇھەببەت — قەلبىگە رۇخسەتسىز كىرىپ كېلىپ، كىشىنى ئۆزىنىڭ ئاجايىپ كۈچى بىلەن ئىلكىگە ئالىدىغان تەبىئى بىر تۇيغۇ. ياشلارنىڭ تۇرمۇشقا قارىشى، تەربىيىلىنىشى ۋە باشقا خىلمۇ - خىل سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن، ئۇلارنىڭ مۇھەببەتكە تۇتقان پوزىتسىيىسىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ.

ماخمۇت ئىلياسنىڭ ھېكايىسىدىكى ئەكبەر دەۋرىمىزدىكى ئالدىنقى قاتاردىكى ياشلارنىڭ تىپىك ۋەكىلى. ئەكبەر مۇھەببىتىگە سادىق بولۇش، ئىلىم - پەنگە ئۆزىنىڭ ياشلىق باھارىنى بېغىشلاش، ۋاقىتنى قەدىرلەش ۋە تۇرمۇشنى رەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق پەزىلەتلەرنى ئۆزىدە گەۋدىلەندۈرگەن ئىجابى قەھرىمان. ماخمۇت مەھەممەتنىڭ ھېكايىسىدىكى دىلبەر — ھەقىقى مۇھەببەتنىڭ نېمىلىكىنى چۈشىنەلمەيدىغان، ئادەم تاللاشتا مال - مۈلۈك، مەنسەپ، ھەۋەسنى ئۆلچەم قىلىدىغان ۋاپاسىز، غايىسىز، جەمئىيەتكە ۋە كىشىلىك تۇرمۇشقا نىسبەتەن ھېچقانداق تۇراقلىق چۈشەنچىسى بولمىغان بىر سەلبى قەھرىمان.

ئەكبەر بىلەن دىلبەر ئەنە شۇنداق بىر - بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل پېرسوناژ. ئاپتورلار بۇ ئىككى ئوبراز ئارقىلىق، ياشلارنى مۇھەببەتكە توغرا مۇئامىلە قىلىشقا ئۈندەيدۇ. ئوقۇغۇچىنى ئەكبەردەك سايدىل، ۋىجدانلىق بولۇشقا، دىلبەرگە ئوخشاش چاكىنا ھەۋەسنى قوغلاشماسلىققا چاقىرىدۇ.

بۇ ئىككى ھېكايىنىڭ ئېلان قىلىنىشى، ياشلارنىڭ ئىدىيىۋى تەربىيىسىگە نىسبەتەن ئالاھىدە ئەھمىيەتلىك بىر ئىش، دېيىشكە بولىدۇ. مەن «ئىلى دەرياسى» ژورنىلىدا مۇشۇنداق ئەسەرلەرنىڭ داۋاملىق ئېلان قىلىنىشىنى ئالقىشلايمەن.

ئەركىن مۇساجان

## ئىككى شېئىر

ئابدۇسالام توختى

# سويۇملۇك يۇرتۇم

نوغايتۇ!
گەرچە سەن ئاددى بىر يېزا،
ۋە لېكىن مەن ئۈچۈن ئەڭ ئەزىز تۇپراق.
سويۇملۇك يۇرتۇمسەن، ساڭا چىن ئىشقىم —
قەلبىمدە پارلىغان بىر نۇرلۇق چىراق.

چۈنكى مەن تۇغۇلۇپ سېنىڭ قوينۇڭدا،
توكۆلگەن باغرىڭغا ساپ كىندىك قېنىم.
كوز ئېچىپ دۇنياغا كەلگەندە، شۇئان
ئانىلىق مېھرىڭدە يايرىدى دىلىم.

..........................................

ئاتا-ئانىسىز قالسامۇ گۇدەكلىكىمدە،
كويۇمچان ئانامدەك بولدۇڭ مېھرىۋان.
نوغايتۇ!

شۇڭا مەن ھەردەم،
ھەر جايدا
دەيمەن چىن قەلبىمدىن سېنى «ئانىجان!»
سۇلىرىڭ لەززەتلىك ئانا سۈتىدەك،
ئۇنىڭ ھەر تامچىسى خۇددى شېرىن بال.
يەرلىرىڭ زەپ مۇنبەت،
باغلىرىڭ كوركەم،
سەن گويا ئاي يۈزلۈك بىر ساھىپجامال!

چىن ئىشقىڭ دىلىمغا يار بولغاچ ھامان،
كېلىمەن سېغىنىپ سېنى ھەر قاچان.
ئوغلۇڭمەن!
ساڭا چىن ئىشقىم تا ئەبەت
يانىدۇ كوكسۇمدە بولۇپ زور گۈلخان!

# فونتان

ئۇرغۇپ يەر قېتىدىن چىققان سۈزۈك سۇ
بولۇپتۇ بېھىساپ مەرۋايىت جالا.
كۆمۈشتەك ھەر جالا قايرىلىپ چۈشۈپ،
ياساپ زور بىر فونتان تۇرار باغ ئارا.

قۇياشنىڭ نۇرىدا چاقنىغان فونتان،
ئوخشار چوڭ ئېچىلغان قار لەيلىسىگە.
ھەر سۈزۈك تامچىسى گويا بىر گوھەر،
مەس بولۇپ باقىسەن ئۇنىڭ ھوسنىگە.

رەڭمۇ-رەڭ گۈل بىلەن پۈركەنگەن باققا،
بۇ فونتان تېخىمۇ بەرگەن چوڭ زىننەت.
زۇمرەتتەك سۈپ-سۈزۈك پاكىز سۇيىنى
كەر ئىچسەڭ، تېنىڭگە بېغىشلار قۇۋۋەت.

توختىماي ئېتىلىپ تۇرار بۇ فونتان،
ئۇنىڭ ھەر تامچىسىدا جىلۋە قىلار نۇر.
كۈرمىڭلاپ بەختىيار قىز-يىگىت بۇ جايدا،
شات-خورام سەيلى قىلىپ ئالىدۇ ھوزۇر.

كەلدىم مەن،
بىر دوستۇم بىلەن بۇ جايغا،
دىدى ئۇ:
«نە قەدەر كوركەم بۇ فونتان!»
دىدىم مەن:
«ئەلگە چىن ئىشقىمىز دىلدىن
شۇ گۈزەل فونتاندەك ئۇرغۇغاي ھامان!..»

## ئىككى شېئىر

قېيۇم سوپى

# ئىلى يوللىرى

گۈزەللىك بوستانى ئىلى يوللىرى،
كۆپۈلدەپ ھەر ياندىن ئەتىر پۇرايدۇ.
ياپ-يېشىل ئورماندىن شۆڭغىغان نۇرلار،
يوللارغا يىپەك يىپ بولۇپ تارايدۇ.

شېخىغا بۇلبۇلنى قوندۇرغان گۈللەر،
ئەركىلەپ شامالدا كۈلۈپ قارايدۇ.
جانانىنىڭ مەڭزىدەك سۈزۈك ئالمىلار،
كۆز قىسىپ ياپراقلار ئارا مارايدۇ.

ئۆتتۈدۇ شۇ يوللارداۋان-چوققىدىن،
ھە، ئۇندا يەنىلا يەلپۈنەر باھار.
قولىدا گۈل، كۈلىدۇ تاغ مەلىكىسى،
چاچىدۇ خۇشپۇراق قارىغاي-قېيىنزار...

ئۇلىنار بوستاندىن بوستانغا يوللار،
ئۇلىنار زۇمرەت سۇ كۆمۈچ بۇلاقلار.
ئۇلىنار شۇ يولدا تاغدىن تاغلارغا،
يېقىملىق ناخشىلار — لىرىك قوشاقلار.

ئايىغى قەيەردە بىلمەيمىز ئۇنىڭ،
ئايىغى ئۈزۈلمەس بوستانلارنىڭ ھەم.
بارىدۇ سەپەرچى بەخت قوينىدا،
جەننەتتىن-جەننەتكە قويغاندەك قەدەم.

شۇ گۈزەل يوللاردىن ئالماۋادىسى،
تاققاندۇر كۆككە يېشىل بېزەكنى.
شۇڭلاشقا جىلۋە قىپ ئىلى دىلبىرى،
تارتىدۇ ئۆزىگە ھەربىر يۈرەكنى.

شۇ ئىلى يولىدا ئالغان ھەر نەپەس،
بېغىشلار كىشىگە يېڭى بىر ياشلىق.
شۇ يولدا قالغان ئىز، باسقان ھەر قەدەم،
ئۇنتۇلماس خاتىرە — تۈگىمەس شاتلىق.

ئۇنىڭدىن ئۆتتۈشۈپ دەيدۇ بەزىلەر:
بۇ يولغا گۈزەللىك نەدىن پۈتۈلگەن؟
مەن دەيمەن: ئىللىق پېشانىسىدىن
ھەر گۈلچۈن دەريالاپ تەرلەر تۆكۈلگەن.

# ياشلىق باھارى

ئېغا ياشلىق باھارى جىلۋىلىك ئەجەپ،
ئۆمۈرنىڭ ئەركىسى گۈلتاجىسى ئۇ.
ھاياتنىڭ كۆكىدە چاقنىغان چولپان،
كېلەچەك تېگىمىنىڭ خەۋەرچىسى ئۇ.

كىشىگە زىننەتتۇر، ۋەتەنگە زىننەت،
شۇ ياشلىق باھارى كۈلدۈرگەن چېچەك.

ئۇدۇر ھەم گىگانت قۇرۇلۇشلار ھۇلى،
يېڭىلىق ھەم ئىجات بىلەن قوشكېزەك.

ئۇ، ۋەتەن باھارى بىلەن تومۇرداش،
كۆكلىمەس ئۇ پەقەت ئۇندىن ئايرىلىپ.
ئەجرىڭدىن گۈل چەكسەڭ ئەل باھارىغا،
تۇرىدۇ شۇندا ئۇ كۈلۈپ-ياشىرىپ.

# پېشقەدەم خەلق سەنئەتچىسى ئەزىم موللابىنىنى باقى بىلەن سوھبەت



پېشقەدەم خەلق سەنئەتچىسى ئەزىم موللابىنىنى باقى (ھېزىم موللا) 1906-يىلى غۇلجا شەھرىنىڭ قازانچى مەھەللىسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، ھازىر 76 ياشقا كىردى. ئۇ 1925-يىلىدىن باشلاپ مۇزىكا بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ زامانىسىدىكى مەشھۇر ئەلنەغمىچىلەردىن قېتىقىنىپ ئۆگىنىپ، 1935-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇ ئۆگىنىش، تولۇقلاش، رەتلەپ مۇقىملاشتۇرۇش باسقۇچلىرىنى باشتىن ئۆتكۈزۈپ، ساز چېلىش ماھارىتىدە كۆزگە كۆرۈنگەن.

ئەزىم موللا 1935-يىلىدىن كېيىن، ھەر قايسى ئورۇنلاردىكى سەنئەت كۇرژۇكلىرىغا ئاكتىپ قاتنىشىپ، تەشكىللانچىلىق ۋە ئۇستازلىق رول ئويناپ، ئىلى رايونىدىكى سەنئەت ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئۆز ھەسسىسىنى قوشتى ۋە كۆپلىگەن شاگىرتلارنى يېتىشتۈردى. ئۇز ۋاقتىدا ئەزىم موللا ئاكا تەربىيىلىگەن سەنئەتچىلەرنىڭ بىر قىسمى ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى ئورۇنلىرىدىكى سەنئەت تەشكىلاتلىرىدا خىزمەت ئۆتەپ تۇرۇپتۇ.

يېقىندا، بىز بۇ پېشقەدەم سەنئەتچىنى زىيارەت قىلىپ، سەنئەت ئىشلىرىمىزغا دائىر بىر قانچە سوئاللارنى سورىغان ئىدۇق. تۆۋەندە بىز شۇ سوھبەتنىڭ قىسقىچە مەزمۇنىنى تونۇشتۇردۇق.

**سوئال:** سىزنىڭ سەنئەتتە يېتىلىش جەريانىڭىز قانداق بولغان؟

**جاۋاپ:** 1922-يىللىرى بولسا كېرەك «يالغۇز ياغاچ» يېزىسىدىكى چوڭ دادىمىز ئىمىن ئەللىككېبېشى دېگەن كىشى بىزنى خەتنەتويغا تەكلىپ قىلىپتۇ. بىز ئائىلە بويىچە تويغا چىقتۇق. تويغا «ئويمان بايتوقاي»دىكى ئاتاقلىق سازەندە ۋەلەم دۇتارچى تەكلىپ قىلىنغان ئىكەن، كېچىسى بولغان ئولتۇرۇشتا ۋەلەم دۇتارچى بىللە كەلگەن شاگىرتلىرى بىلەن بەزمە قىلىپ بەردى. بەزمە باھاسىز ھالدا كۆڭۈللۈك بولدى. ئاخىرىدا، جامائەت سازەندىلەرگە دۇئا قىلىپ رەخمەتلەر ئېيتتى. كۆپىنچە



كىشىلەر تەسىرلەنگىنىدىن، كۆز يېشى قىلىدى. شۇ كۈنى، ۋىلەم دۇتارچىنىڭ چالغان مۇزىكىسى بىلەن ئېيتقان ناخشىلىرى ماڭا ئاجايىپ تەسىر قىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ مەندە ساز ئۆگىنىش ئىشتىياقى قوزغالدى.

شۇ يىلدىن باشلاپ، ئاكام ئەزىمدولەت دۇتار ئۆگىنىشكە كىرىشىپ، 3 يىل ئىچىدە مۇزىكا ساۋادىنى چىقاردى. 1925-يىلدىن باشلاپ مەن ئاكامدىن ئوغۇرلۇقچە دۇتار ئۆگىنىشكە باشلىدىم. 1928 يىلى قىشقا كەلگەندە، رەسمىي مەشرەپلەرگە قاتناشتىم. بۇ مەشرەپلەردە دۇتارچى رۇشىدىن ئاكا، تەمبۇرچى ئابدىرېمكام، غىجەكچى نادىركاملار بار ئىدى. ئۇلار تەڭدىشى يوق، ماھارەتلىك مۇزىكچىلاردىن ئىدى. ئۇلارنىڭ ماڭا بولغان تەسىرى چوڭ بولدى. مەن ئۇلاردىن ئاھاڭلارنىڭ تەرتىپلىرىنى، ناخشىلارنى بىربىرىگە ئۇلاپ يۇرۇشلەشتۈرۈش يوللىرىنى ئۆگەندىم.

1930-يىلدىن باشلاپ «سۇدەرۋازا»دىكى باللارنىڭ مەشرەپلىرىگە قاتنىشىپ، بۇ مەشرەپلەردە جامىكام، روزى تەمبۇر، ئابدىرېم غىجەكچى قاتارلىق ئۇستازلاردىن مۇقاملارنىڭ نەغمە، مەرغۇللىرىنى ئۆگەندىم.

1932-يىللارغا كەلگەندە، غوجاملارتىڭ مەشرەپلىرىدىكى ھاشىمكام، باراتئاكا، ۋاپۇرۇش زۇنۇنكام، قەراخۇنكام، نىيازكام دۇتارچى، سۇنۇمكام قاتارلىق مۇزىكانتلارنىڭ چالغان سازلىرىغا ئوزەمنىڭ ئۆگەنگەنلىرىنى سېلىشتۇرۇپ، مۇقىملاشتۇرۇشقا ئوتتۇم.

1931-يىلدىن باشلاپ ۋاڭ بوچىڭ دىگەن خەنزۇلارنىڭ سازەندىسىدىن ھەق تولەپ 3 يىل ياڭچىڭ چېلىشنى ئۆگەندىم.

سوئال: سىز ئوتكەن ساز ئۇستىلىرىدىن كىملەرنى بىلىسىز؟

جاۋاب: يۇقۇرىدا مەن ئوزەم ساز ئۆگەنگەن ۋە ئارىلاشقان خەلق سەنئەتچىلىرىنى ئاتاپ ئوتتۇم. ياش يولداشلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن، ئوزەم كورگەن بەزى پېشقەدەملەر ھەققىدە بىلگەنلىرىمنى قىسقىچە ئەسلەپ ئوتەي:

## مەھەممەت موللا (كارۇشاڭ ئاخۇنۇم)

ئەسلىمىچە: بۇ ئادەم ئوتتۇرا بويلۇق، بۇغداي ئوڭلۇك، ئاغزى يوغانراق، كالپۇكلىرى قېلىن كىشى ئىدى. ئۇچىسىغا قەشقەرچە پېرىجە، ئۇزۇن ئاق كوينەك، ئايىغىغا كەشە كىيىپ يۇرەتتى. 1915-يىللىرى، «توت كوۋرۇك» مەھەللىسىدىكى تۇداخۇن باينىڭ قوراسىنىڭ ئورنىدا جولوزۇڭ دىگەن شىۋەنىڭ جايى بولۇپ، چوڭ كوچىدا قاتار كەتكەن، قىزىل سىرلاقلىق دۇكانلار بار ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى قوش ئىشىكلىك چوڭ بىر دۇكان ساماۋارخانا بولۇپ، يېنىدا سېرىق تاماكا چېكىدىغان مەيدان بار ئىدى. بۇ يەرگە چاي ئىچىش، سېرىق تاماكا چېكىش ئۈچۈن ئادەملەر نۇرغۇن يىغىلاتتى. كارۇشاڭ ئاخۇنۇم مۇشۇ يەردە مېھمانلارغا ساتار چېلىپ، مۇقام ئېيتىپ بېرەتتى. مېھمانلار ئوز ئىختىيارى بىلەن ئاتىغان پۇللىرىنى پەتنۇسقا سېلىپ، بۇ كىشىنىڭ ئالدىغا قويۇپ قوياتتى. شۇ چاغلار مەتىمىن ئاخۇن ئاكىنىڭ كارۇشاڭ ئاخۇنۇمدىن مۇقام ئۆگىنىۋاتقان ۋاقتى ئىدى. بىر قېتىم ئۇ مەتىمىن ئاخۇن ئاكىغا: «ئىلىنىڭ خەلقى ناخشىنى تولىمۇ ياخشى كورىدىكەن؛ بىراق، مۇقام، نەغمە بىلەن كارى يوق ئىكەن» دىگەن ئىكەن.

## ۋەلىم دۇتارچى

ۋەلىم دۇتارچى «ئويمان بايتوقاي»لىق بولۇپ، ئوتتۇرا بوي، بۇغداي ئۆڭلۈك، غوللىرى كەڭ، قەددى-قامىتى كېلىشكەن ئادەم ئىدى. ۋەلىم دۇتارچى نامرات ئائىلىنىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇ 1880-يىللىرى جان باقى شاڭيۇغا يىللىقچى بولۇپ ئىشلەپ يۈرگەن چاغلىرىدا، ھېيت سوپىكام دېگەن سازچىدىن دۇتار ئۆگىنىشكە كىرىشىپ، 1890-يىللارغا قەدەر بايتوقاي سەھرالىرى بويىچە شۆھرىتى چىقىدۇ. ۋەلىم دۇتارچى ئاھاڭى ناھايىتى ساز، ناخشىنى ئۇستۇن ماھارەت بىلەن ئېيتىدىغان، ئەر-ئايال بولسۇن ھەر قانداق ئادەمنى قايىل قىلىپ، رازىلىقىنى ئالالايدىغان ئۇتكۇر سەنئەتچى ئىدى. ۋەلىم دۇتارچىنىڭ ئۇيغۇر خەلق ئاھاڭلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ ئىجات قىلغان ئۇرغۇن ناخشا ئاھاڭلىرى ھازىر خەلق ئىچىگە خەلق ناخشىسى بولۇپ سىڭىشىپ كەتتى. ۋەلىم دۇتارچىنىڭ خەلق ئاھاڭلىرىنى رەتلەش، بېيىتىشتا ئالاھىدە تۆھپىسى بار، دەپ قارايمەن.

1920-يىلى، «يالغۇز باغاچ» تا بولغان خەتنە تويىدا، چوڭ دادام ۋەلىم دۇتارچىدىن: قانچە ياشقا كىردىڭىز؟-دەپ سورىغاندا، ۋەلىم ئاكا: پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېشىغا كەلدىم،-دېگەن ئىدى. شۇنداق بولغاندا، بۇ تالانتلىق سەنئەتچىنى، 1860-يىلدىن 1930-يىللىرىغىچە ياشىغان، دېيىشكە بولىدۇ.

## ھاسان تەمبۇر

ھاسىنكام غۇلجا شەھەر «شەھەر ئىچى»لىك ئادەم ئىدى. ئۆزى ئوتتۇرا بوي، چىنى چىراي، خۇشخۇي، ئىسسىق نەپەزلىك، ئاق كۆڭۈل ئادەم بولۇپ، كونا يەرلىك ئادەم بولغانلىقتىن، ئىلىنىڭ كىلاسسىك چوڭ ناخشىلىرى بولسۇن، ئەر-ئايال ئۇسۇل ناخشىلىرى بولسۇن ۋە ياكى ئاياللارنىڭ قىسقا ئودارلىق ناخشىلىرى بولسۇن، ھەممىسىنى دېگىدەك بىلەتتى. مۇزىكا جەھەتتىن دۇتار-تەمبۇر چالاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇزىكىدىكى ئالاھىدە تالانتى بىلەن خەلق ئىچىدە «ھاسان تەمبۇر» دەپ نام ئېلىپ شۆھرەت قازانغان. ھاسان تەمبۇر ئاما ئېتىراپ قىلغان مەشھۇر ئۇستاز.

## قەراخۇن ئاكا

بۇ كىشى چىرايى سەۋزە رەڭگە مايىل، ئوتتۇرا بوي، ئاق يۈزلۈك، قوي كۆزلۈك، يۇمشاق سۆز ئادەم بولۇپ، ياغاچچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىناتتى. قەراخۇنكاممۇ ئىلىدا ئۇزاق يىللىق تارىخى بار كونا ئادەملەردىن ئىدى، خەنزۇچىنى ناھايىتى راۋان سۆزلەيتتى. دۇتار، غىجەك، ياڭچىڭلارنى چالالايتتى. غىجەكنى چېلىپ تۇرۇپ، خەنزۇلارنىڭ «لەنتەن» دېگەن ناخشىسىنى ئېيتىپ، ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ بېرەتتى. يەنە شىۋەچە ناخشىلارنى ئېيتىپ، تەرجىمە قىلىپ بېرەتتى. تەرجىمىسى:

بۇغداينى سوقماي يىگىلى بولماس،

بېدىنى سۇ قويماي ئورىغىلى بولماس...

دېگەندەك سۆزلەر ئىدى.

قەراخۇنكام ياڭچىڭنى ئۆزگەرتىپ، 16 پەدىلىك بىر چوڭ مۇزىكا ئەسۋابى قىلىپ ياساپ، مەشرەپ-تويلاردا چېلىپ يۈردى. «ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى» قۇرۇلغان چاغلاردا، بۇ ئۇيغۇرچالغۇ ئەسۋابىغا ئۆزگەرتىلگەن ياڭچىڭنى مەتتايىر

چېلىپ، ئازاتلىققا قەدەر ئىشلەتتى. ئومۇمەن سازغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان چوڭ ئاۋازلىق مۇزىكا بولمىسا بولمايدىغانلىقى ئۈچۈن، قەرا-خۇنكام ئىسلاھ قىلغان ياڭچىڭنىڭ رولى چوڭ بولدى، ئەلۋەتتە. بۇ، چوڭ تۆھپىلەردىن بىرى ھېساپلىنىدۇ.

## جامى ئاكا

جامىكام—ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاتاقلىق چالغۇچى ھۆسەنجان جامىنىڭ دادىسى بولىدۇ. ئۇ 1878-يىلى غۇلجا شەھىرىنىڭ «سۇدەرۋازا» مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. جامىكام دۈگلەكرەك كەلگەن، بۇغداي ئۆڭلۈك، قارا كوز، ئۇزىدە ياراشقان شالاڭراق ساقاللىرى بار، ئوچۇق چىراي، كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلالايدىغان، ئاق كوڭۇل ئادەم ئىدى. جامىكام ئاغىنىلىرى مەسۇم توقۇم، مۇسا پاكا، نىيازكام قاتارلىق كىشىلەر بىلەن ساز ئۆگىنىشكە كىرىشىپ، 1905-يىللارغا كەلگەندە خەلق ئارىسىدا تونۇلىدۇ.

1906-يىلى جامىكامىنىڭ ئاتا-ئانىسى: ئوغلىمىز ئويۇنچى بولۇپ كەتتى، تىجارەت يولىغا سالمىساق بولمىدى دەپ، ئۇنى ئات-هارۋا، پۇل بىلەن تاغىسىغا قېتىپ، ئەنجانغا يولغا سالىدۇ. ئەنجانغا بارغاندا، جامىكامىنىڭ تاغىسى كىرا ھەققىنى يىغىش، ماللارنى سېتىش بىلەن بولۇپ كېتىدۇ. جامىكام ساماۋارخانىلارغا بېرىپ، ئۆزبېك ئەلنەغمىچىلىرىدىن ساز ئۆگىنىدۇ. ئۇ، تاشكەنتكە ئىككى قېتىم مال ئېلىپ بارغاندا، بىر تەرەپتىن تىجارەت قىلىپ، بىر تەرەپتىن ئۆزبېك سەنئەتچىلىرىدىن باياز، بايات، مىسكىن، رەجەبى، ئەشۋاي، كورت، سۇۋۇتى، ھەرۋى گۈلىستانى قاتارلىق مۇزىكىلارنى ئۆگىنىپ، ئاخىرىدا ئۆزبېك ئۇستازى موللا پىردوس نىزامى دېگەن كىشىنىڭ رازىلىق دۇئاسىنى ئېلىپ قايتىدۇ. 1913-يىلى جامىكام شۇ يەردە ئۆيلەنگەندىن كېيىن، ئاق پادىشا پاشلاردىن ئەسكەر ئالىدىكەن، دېگەن گەپ چىقىپ، جامىكامىنىڭ ئاغىنىلىرى ئۇنى ئەسكەرلىكتىن قاچۇرۇپ ئىلىغا يولغا سېلىپ قويىدۇ. جامىكام شۇ چاغدا غۇلجىغا داس، چېلەك، قاڭالتىر قاتارلىق ماللارنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى.

جامىكام غۇلجىغا كەلگەندىن كېيىن، كارۇشاڭ ئاخۇنۇمدىن 8 مۇقامنى داستان-مەرغۇللىرى بىلەن ئۆگەندى. يەنە بىر تەرەپتىن تويمەشرەپلەردە بولۇپ خەلق سورۇنلىرىنى تېخىمۇ جانلاندۇردى. ياشلارنى تەربىيىلىدى. مەن 1930-يىللىرى سۇدەرۋازىدىكى باللارنىڭ مەشرەپلىرىدە بولغان چېغىمدا، بۇ دەل روزى تەمبۇر بەزى مەرغۇللارنى جامىكامدىن ئۆگىنىپ تولۇقلاۋاتقان ۋاقتى ئىكەن. روزىكامىنىڭ پۇرسەت تاپسىلا جامىكامدىن بەزى نەرسىلەرنى سوراپ يۈرگەنلىكىنى كورگەن ئىدىم. مەنمۇ دۇتار چېلىشتىكى قول ئۇرۇش قائىدىلىرىنى جامىكامدىن ئۆگەنگەن.

جامىكام ئۇيغۇر كىلاسسىك ناخشا-سازلىرىنى ساقلاش، ئەۋلاتلارغا يەتكۈزۈش، يېڭى كۆچلەرنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش جەھەتلەردە غايەت چوڭ ئىشلارنى ئىشلىگەن ئاتاقلىق مۇزىكاشۇناس. بولۇپمۇ ئۇ، دۇتارغا قول ئۇرۇش تېخنىكىسى جەھەتتە تەڭدىشى يوق سەنئەتكار ئىدى.

سوئال: ھازىر خەلق ناخشىلىرى قاتارىدا ئېيتىلىۋاتقان ناخشىلار ئىچىدە پېشقەدەم سەنئەتچىلەرنىڭ ئىجادىيەتلىرىمۇ بارمۇ؟

جاۋاپ: 1880-يىللىرى ئىلىدا كوچىكوچ بولغاندا، بىر قىسىم كىشىلەر روسىيىگە چىقىپ كېتىپ، سەھرالاردا ئادەملەر شالاڭلى-

ىپ كەتكەن. شۇ چاغدا ۋىلەم دۇتارچى كو-
چۇپ چىقىپ كەتكەن ئۇرۇق-تۇققانلىرىنى
سېغىنىپ 3 ناخشا ئىجات قىلىپ، خەلق ئىچىگە
تارقاتقان. بۇ ناخشىلارنىڭ بىرى ھازىر «ھار-
ۋىكەش ناخشىسى» دەپ ئېيتىلىۋاتىدۇ. بۇناخشىنى
ۋىلەم دۇتارچىنىڭ «خەلق ناخشىسى» دېگەن
نامدا ئىشلىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم.

1895-يىلى ۋىلەم دۇتارچى گۈلەمخان ۋە-
قەسىگە ئاساسەن ئاھاڭ ئىشلەپ «گۈلەمخان
ناخشىسى» نامى بىلەن خەلق ئىچىگە تاراتقان.
ۋىلەم دۇتارچى ئىجات قىلىپ خەلق ئارىسىغا
تارقاتقان يەنە بىر ئاھاڭ ئۇسۇللۇق ناخشىلار
رېتىمىدىكى «گۈلەمخان ئۇسۇللۇق ناخشىسى».
مەن يۇقۇرىدا ئەسلەپ ئۆتكەن «يالغۇزياغاچ»تا
بولغان توي ئۈچ كۈن داۋاملاشقان ئىدى.
ۋىلەم ئاكا شۇ قېتىم ئايالارنىڭ بەزمە ئول-
تۇرۇشىدا گۈلەمخان توغرىسىدىكى يۇقۇرقى
ناخشىلارنى ئېيتىپ، ئۇسۇلغا چالغاندا، ئايالار-
نىڭ بەزىلىرى ياغلىق، بەزىلىرى پۇل، بەزىلىرى
ھالقا-ئۈزۈكلىرىنى سوغۇرۇۋېلىپ ئوردىگەن
ئىدى.

قاينۇق يېزىسىدا ئىسكەندەرشايىم دېگەن
سازچى ئادەم بار ئىدى. بۇ ئادەمنى 1930-يىلى
كۆرگەن ئىدىم. بۇ كىشى ساقاللىق، ئېگىز،
چىرايى ئاق، خۇشخۇي ئادەم بولۇپ، دۇتار
چالاتتى؛ كىلاسسىك ناخشىلارغا ئۇستا بولۇپ،
ناخشىلارنى سەھرا قائىدىسى بويىچە ئېيتاتتى.
ئۇ: «يەللەللى شايى گۈل، بىرەللى شايى گۈل»
دېگەن ناخشىنى ئىجات قىلغان. ئىككىنچى
ئىجات قىلغان ناخشىسى:

شاھىم، شاھىم، ھوي، ھوي،
شاھىم، شاھىم، ھوي، ھوي.
ھەرقەدىمىڭدە بەش سولكۇۋاي
چىمەندە خانىم، ھوي، ھوي!

دەپ ئېيتىلاتتى. ناخشىنىڭ تېكىستىنى زۇلياكام
يازغان. ئىسكەندەر شايىم ئاكا ئوقۇمىغان
كىشى تۇرۇپمۇ، ئەشۇنداق ئاھاڭلارنى ئىشلەپ،
خەلق ئىچىگە تارقاتقان. ئەلۋەتتە، بۇ كىشىلەر-
نىمۇ ئۇنتۇپ قالمىساق بولىدۇ.

ئەينى يىللاردا ھەسەنجان دېگەن بىر كىشى
ئۆتكەن. جۇغى كىچىكرەك، چىرايى قارا، بىر ئاز
چوقۇر ئىزى بار ئادەم ئىدى. 1925-يىللىرى
ھەسەنجان جەمئىيەتتىكى تەڭسىزلىك، مەنسەپ-
دارلارنىڭ خەلقنى بوزەك قىلىپ، بۇلاڭ-تالاڭ
قىلىشلىرىغا ئوخشاش ناھەقچىلىككە قارشى:
بۇ بولۇۋاتقان ئىشلارغا ئادەمنىڭ كۆڭلىسى
كېلمىدۇ، دەپ مەسخىرە قىلىپ «مۇشۇ باغدا
كۆلكە» دېگەن ناخشىنى كوپ ئېيتىپ يۈرىدى-
غان، ھازىر بۇ ناخشىلار ئۇنتۇپ كېتىلدى.

x x

ئاخىرىدا، خەلق ناخشىلىرىنىڭ تارىخى
ھەققىدە يەنە بىر-ئىككى ئېغىز گەپنى قوشۇم-
چە قىلىپ كېتەي:

1935-يىلى مۇراپ باينىڭ بېغىدا بولغان
ئولتۇرۇشتا، بىز نەغمە قىلىپ ئاياقلاشتۇرغىنى-
مىزدا، ھالاۋىدۇنكام تارىخچى، ھەسەل ئەپەندى
دېگەن كىشىلەر: بۇ ئېيتىلغان ناخشىلارنىڭ
تارىخي ئەھمىيىتى بار، دەپ پاراڭلاشقان ئىدى.
ھالاۋىدۇنكام مۇنداق دېگەن:

ئىلى رايونىغا جەنۇبتىن دەسلەپتە ئادەم-
لەر كوچۇپ كەلگەندە، غۇلجىنىڭ لەڭزەبېشىدىن
تارتىپ كونسۇلباققىچە بولغان تەرەپلىرى
ۋە تېرەك مازارنىڭ ئەتراپلىرى قومۇچلۇق،
سازلىق يەرلەر ئىدى. قازانچى مەھەللىسى تەرەپلەر
شىۋاق، چىغىتماقلار بىلەن قاپلانغان قۇرغاقراق
يەرلەر ئىدى. شۇڭا كوچۇپ چىققانلار كوپىنچە
قازانچىغا ئورۇنلاشتى. شۇ چاغدا قۇمۇلدىن
ئېلى دېگەن بىر كىشى ئايالى ۋە بىر بالىسىنى

ئېلىپ كوچۇپ كەلگەن ئىكەن. بۇ يەردە تۇرمۇشنىڭ ئېغىرچىلىقىدىن، بىر يىل ئۆتمەيلا ئايالى قازا قىلىدۇ. ئاز كۈندىن كېيىن ئوغلىمۇ ئۆلۈپ كېتىدۇ، ئېلى دېگەن كىشى بۇ خانىۋەيرانچىلىققا چىدىماي، تارتقان دەرت-ئەلەملىرىنى قوشاققا قېتىپ، ناخشا قىلىپ ئېيتقان. كېيىن كىشىلەر ئېلىنىڭ ئېيتقان شۇ ناخشىسىغا «ئېلى ناخشىسى» دەپ نام بەرگەن ئىكەن. مەن بۇنى تېيىپزات خەلپىتىمنىڭ ئۆيىدىكى «ئىلى تارىخى» دېگەن قوليازمىدىن ئوقۇغان.

ھەسەل ئەپەندى مۇنداق دېگەن ئىدى:

«جىنىم خېنىم» دېگەن ناخشا تارىخىي ئەھۋاللارغا قارىغاندا، بوۋاق ھېكىم زامانىسىدا چىققان بولسا كېرەك. بوۋاق ھېكىمنىڭ قىزىنى قۇمۇل ۋاڭىغا بەرگەندە، قىزنى يىگىتنىڭ پىچىقىغا نىكا قىلغان ئىكەن. بۇ ناخشا قىزنى ئۇزاتقان چاغدا ئېيتىلغان ئىكەن. بۇ ئىشنى ماڭا دادام سوزلەپ بەرگەن.

جامىكام مۇنداق دېگەن ئىدى:

دادام 76 يېشىدا ۋاپات بولغان. دادام ھايات ۋاقتىدا ماڭا: تەيپىن تيەنگو زامانىسىدىن ئىلگىرى، غۇلجىدا چېغىمىزدا، «ئامانەي ئامان» دېگەن ناخشا چىقىپتۇ، دېسەك، دادام: بۇ ناخشا بۇنىڭدىن ئۇزۇن يىللار ئىلگىرى بىر چىقىپ يوقاپ كەتكەن، ئەندى يەنە پەيدا بولۇپتۇ، دەپ پاراڭ قىلىپ بەرگەن، دېگەن. شۇنىڭدىن قارىغاندا، «ئامانەي ئامان» دېگەن ناخشىنىڭ تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن ئوخشايدۇ.

جامىكام سوزىنىڭ ئاخىرىدا يەنە: بۇ ناخشا قاچانكى قايتا پەيدا بولسا، يۇرتتا خاتىرجەملىك، مەمۇرچىلىك بولىدۇ، دېگەننى قوشۇپ قويغان ئىدى.

ئىلىنىڭ كلاسسىك ناخشىلىرى ۋە ئىلىدا ئۆتكەن پېشقەدەم سەنئەتچىلەر ھەققىدە ئەتراپلىق سوزلەش خېلى قىيىن. مەن بۇ يەردە، تارىخىمىزنى ئۆگەنگۈچى يولداشلارغا ياردىمى بولار، دەپ بەزى ئۆزەم بىلىدىغان ۋە ئاڭلىغانلىرىمنى ئەسلەپ ئۆتتۈم. ياشىنىپ قالغانلىقىم ۋە بەزى ۋاقتى ئۇزۇن بولغان ئىشلارنىڭ ئەستىن كوتىرىلىپ كەتكەنلىكى سەۋەبىدىن، سوزلىرىمدە توغرا بولمىغان ئورۇنلىرى بولۇشى مۇمكىن، كوپچىلىكنىڭ تۈزىتىپ، تولۇقلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.



# «خەلپەم مەھەللىسى» ۋە خەلپەملەر توغرىسىدا

تېيىپجان ھادى

چىڭ خاندانلىقى ۋاقتىدا، خەلقنىڭ دىنىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئۈچۈن ئىلى گۇڭ بەگلىكى غۇلجا شەھىرىدە «مەھكىمە شەرئىيە» قۇرغان ئىدى. «مەھكىمە شەرئىيە» خادىملىرى ئىسلام دىنى ئېتىقاتچىلىرىنىڭ دىنىي مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىش بىلەن يەنە ھەق - تەلەپ ۋە نىكا مەسىلىلىرىنى بىر تەرەپ قىلاتتى. شۇ چاغدا، شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدا تەسەۋۋۇف (ئىشانلىق) تازا ئەۋج ئالغان ئىدى. ئىلىدىكى بەگلىك ۋە دىنىي خادىملار مۇنداق ئەقىدىنىڭ ئىلىدا يۈرگۈزۈلمىگەنلىكىنى چوڭ نۇقسان، دەپ بىلىشەتتى.

ئىلىنىڭ ھاكىمبېگى مېلىكىزات غوجا دەۋرىدە، كونا تۇرپاندىن پادىشا قۇلى خەلپەم ئىسىملىك زات قۇمۇللۇق ھەمرىيى نەزەر سوپۇم بىلەن ئىلىغا كېلىدۇ. قۇلى خەلپەم قاش كەنتىگە چىقىپ ئورۇنلىشىدۇ. نەزەر سوپۇم غۇلجا شەھىرىدە ئاز ۋاقىت تۇرغاندىن كېيىن، قاينۇقلۇقلارنىڭ تەكلىۋى بىلەن قاينۇققا چىقىپ ماكانلىشىدۇ. ① پادىشا قۇلى خەلپەم بىلەن نەزەر سوپۇم «ئاق تاغلىق» غوجا ئەۋلاتلىرىنىڭ ئىخلاسمەن مۇرىتلىرىدىن ئىدى. پادىشا قۇلى خەلپەم ئۆز پىركامىللىرىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن خەلپىلىك ئىرشاتقا ② ئېرىشىپ، ئىلى تەۋەسىگە ئەۋەتىلگەن ئىدى. شۇڭا، ئۇ قاشقا چىقىپ ئورۇنلىشىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۆزىنىڭ «خەلپە» لىكىنى ئېلان قىلدى ۋە مۇرىت قوبۇل قىلىپ، زىكرى- سوھبەت باشلاپ، خانىقا قۇردى. بۇنداق ئىش ئىلى ئەتراپىدا ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ۋەقەنىڭ شۆھرىتى يىراق- يېقىنغا تېزلا تارقالدى. ھەر قايسى يۇرتنىڭ كىشىلىرى ۋە غۇلجىدىن چوڭ كىچىك ئەھلى ئىلىم، ئىخلاسمەن زاتلار چىقىپ مۇبارەكلەش بىلەن سوغا-سالام تەقدىم قىلىشتى. بەزىلىرى خەلپەمگە قول بېرىپ مۇرىت بولۇشتى ...

پادىشا قۇلى خەلپەم ئىلىغا كەلگەندە، خېلىلا ياشىنىپ قالغان ئىدى. بۇ كىشى ئۇزۇن ئۆتمەي ئالەمدىن ئۆتۈپ، ئورنىغا ئېرشات بويىچە ئوغلى ئاللا قۇلى خەلپە بولدى. ئاللا قۇلى خەلپەمنىڭ ۋاقتىغا كەلگەندە مۇرىت ۋە زىيارەتچىلەرنىڭ سانى تېخىمۇ ئۇلغايدى.

خەلپەملەرنىڭ قاش كەنتىدە خۇسۇسى ئۆي-جاي ۋە تېرىلغۇ يەرلىرى يوق ئىدى. ئىلى ھاكىمبېگى مېلىكىزات ئاللا قۇلى خەلپەم ھوزۇرىغا چىقىپ، خەلپەمنىڭ يۇرتتىن چەتتە ئولتۇرۇپ قالغانلىقى، خۇسۇسى يەر-سۇيىنىڭ يوقلۇقىنى نەزەردە تۇتۇپ، خەلپەمنى «قادىر يۈزى»③ گە كۆچۈرۈپ بېرىشقا تەكلىپ قىلدى ۋە قادىر يۈزىنىڭ بۇلاق بېشىدىن يەر-سۇ ئاجرىتىپ بەردى. خەلپەم بۇ تەكلىپنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى ۋە قادىر يۈزىگە كېلىپ، ھازىرقى «خەلپەم مەھەللىسى» نى بىنا قىلدى.

ئاللا قۇلى خەلپەم قادىر يۈزدىگە ئورۇنلىشىپ، بىر قانچە يىل خەلپىلىك قىلىپ، 70 يېشىدا ۋاپات بولدى. ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، خەلپەمنىڭ مۇرىت-مۇخلىسلىرى ئۇنىڭ قەۋرىسى ئۈستىگە گۈمبەز ياساپ مازار تۇرغۇزدى. بۇ مازار بارا-بارا دۇئا- تىلاۋەت قىلغۇچىلارنىڭ مەشھۇر ئورۇنلىرىدىن بولۇپ قالدى.

ئاللا قۇلى خەلپەمدىن كېيىن، پەرزەنتى خۇدا قۇلى خەلپىلىككە ئولتۇردى. خۇدا قۇلى خەلپەم ئۆز زىكرى - سوھبەت، تەلقىنلىرىنى تېخىمۇ تەسىرلىك قىلىش ئۈچۈن بۇ ئىشقا ئەلنەغمىچىلەرنى قاتناشتۇردى. مۇشۇ مەزگىلدە، جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئىلىغا كۆچۈپ چىققان كۆچمەنلەر ئىچىدە «ئىمىن نەغمىچى» دېگەن مەشھۇر سازەندە بولۇپ، ئۇ خانىقالاردا ساز چېلىپ شۆھرەت قازانغان ئىدى. بۇ ھەقتە شۇ چاغدىكى خاتىرىلەردە: «بۇل چاغدا ئىمىن نەغمىچى دەپ بىر نەغمىچى بار ئىدى، ئۇ ھەممە نەغمەلەرنى تامامىغا يەتكۈزگەن ئادەم ئىدى. راۋاپ، قالۇن، ساتار، تەمبۇر، داپلارنى سەداغا كەلتۈرۈپ، ئۇزھال، مۇشاۋرەك، ئۇششاق... چەبيات دېگەن مۇقاملارنى مۇسىقى ئاۋازلىرى بىلەن ئىختىرا قىلىپ، شېكەر زايانلىرى بىرلەن غەزەل ناۋايىلارنى ئوقۇپ، سەماغا چۈشۈپ، بىر قانچە سوپىلار ھوشلارىدىن كېتىپ، بۇ نەغمەلەردىن پەيزى پەتۇھاتلار بولۇشۇپ، يىغا-زارە، دۇئا-تەلەپلەر بولۇر ئىدىلەر...» دەپ يېزىلغان.

ئىمىن نەغمىچىنىڭ ئۆز ھەمرالىرى بىلەن خەلپەمنىڭ سورۇنىغا قوشۇلۇشى ئۇنىڭ سوھبەتىنى جانلاندۇرۇش بىلەن خەلپەمنىڭ شۆھرىتىنى ئاشۇردى. بۇ مەزگىلدە مېلىكىزات ھېكىم دۇنيادىن ئۆتكەن بولۇپ، ئوغلى خۇش نىزات ھېكىم گۈڭلۈق ئۇنۋان بىلەن ھاكىمبەگ بولغان ئىدى. خۇش نىزات ھېكىم خەلپە ئائىلىسى بىلەن قۇدىلىشىپ، ئوغلى خالزات خان غوجىغا خۇدا قۇلى خەلپەمنىڭ قىزىنى ئېلىپ بەردى. نەتىجىدە، خۇدا قۇلى خەلپەمنىڭ ئىشانلىق شۆھرىتى ئۈستىگە ئوردا بىلەن قۇدىلىقى قوشۇلۇپ، ئۇ ئۆز دەۋرىنىڭ ئەڭ ئەتىۋارلىق ئادەملىرىدىن بولۇپ قالدى. خۇدا قۇلى خەلپەم 70 ياشتىن ئاشقاندا ۋاپات بولدى ۋە دادىسى ئاللا قۇلى خەلپەمنىڭ ئايىغىدا ياتتى. خۇدا قۇلى خەلپەمنىڭ ئورنىغا چوڭ ئوغلى شەمسىددىن خەلپە بولدى.

شەمسىددىن خەلپەم ئۆز خەلپىلىكىنى ئاتىسىنىڭ يولى بويىچە ئېلىپ باردى. ئىمىن نەغمىچى ۋاپات بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ زامانىدىشى موللا روزى نەغمىچىنى تەكلىپ قىلىپ سوھبەتكە قاتناشتۇردى. موللا روزى نەغمىچىنىڭ خەلپەم سوھبىتىگە قاتنىشىشى سوھبەتنىڭ ئىمىن نەغمىچى دەۋرىدىكى جۇشقۇنلۇقىنى تولۇق ساقلاپ قالدى.

شەمسىددىن خەلپەم خەلپىلىككە ئېرىشكەندە، خالزات ھېكىم ۋاپات بولۇپ، ئورنىغا مەزەم زات ھېكىم بولغان ئىدى. 1864- يىلى كۈزدە ئىلى خەلقىنىڭ چىڭ خاندانلىقىغا قارشى قوزغىلىڭى پارتلىدى. ئۇنىڭدىن سەل ئىلگىرى، كۈرە جاڭجۈنى مەزەم زات ھېكىمنى «ئىلى دېھقانلىرىنىڭ ئۈستىگە توپىلەپ سېلىنغان ھوسۇل (دېھقانچىلىق بېجى) نى تاپشۇرمىدىڭ» دېگەن بانا بىلەن زىندانغا تاشلىغان ئىدى. مەزەم زات— شەمسىددىن خەلپەمنىڭ سىڭلىسىدىن بولغان بالا بولغاچقا، خەلپەم مەزەم زات غوجامسىز باشلانغان بۇ قوزغىلاڭنىڭ ئىستىقبالىدىن ئەنسىرەپ، قوزغىلاڭغا دەسلەپتە قاتناشمىدى. پۈتۈن يۇرت ۋە خەلپەمنىڭ مۇرىت-مۇخلىسلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئورۇشقا ئاتلانغانلىقتىن، خانىقادا داش قاينىتىش، سوھبەت ئېلىپ بېرىش ئىشلىرى توختاپ

قالدى.

ھازىر «ئاقتام» ئاتىلىۋاتقان يېزىنىڭ ئەسلى نامى «ئىبراھىم يۈزى» بولۇپ، ئىبراھىم يۈز بېگى شەمسىددىن خەلپەملەرنىڭ شىرەن تۇققانلىرىدىن ئىدى. ئىبراھىم يۈزبېگى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوبۇل ئەلا دىگەن بىر ئوغلىنى خەلپەم ئۆز تەربىيىسىگە ئالغان ئىدى. ئىلى ئۇرۇشى باشلىنىشى بىلەن ئوبۇل ئەلا ئۆزيۈرتى ئىبراھىم يۈزى ۋە شۇ ئەتراپتىكى يېزىلارنىڭ قوزغىلاڭچىلىرىنى باشلاپ ئۇرۇشقا قاتناشتى. ئوبۇل ئەلا ئۇرۇش مەيدانىدا كۆرسەتكەن پاراستى ۋە باتۇرلۇغى بىلەن كىشلەرنى قايىل قىلىپ «ئەلا پالۋان» دەپ نام ئالدى. ئۇ 1867- يىلى (ھىجرىيە 1283- يىل) «جاھان پەھلىۋان سۇلتان باھادىر غازى ئوبۇل ئەلاخان» ئۇنۋانى بىلەن سۇلتان بولدى.

شەمسىددىن خەلپەم ئىلى خەلقىنىڭ چىڭ ئىستىبداتلىرىغا قارشى قوزغىلىڭىنى ئاكتىپ قول-لاپ ۋە ئۇنىڭغا قاتنىشىپ، قوزغىلاڭنى خەتەردىن ساقلاپ قېلىش ئىشلىرىدا ئۆز تەسىرىنى كۆر-سەتتى. ئۇ 76 يېشىدا دۇنيادىن ئۆتۈپ، ئۆز ئاتا-بوۋىسىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىندى.

شەمسىددىن خەلپەمدىن كېيىن، چوڭ ئوغلى قەمەردىن ۋارىس بولۇپ، خەلپىلىك قىلغان بولسىمۇ، ئۇ تولىراق سۇلتانلىق ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ، زىكرى-سوھبەت ئويۇشتۇرۇشقا كۆڭۈل بول-مىگەنلىگى ئۈچۈن، مۇرىتلىرى تارقاپ كەتتى. ئىلى خەلقى يەتتە سۇ تەۋەسىگە كۆچكەندە، قە-مەردىن خەلپىمۇ بىللە كۆچۈپ، ئاقسۇدا ئۈچ يىل، ئاندىن چېلەككە بېرىپ بىر قانچە يىل تۇ-رۇپ، 77 يېشىدا ۋاپات بولدى. جەسىدى باي سېيىت يېزىسىغا دەپنە قىلىندى.

قەمەردىن خەلپەم يەتتە سۇغا كوچۈپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، بۇ يەردە ئۇنىڭ ئىنىسى نىزامىددىن خەلپە بولۇپ، داشلارنى قايىنتىپ، زىكرى- سوھبەت ئېلىپ باردى. لېكىن ئادەم نوپۇسىنىڭ ئازلاپ كەتكەنلىكى ۋە باشقا سەۋەپلەردىن ئۇنىڭ سورۇنى راۋاج تېپىپ كېتەلمە-دى. نىزامىددىن خەلپەم ۋاپات بولۇشى بىلەن بۇ خەلپەملەرنىڭ خەلپىلىكىمۇ پۈتۈنلەي توخ-تىدى.

ئاروستەڭدە بۇ خەلپەملەر بىنا قىلغان «خەلپەم مەھەللىسى» ۋە «خەلپەم مازىرى» ھازىر-مۇ ساقلىنىپ تۇرۇپتۇ.

---

① قايىنۇقتا نەزەر سوپۇم بۇلىغى ۋە مازىرى بار.

② ئىبرشات—گوۋانەمە.

③ قادىر يۈزى— ئاروستەڭ يېزىسىنىڭ ئەسلى ئىسمى «قادىر يۈزى» ئىدى. ئاروستەڭ چېپىلىشى بىلەن، بۇ ئوستەڭنىڭ بويىغا جايلاشقان «قادىر يۈزى»نىڭ نامى ئۇنتۇلۇپ، «ئاروس-تەڭ» دەپ ئاتىلىشقا باشلىغان.

# ئايخان ئانا

ئابلەت سەمەت

غۇلجا شەھىرىنىڭ «قازانچى» مەھەللىسىدە قۇرۇلغىنىغا ئەللىك يىلغا يېقىن بولۇپ قالغان بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. ئۇ ھازىر «21- باشلانغۇچ مەكتەپ» ئاتالسىمۇ، كىشىلەر ئۇنى يەنىلا كونا نامى بىلەن «ئايخان مەكتەپ» دەپ تىلغا ئېلىشىدۇ. ئايخان كىم؟ «ئايخان مەكتەپ» قاچان، قانداق قۇرۇلغان؟ بۇ ھەقتە، ھازىرقى ياش يولداشلارنىڭ ئانچە خەۋىرى بولمىسا كېرەك.

ئايخان ئانا غۇلجىنىڭ «شەھەر ئىچى» مەھەللىسىدە ئۆتكەن تۇردى باي دېگەن كىشىنىڭ قىزى ئىدى. ئۇ، 1882- يىلى تۇغۇلغان. كىچىكىدە، شۇ چاغدىكى ئىلغار كىشىلەر ئاچقان يېڭى مەكتەپلەردە بىلىم ئالغان. لېكىن ئۇنىڭ چوڭقۇرلاپ بىلىم ئېلىش ئۈمىدى ئاز يىلدىن كېيىنلا يوققا چىقىدۇ. ئاتىسى ئۇنى كىچىكلا تۇرمۇشقا چىقىرىۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پەرەنجە ئىچىگە بەنت بولىدۇ.

ئايخان ئانىنىڭ يولدىشى بەختاخۇن سودىگەر كىشى بولۇپ، ماناس قاتارلىق جايلاردا سودىگەرچىلىك قىلاتتى. ئۇ «قازانچى» مەھەللىسىدىن يەر ئېلىپ، قورا-جاي قىلىدۇ. بەختاخۇن ئۇزۇن ئۆتمەي ۋاپات بولىدۇ.

بەختاخۇن بىلەن ئايخان ئانا ئوتتۇرىسىدا پەرزەنت بولمىغان ئىدى. ئايخان ئانا تۇل قالغاندىن كېيىن، جەمئىيەتتىكى ئوقۇشسىز يۈرگەن نۇرغۇن بالىلارنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ ئوقۇش ئارزۇسىغا يېتەلمىگەن بالىلىق چاغلىرىنى ئەسكە ئېلىپ، يولدىشىدىن قالغان ۋە دادىسىدىن مىراس تەككەن دۇنيالارنى بالىلارنى تەربىيىلەش، خەلقنى ئويغىتىش ئىشلىرىغا سەرپ قىلىش قارارىغا كېلىدۇ. ئۇ، 1934- يىلى قازانچىدىكى باغ ۋە ئۆيلىرىنىڭ ئورنىغا يېتىم بالىلار ئۈچۈن مەكتەپ سالدۇرۇپ، ئۇنىڭغا «خەيرىيە مەكتەپ» دەپ نام بەردى. خەلق ئۇنى «ئايخان مەكتەپ» دەپ ئاتاشتى. فېئودال مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ قارشىلىقى تېخى خېلى ئېغىر بولغان ئەشۇ يىللاردا، بىر ئايال كىشىنىڭ كۆكرەك كېرىپ چىقىپ مەكتەپ ئېچىشى قالتىس بىر ئىش ئىدى. شۇ چاغدا بەزى بايلار ئايخان ئانىنى «بۇ ساراڭ خوتۇن ئۇششاق بالىلارنى يىغىۋېلىپ، پۇلنى بىكارلا چېچىۋېتىدىغان بولدى» دېيىشكەن ئىدى.

ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋىنىڭ تەسىرى ۋە شىنجاڭدا «ئاپرېل ئۆزگىرىشى» دىن كېيىنكى بولغان ئىشلار ئايخان ئانىنى كۆپ ئويغاتقان ئىدى. ئۇ ئۆزى تاللىۋالغان يولدا ئېغىشماي ماڭدى. «خەيرىيە مەكتەپ» دىكى يېتىم- يېتىمەلەرنىڭ سانى ئەينى ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا 300 گە يەتتى.

هازىر «شەھەر ئىچى مەھەللە» سىدە ئولتۇرۇشلىق 84 ياشلىق ئولۇخان ئانا شۇ چاغدىكى ئىشـ لارنى ئەسلەپ: «غۇلجىدا ئايخاندەك ئايالنى تېپىش تەس. ئۇ، دائىم يېتىملارنىڭ غېمىنى يەيتتى. ئايخان يېتىم ئوقۇغۇچىلىرىغا بىر خىل ئاق كوينەك، چورىسىگە ئاق زىغىزىق تۇتۇلغان كۆك شىم كىيگۈزەتتى. بۇ ئوقۇغۇچىلار كوچىلاردا ماڭغاندا بىز: «ئەنە، ئايخان مەكتەپىنىڭ بالىلىرى كېلىۋاتىدۇ، دەپ تونۇۋالاتتۇق» دەيدۇ.

ئايخان ئانا ئۆز بالىلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بولگەن. شۇ چاغدا «خەيرىيە مەكتەپ»تە ئوقۇغان كىشلەرنىڭ ئەسكە ئېلىشىچە، بىر قېتىم بىر بالا: ئۆپكە-ھېسىپ دىگەن قانـ داق بولىدىكىن؟ دىگەندە، بۇ گەپنى ئاڭلاپ قالغان ئايخان ئانا ئاشپەزلەرنى تەكلىپ قىلىپ، 300 گە يېقىن ئوقۇغۇچىغا ئۆپكە-ھېسىپ قۇيدۇرۇپ بەرگەن. ئۇ، بىر قېتىم ئۇرۇمچىگە بېرىپ قايتقىنىدا، ھەر بىر ئوقۇغۇچىغا ئويۇنچۇق ۋە مارجان قاتارلىق سوغاتلارنى ئېلىپ كەلگەن. ھېيت- بايرام كۈنلىرىدە 300 گە يېقىن ئوقۇغۇچىنىڭ ھەر بىرى ئۈچۈن يېڭى كىيىملەرنى بېـ رىشتىن سىرت، ئۇلارغا مەخسۇس خالتىلارنى تەييارلاپ، ئۇنىڭ ئىچىگە يەل-يېمىش، قەن-گېزەكـ لەرنى سېلىپ تارقىتىپ بەرگەن. ئايخان ئانا يالغۇزلا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارغا غەمـ خورلۇق قىلىپ قالماي، جەمىيەتتىكى كۆپلىگەن بـالىلارغىمۇ باشپانا بولغان، ھەتتا ئۇلارنىڭ بەـ زىلىرىنى ئۆز قولى بىلەن ئويلۇك-ئوچاقلىق قىلغان.

1930-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، تەرەققىپەرۋەر كىشلەر ئارقا-ئارقىدىن يېڭى مەكـ تەپلەرنى ئاچتى. ئايخان ئانـا بۇ ھەركەتتە تەشۋىقاتچىلىق رول ئويناپ، ھەر بىر مەكتەپلەر يېنىدا قۇرۇلغان «ئاتا-ئانىلار كومىتېتى» غا بېرىپ، مائارىپ ئىشلىرىنى يۈكسەلدۈرۈش توغرىسىدا لېكسىيلەر سوزلىدى. ئۇ چاغدا ھوكۇمەتنىـڭ مەكتەپلەرگە بېرىدىغان ياردەم پۇلى يوق دىيەرـ لىك بولۇپ، كوپىنچە مەكتەپلەر ئەشۇ «ئاتا-ئانىلار كومىتېتى» نىڭ ياردىمى بىلەن باشقۇرۇلاتـ تى. ئەينى يىللاردا ئايخان ئانىنىڭ كورسەتكەن تەسىرى ناھايىتى زور بولدى.

1934- يىلدىن 1937- يىلغىچە بولغان ئارىلىقتاخېلىل ساتتارى، پەرھەتى، ئىمىرخان غوجا، ئايۇپ مەنسۇرى، دامۇللا رازىيېپ قاتارلىق يازغۇچى-شائىرلار شۇ چاغدا چىقىدىغان «ئىلى دەرـ ياسى گېزىتى» دە «مىلىياشا—ئايخان ئانا»، «خەيرىيە مەكتەپكە مەدھىيە»، «يېتىملار ئانىسى ئايـ خان» دىگەنگە ئوخشاش نۇرغۇن شېئىر ۋە ماقالىلارنى ئېلان قىلىپ، ئايخان ئانىنىڭ مەرىپەتپەرـ ۋەرلىك روھىنى مەدھىيلىگەن ئىدى. مەسىلەن: ئىمىرخان غوجا ئۆزىنىڭ «ئايخان خېنىم» دىـ گەن شېئىرىدا:

كۆللۈھۇ نەپسانىيەتنى ئۆزىدىن جۇدا قىلغان خىنىم،
مەكتەبى خەيرىيە ئۈچۈن جانىن پىدا قىلغان خېنىم.

دەپ تەرىپلىسە، شائىر پەرھەتى «ئۇيغۇر قىزى» دىگەن شېئىرىدا:

ئوقي جانىڭ بارىچە شامۇ-سەھەر، ئۇيغۇر قىزي،
ئوقۇماي نادان قېلىشتىن قىل ھەزەر، ئۇيغۇر قىزى.
مەرۋايىت، ئالتۇن - كۈمۈچنىڭ ئانچە يوقتۇر قىممەتى،
ھەر قاچان ئالي بىلىم—ئەلا گوھەر، ئۇيغۇر قىزي.

ھەر كىشىكىم ئالسا تۇرلۇك پەن-بىلىمىدىن مەلۇمات،
بولغۇسى خەلقى جاھاندا موتىۋەر، ئۇيغۇر قىزى.
ئورنەك ئال ئايخان ئانامدىن كاتتا ھىممەت يولىدا،
مالۇ-مۇلكىنى ماڭارىپقا بىرەر، ئۇيغۇر قىزى.

.................................................

دەپ يازغان ئىدى.

1937- يىلى ئايخان ئانا شىڭشىسەي ھوكۇمىتى تەرىپىدىن بىگۇنا قولغا ئېلىنىپ، ئۇرۇمچىدە بىر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت تۇرمىدە يېتىپ كېسەللىككە گىرىپتار بولغاندىن كېيىن، 1942- يىلى غۇلجىدا ۋاپات بولدى.

مەرھۇم ئايخان ئانا ئاساس سالغان «ئايخان مەكتىۋى» ھازىرغىچە 50 يىلغا يېقىن تارىخنى ئوز بېشىدىن كەچۇردى. «قازانچى» مەھەللىسىنىڭ ئەگرى-بۈگرى كوچىلىرى ئىچىدىكى بۇ مەكتەپتە بۈگۈنگىچە نەچچە مىڭلاپ ئوقۇغۇچى تەربىيىلىنىپ چىقتى. 1930- يىللاردىن باشلاپ ئوقىغان كونا زىيالىلارنىڭ كوپ قىسمى ئوزلىرىنىڭ شۇ چاغلاردا «خەيرىيە مەكتەپ» دە ئوقىغانلىقىنى ئەسلىشىپ، ئايخان ئانىنى ھورمەت بىلەن تىلغا ئالىدۇ. بارلىق كىشىلەر ئىلىم-پەن ئىلگەللەشكە يۈرۈش قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، بىز ئايخان ئانىنىڭ بۇندىن يېرىم ئەسىر ئىلگىرى، خەلقنى ئويغىتىش ئۈچۈن كوكرەك كېرىپ چىققان ئىش ئىزلىرىنى ئەسلىسەك، ھاياجانلانماي تۇرالمايمىز، خەلق ئايخان ئانىنى ئۇنتۇمايدۇ.




( تارىخي داستان )

ئابلىز ھوشۇر

## مۇقەددىمە

تارىخ سەھىپىسىدىن بىر ۋاراق ئاچتىم،
تەسرات غەزىنىسىدىن دۇر-گوھەر چاچتىم.
ۋۇجۇدۇم بولدى يالقۇن شۇدەم بىر يولى،
قەلبىم تارىنى چەكتى ۋىجدان زەخمىگى.
دىلبەر ۋەسلىنى كۆردۇم دىل ئېكرانىدا،
ئىلھام شارابى تۇتتى سويگۇ جامىدا.
قەشقەر راۋابى مۇڭلۇق ناۋا ئەيلىدى،
جاھالەت زىندانىدىن سادا ئەيلىدى.
خىتاپ قىلدى قەلەم تۇلپارىغا تىل،
تەپەككۇر ئاسمىنىدا شۇڭغىدى ئەقىل.

## بىرىنچى باپ

1

ئەسىرلەر شاھىدى سوزلىدى ھىكايەت،
دوزىخى دەۋرانىدىن ئەيلەپ شىكايەت.
ئالدىمدىن ئوتمەكتە ئۇ كۈنلەر بىرمۇ-بىر،
قازان كەبى قاپ-قارا تۈنلەر بىرمۇ-بىر.
خانتەڭرى تولغىنار ئېغىر ئازاپتا،
مەلىلەر ئىچىدە كۈندە مىڭ غەۋغا.
يوقسۇللار كوز يېشىغا تولغان جىرا-ساي،
جاھالەتكە يولەنچۈك قازى، مىراپ،...باي.
بەگلەرنىڭ سارايلىرى پىتنىنىڭ كانى،
قان ئىچىپ كىبدەيگەن زۇلمەت خاقانى.
باپكالار باشلىرىدا چاچتىن تولا غەم،
«غوجام»لار كۈندۈز-كېچە ئىشرەتتە بىغەم.
دىخانىنىڭ ئويىدىن چاشقان رەنجىيدۇ،
گەمىلەر ئۈستىدە مۇسىبەت ئەگىيدۇ.
پۇخرالار كۈلپەتتە، باي-بەگلەر ئويناشتا،...
زىمىندار يەرلىرى كوكەرگەن ياشتا.
كەڭ جاھان يوقسۇل ئۈچۈن گوياكى قەپەز،
پەلەكنىڭ گەردىشىدە بوغۇلغان نەپەس.
بۈركۈتلەر كوكسىدە جاللات خەنجىرى،
كاككۇكلار بوينىدا قۇللۇق زەنجىرى.
بۇلبۇللار گۈلدىن مەھرۇم، كوزلىرىدە نەم،
دەرىخا! ھېچ بىلمىدىم، بۇ قانداق ئالەم؟

2

قاشتېشى يۇرتىنى كەزدىم خىيالەن،
قىزىلنىڭ① بويىداھەم بولدۇم گويا مەن.
يوقسۇل كەملىرىنى چىقتىم پەتلەپ،
گور كەبى قاپ-قاراڭغۇ ئۇلدا ھەر تەرەپ.
بوۋايلار تىللىرىدىن ئاڭلىدىم قىسسە،
زەخىملىك يۈرەكلەردە ئەلەم ۋە غۇسسە.
قان-ياشلىق كەچمىشلەر ئەزدى يۈرەكنى،
جۇدۇنلار غازاڭ قىلغان غۇنچە-پورەكنى.
بۇ يەردە گۈل-چېچەكلەر چاچماس خۇشپۇراق،
زالىملار ئايىغىدا بۇلغانغان تۇپراق.
ئانارلىق باغلاردا شۇم قۇزغۇن سايىسى،
بايلارنىڭ بەزمىلىرى، يوقسۇل نالىسى...
قىزىل دەريا نېمىشكە شۇنداق ئاتالغان؟
ئەجداتلارنىڭ قىزىل قېنى بىلەن بويالغان.
گۇناسىز باشلاردا زالىم قامچىسى،
ھاياتنى سارغايتقان زۇلمەت سالجىسى.

x x

شەھەرنى زەنجىر كەبى ئورىغان سېپىل،
مۇلىغا كومۇلگەن سانسىز پاك نەسىل.
بازار ۋە مەھەللەر مازەردەك تىمتاس،
(تامامى ئاۋاتلىق ئوچكەن، ئەيھەنناس!)
تەنزىلەر چەيلەنگەن، ئوي-گەمىلەر ۋەيران،
ئاشپۇزۇل-دۇكانلار تامام تاقالغان.
ئەتراپتا كورۇنمەيدۇ ئىنسان سايىسى،
باغلاردا زەپىرەڭ گۈللەر پايىسى.
تۇرخۇنلار ئۈستىدە ھېچ كورۇنمەس تۈتۈن،
بۇ يۇرتقا نېمە بالا يەتكەندۇ بۈگۈن؟
شىلدىرلاپ ئېرىقلاردا سۇمۇ ئاقمايدۇ،
سامادا قۇياشمۇ كۈلۈپ باقمايدۇ...

3

سېپىل دەرۋازىسىدىن چىقتىم مۇڭلىنىپ،
پەلەكنى قاپلىغان سۇرلۇك شۇم بۇلۇت.
نېمانچە سولغۇن بۇ باھار چاغلىرى؟!
ئەتراپتا گۈمبەز كەبى قۇم بارخانلىرى.
بۇ يەرلەرگە گۈزەللىك نېچۈن قونمىغان؟
(تەشنالىق ئىلكىدە كەڭ زىمىن يېرىلغان).
تومۇزدا خۇمدانىنىڭ تەپتى كېلىدۇ،
سوغ-ئايازدا جەبرائىل قەستى كېلىدۇ.
بارخانلار ئارىسىدىن تارىيول سوزۇلغان،
(قالنچىلىغان ئەجداتلار ئاڭا ئىز سالغان).
بۇ يوللار ئاقسۇ بىلەن ئىلچىغا تۇتاش،
ھەمدە قارا شەھەر ئارقىلىق ئىلىغا تۇتاش.
بۇ يوللاردا ئۈزۈلمەي كارۋان ماڭىدۇ،
نە كارۋانكى، خالايىق سەرسان ماڭىدۇ...

بۈگۈن بۇ ئەتراپقا ئەر-ئايال يىغىپتۇ،
ئەل بېشىغا تاغدىن ئېغىر ئەھۋال يىغىپتۇ.
ئەل توپى ئەسلىتەر زور قىيانىنى گويا،
كوزلەردىن توكۈلگەن ياش مارجانىنى گويا.
بوۋايلار يۈرىگىدە غەزەپ يالقۇنى،
مومايلار قەلبىدە مۇڭ-ھەسرەت دولقۇنى.
ئەل قوۋمى تىن ئالىدۇ سۆكۈتتە ئېغىر،
جۇدالىق خەنجىرىدە تىلىنغان بېغىر.
مىسكىن دىللار كۈتمەكتە يولچى-كارۋاننى،
نە كارۋانكى، جان-جىگەر قىز ۋە ئوغلاننى.

بىر چاغدا شەھەر ياقتىن مانان كورۇندى،
مانان ئارا يۈزگە يېقىن پالۋان كورۇندى.
پۇت-قولى زەنجىرلەنگەن، يۈرەكلەر دەرتلىك،
كوكسىدە دولقۇنلىنار ئالەمچە مەرتلىك.
ئەتراپىنى قورشاپ قاتار چېرىك كېلىدۇ،
قىزىل قانغا قامچىلار شېرىك كېلىدۇ.
چېرىك بېشى بوغۇلۇپ چېقىرار دەھشەت،
قارا قولدا قانلىق تىغ پېقىرار دەھشەت.
ئۇ، شۇنداق بىر مەخلۇقكى، كوزلىرى قىسىق،
سالپاڭ قۇلاق، دىقماق قاش، ئاغزى سەل قىيسىق.
پۇلاڭلايدۇ يالغۇز ئورۇم چېچى قۇيرۇقتا،
نە چاچكى ئۇ، نوغۇچ گويا ئاسقا-قوزۇقتا.
يالپاق يۈزى ئەسلىتەر پۇرۇم چورۇقنى،

قانسىز رەڭگى لاي بىلەن ئىشلەنگەن بۇتنى.
ئۇ، تالاي رەت ئىش كورسىتىپ ھەدىيە ئالغان،
دوۋاڭخاننىڭ② ئاغزىدىن مەدھىيە ئالغان.
ئاچ بورىدەك ھەر يانغا تاشلار كوزىنى،
تونۇتماقچى بۇ قىيتىممۇ ئەلگە ئوزىنى.
سۇرگۇنلەرنىڭ كوزىدە ئەلەم چاقنايدۇ،
دوۋاڭخان ئەل ھالىغا نىچۇن باقمايدۇ؟!
نى-نى يىگىت، قىز-جۇگان تۇتقۇندا بۇگۇن،
ئاتا-ئانا يۇرىگىدە ھەسرەتلىك تۇگۇن.
ئاھ، بىچارە سۇرگۇنلەرنىڭ گۇناھى نىمە؟
مەنزىلگاھى، كەلگۇسى ئەھۋالى نىمە؟
سەل ياغدى مومايلارنىڭ كىرپىكلىرىدىن،
سەل ياغدى بوۋايلارنىڭ نۇرسىز كوزىدىن.
ئاتا ئۇچۇن قىزىنى كورمەك گۇنامۇ؟!
ئانا ئۇچۇن ئوغلىنى سويمەك گۇنامۇ؟!
كوكنى قۇچتى خالايىقنىڭ دات-پەريادى،
ئۇشبۇ ھالدىن جاللاتنىڭ ئۇچتى ئەرۋاھى.
ئەل توپى كەلكۇن سۇدەك تەۋرىدى بىردىن،
چىرىك بىشى ئاڭا يايى پەيلىدى③ بىردىن.
چىرىك بىشى چىقىراپ پەرمان بىرىدۇ،
گويا ئۇۋچى ئىتىغا دەرمان بىرىدۇ......

x x

سۇرگۇن ئارا گۇلسۇرۇقتەك بىر ئىز كىبلەتتى،
ئىز دەپتىمەن، غۇنچە بويلۇق بىر قىز كىبلەتتى.
ئۇ، شۇنداق قىز ئىدىكى، لەۋلىرى لالە،
گۇزەللىك دۇنياسىدا گويا يىگانە.
جامالى خۇددى ئاپتاپ-دىلنى ئەللمتاز،
كوزلىرى چولپان يۇلتۇز كەبى چاقناز.
قىشنىڭ كامانىدىن يىگى ئاي خىجىل،
پاك ئىدى ۋىجدانى ھەم تىلىگى ئىبسل.
ئۇ، يوقسۇل ئويىنىڭ بىر گۇلى ئىدى،
نازاكەت بوستانىنىڭ بۇلبۇلى ئىدى.
سۇلغۇن ئىدي كىلمىشكەن ھوسنى بىراقتا،
مۇڭلۇق ئىدى—دەرتلىك دىل-كوكسى شۇتاپتا.

توپ ئالدىدا ئاقساقال بوۋاي تۇراتتى،
بىمار ئىدى، بىچارە پەريات ئۇراتتى.
ئاتا كوزى چۇشتى-دە، قىزىغا بىردىن،
(پەرزەنت ئوتى يالقۇنلاپ دىلىدا بىردىن)؛
«ئاھا»-دىدى، بوۋاي دەرھال ئالغا ئىتىلدى،
توت-بەش چىرىك ئات سىلاپ ئاڭا يىپىلدى.
يىرتقۇچ كەبى دەھشەت سالدى زۇلمەت غالچىسى،
كۇندە كويگەن بەدەندە زالىم قامچىسى...

ئاقساقال بوۋاي يەردىن تۇردى تىرمەجەپ،
قەلبىدە پەرزەنت ئوتى، چىھرىدە غەزەپ.
ئوڭ مەڭزىدىن قان ئاقاتتى، كوزلىرىدىن سەل،
ئەلەم تولغان قەلبىدىن ياڭرىدى غەزەل:

«خەيرى، قىزىم—نوزۇگۇم،
ئەقلى تازا قۇندۇزۇم.
كۇلپەت چۇشتى بىشىڭغا،
تۇتقۇن بولدۇڭ شورلۇغۇم.

ئوتقا سالسا كويمەيتتىم،
ئەندى كويدۇم، كۇل بولدۇم.
غازاڭ بولغان باغلاردەك،
سارغىيىپ سامان بولدۇم.

دوۋاڭ ئاپەت زۇلمىدا،
ئاپپاق ساقال يۇلۇندى.
دەرت-ئەلەملەر دەستىدە،
يۇرەك چىكىم سوكۇلدى.

يالغۇز قىزىم نوزۇگۇم،
ئاكاڭدىنمۇ ئايرىلدىم.
ھىچكىم مەندەك بولمىغاي،
قاناتىمدىن قايرىلدىم.»

تىترەر ئىدى ياپراقتەك، قوللىرى ئۇنىڭ،
كوكنى قۇچتى دەرتلىك دىل مۇڭلىرى ئۇنىڭ.
قىز تەلپۈندى «ئاھ» ئۇرۇپ ئارقىغا بىر‌دەن،
چىبردك ئالدى قامچا-تاياق ئاستىغا بىردەن.
لوزۇك قىزنىڭ بېشىدا پېقىرار قامچا،
ھەسرەتلىك يۇرىكىدىن ياڭرىدى ناخشا:
«خەيرى، ئاتا، مېھرىبانىم،
غەمگۇزارىم، ياخشى قال.
كوزلىرىم ئاقىۇ-قاراسى،
تەندە جانىم، ياخشى قال.
..........................
بىللە ئويناپ، بىللە ئوسكەن،
يارۇ-دوستلار، ياخشى قال.
مىسكىن باشقا سايە بەرگەن،
بوستان باغلار، ياخشى قال.»
قىز بارىدۇ سۇرگۇندە، كىشەن پۇتىدا،
ئاتا مېھرى يالقۇنلار يۇرەك قېتىدا.
قىز بارىدۇ سۇرگۇندە، چەكسىز ئەلەمدە،
ناخشا بولۇپ ئاقار دىل مېھرى شۇدەمدە.
قىز بارىدۇ بىر كوزى قان، بىر كوزىدە ياش،
قامچا شىلتىپ دىۋەيلەر زالىم باغرى تاش...

## ئىككىنچى باپ

1

كۇنلەر كەينىدىن ئوتمەكتە قاتار كۇنلەر،
نە كۇنلەركى، سېقىرار مەجروھ كوڭۇللەر.
بىپايان جەزىرە قۇم دېڭىزى گويا،
ئوت-گىميا جامالى كوزلەرگە توتىيا.
جەھەننەم قۇچىغىدەك سۇرلۇك بۇ ئەتراپ،
تونۇردەك كويدۇرەر تەنلەرنى ئاپتاب.
نە تىزلاردا مادار قالدى، نە تاڭلايدا نەم،
بىر قەترە سۇ گويا جان بەخش زەمزەم.
«گور ئازاۋى» ئۇستىگە قامچا، ھاقارەت—
ئوتتۇپ تەندىن، سۇڭەككە سالغان جاراھەت.
قاپارغان تاپانلاردىن زەرداپ ئاقىدۇ،
دىللار قېتىدا غەزەپ چاقماق چاقىدۇ.
جانلارغا پاتتى بەكمۇ سۇرگۇن بالاسى،
يوقسۇللارغا پەلەكنىڭ شۇمۇ ۋاپاسى؟!

2

ئىلانىڭ ئىزى كەبى ئەگىم يول ئارا،
بىر جۇگان ئاسقاقلاپ كەلمەكتە ئاستا.
ئاھ، ئۇنىڭ كۇلدەك ھوسنى زەپىران ھازىر،
كوڭۇل-كوكسى ئەلەمدىن لەختە قان ھازىر.
بىماركى، دەرت-ھالىنى ئوزى بىلىدۇ،
ۋە ساپدىل ئىنسانلارنىڭ كوزى بىلىدۇ.
قەلبىدە يالقۇنلىنار ئەل-يۇرت پىراقى،
ھەسرەتتە خىرەلەشكەن كوزىنىڭ قاراقى.
گاھ بېشى پېقىراپ، گاھ كوڭلى ئاغىدۇ،
گاھ كېتىپ ئەس-ھۇشىدىن، گاھى ماڭىدۇ.
كىشەنلەر شاراقلايدۇ ئەل مۇڭىغا جۇر،
يۇرەكلەرنى خۇن قىلدى دوۋاڭ بالاخور.

x x

يىرتقۇچ كەبى ھۇرپىيىپ كەلدى بىر چىبردك،
چىشلىرى ھىڭگاك ئىدى، كالپۇكى يېرىق.
بەدبەشىرە—تەلەتى ئىدى شۇنچە سوغ،
تىلىدىن ياغدۇردى شۇئان زەھەر-ئوغ:
«پالازدەك سورۇلۇپ قاپسەنغۇ، ئولۇمتۇك؟
پەمىمچە، قاچماقچى بوپسەندە، ئولۇمتۇك.
بولمىسا نىمىشكە ماڭمايسەن ئىلدام
ۋە ياكى كۇتەمسەن «ئاكاڭ» دىن «ئىنئام؟!»
ئېچىشقان جاراھەتكە توز سەپتى بۇ سوز،
قەھرىنى چېكىدىن بەك ئورلەتتى بۇ سوز.
جۇگانىنىڭ ۋۇجۇدى تىترىدى بىردىن،

مەلئۇنغا غەزەپتە ئوق ئاتتى ئىلدىن:
«هەي، ۋىجدانى نەپسىگە مىنگەن هاماقەت،
سەن — يوقسۇل رىسقىغا چۈشكەن هاشارەت!
بۇ ئەلدە سەن سۈپەتلىك قانخور تېپىلماس،
ئۆلۈمتۈك، دىگەن نام سەنلەر ئۈچۈن خاس!...»
«تارت، بەدبەخ، تىلىڭنى، بىلەمسەن مەن كىم؟
گەر كۆتسەڭ ئامانلىق، ماڭ يولۇڭدا جىم!»
«بىلىمەن ئالدىمدا بىر جاللات تۇرۇپتۇ،
چەكچەيگەن كوزلىرى هەم قانغا تولۇپتۇ.
بىلىپ قوي سەنمۇ، هەي يالماۋۇز ۋەهشى،
ساڭا تىز پۈككەندىن ئولۇم مىڭ ياخشى!»
چېرىكنىڭ تېنى شۇئان تولغاندى قىلدەك،
(ئۇ هامان سېزەر ئىدى ئوزىنى پىلدەك).
«خا!» — دىدى سۈغۈرۈپ تىغنى قىنىدىن،
گاڭ قىلىچ بويالدى ئايال قېنىدىن.
بويالدى يول بويلىرى — بويالدى ئەتراپ،
بويالدى دەشت - باياۋان، بويالدى تۇپراق.
بىر ياندا ياتىدۇ ئالقاندەك سوڭەك،
بىر ياندا دەهشەت بىلەن ئېچىلغان ئىڭەك.
ئاه، ئۇنىڭ قۇندۇز رەڭلىك چاچلىرى قېنى؟
قالىغاچنىڭ قانىتىدەك قاشلىرى قېنى؟
ياتىدۇ قان ئىچىدە بىگۇنا جۇگان،
بىچارە هالىتىدىن سېقىرايدۇ جان.

نوزۇگۇمنىڭ ئاتقان ئوقتەك چىققىنىدە، توپتىن،
(ۋۇجۇدى تىترەر ئىدى چەكسىز غەزەپتىن).
كەلگەن پېتى چېرىككە ئېسىلماق بولدى،
نە بولسىمۇ بىر مەيدان ئېلىشماق بولدى.
يولىنى بىر مىرىسىپىت توستى شۇ دەمدە:
«بىزنىڭمۇ پەيتىمىز كېلەر ئالەمدە.
بىر كۈنلىرى خۇدايىمنىڭ رەهمى يېتەر،
قويغىن قىزىم، سەۋرە قىل، سەۋرە تېگى زەر!»
نوزۇگۇمنىڭ يىرالمىدى بوۋاي سوزىنى،
مىڭ تەسلىكتە كۈچ بىلەن باستى ئوزىنى.
ئەلەمدە كوزلىرىدىن توكۈلدى مونچاق،
كوڭلىدە سوزلىرىنى ئېيتتى مۇنداق:
«ئەلۋىدا، جان قېرىنداش، خەيرى - ئەلۋىدا،
پاك روهىڭ ئورۇن ئالسۇن جەننەت ئارا!»

نوزۇگۇمنىڭ قۇچىغىدا ياتىدۇ جەسەت،
سۈرگۈنلەر يۈرىگىدە ئەلەم ۋە هەسرەت.
قىز يۈرىگى ئەلەمدە سېقىرار دەرتلىك،
مۇسىبەتلىك قەلبىدە ئالەمچە مەرتلىك:
«يانسۇن، يانسۇن زالىملار،
تاجى - تەختى كۈل بولسۇن!
ئەركىنلىك دۈشمەنلىرى،
يەر بىلەن يەكسان بولسۇن!»

## ئۈچىنچى باپ

1

بۇ تاغنىڭ نامىنى «يۈلتۈز» ئاتاركەن،
تاشلىرى يۈلتۈز كەبى چاقناپ ياتاركەن.
چوققىلار بەجايىكى كۈمۈچتەك ئاپپاق،
قاپتاللار كوكسىدە بۇلاقلار ئوينىاق.
تاپانلار ئاستىدا ئۈچەيدەك تارىيول،
(قازارى بۇ يولغا كىم سالغانكى هۇل؟!)
ئۇ، بەئەينى بۇلۇتقا قويۇلغان شوتا،
بالداقلىرى بىرمۇ - بىر پۈتۈلگەن مۇزدا.

بۈگۈن بۇ يولدا قاتار كارۋان كېلىدۇ،
نە كارۋانكى، خالايىق سەرسان كېلىدۇ.
پۇخرالار پىيادىدۇركى، چېرىكلەر ئاتلىق،
تۈلكە جۇگا ئىچىدە گىدەيگەن «باشلىق».
پايلاقچى ئاتلىرىنى تۇتقۇن يېتەكلەر،
سوغ شامال يۈزلەرگە سانجىيدۇ نەشتەر.
بىر ياندا تېگىگە كوز يەتكۈسىز جىرا،
بىر ياندا چوقچايغان خەنجەر كەبى چوققا.
ساي - سايلاردا كېپەنسىز ئولۈك ياتىدۇ،
ۋە هېساپسىز ئات - ئۇلاق، مۇلۇك ياتىدۇ.

بۇ يوللار نىمە دىگەن مۇشكۇل-خەتەرلىك؟
يەزگەك كەبى لاغىلداپ تىترەيدۇ چىبرىك.

ماگلايچە[1] ئالدىدىن ئايلىنىپ ئوتەردە،
بىر بوۋاي تەسادىپ يىقىلدى يەرگە.
سۇلغۇن ئىدى چىرايى گويا ساماندەك،
ئۇچىسىدا جۇل-جۇلا غىبرىچچە يەكتەك.
ۋۇجۇدىدىن تونۇرنىڭ تەپتى كېلەتتى،
ئومرىگە ماماتلىقنىڭ قەستى كېلەتتى.
كېسەلگە مۇپتىلا بولغان بىچارە،
بولمىسا تۇرۇشقا ھېچ دەرمان، نە چارە.
«ئولگەننىڭ ئۇستىگە تەپكەن» دىگەندەك،
ئاگا تىل سالدى چىبرىك كوپۇشۇپ، دېۋەيلەپ
ۋە قانلىق قولىنى ئۇزاتتى قىلىچقا،
دىدى: «تۇرماستىن ياتسەن نىمىشقا؟
جېنىڭدىن تويغانمىدىڭ ۋەيا ئولۇمتۇك؟
بولسۇن يەرلىكىڭ مۇشۇجىرا، ئولۇمتۇك» —
دىدى-دە، قىلىچىنى كوتەردى چىبرىك،
ئېيىق كەبى دەھشەتتە ھۇرپەيدى چىبرىك.
نوزۇك كېلىپ بوۋاينى يولىمەك بولدى،
بىمار تېنى ئازاپتىن ئاستا تولغاندى.
قۇرىغان كالپۇكلىرى ئاقاردى شۇ دەم،
شالاڭ كىرپىكلىرىدىن توكۇلدى شەبنەم.
پەلەك تەرك ئەتتى ئۇنىڭ جىسمىدىن جاننى،
تەرك ئەتتى ۋاقىتسىز بۇ ساپ دىل ئىنساننى.
چىبرىك ئاتتا ئولتۇرۇپ ئاگا كوز سالدى،
ئاغزىنى كەشىدەك قىلىپ ھىجايدى.
ۋە قانلىق قىلىچىنى سوزدى جەسەتكە،
ئىتتەردى جەسەتنى يارغا شۇ پەيتتە.
ئاھ، پەلەك كورسەتكەن ھېكمىتىڭ شۇمۇ؟!
يوقسۇللارغا ئىنسانىي ھورمىتىڭ شۇمۇ؟!
سۇرگۇنلەر يۇرىگىدە ھەسرەت ۋە ئەلەم،
دىللارنى چاك ئەتتى بۇ قايغۇلۇق ماتەم.

ۋىجدان پىلتىسىگە ئوت ياقتى بۇ ھالەت،
كوڭۇل ۋادىسىدا جۇش ئەتتى جاسارەت.

غەزەپ يالقۇنى ئورلىبان قىز يۇرىگىدە،
نەزەر خەنجىرىنى ئۇردى رەقىپ كوزىگە.
ئۇردى-دە، بۇركۇت كەبى ئېتىلدى ئالغا،
ئاگا ھەمدەمدە خالايىق يېپىلدى ئالغا.
ئىسيانكار پەرزەنت يەنە ئىسيانغا كوچتى،
قىلىچلىق قولغا قىساسكار قولى يېپىشتى.
دىدى ئۇ: «جەسەتتە نىچۇكتۇر گۇنا؟-
دىدى،-ھەي خۇنخۇمار، جاۋاپ بەر ماگا!
ئىتتەردىڭ جەسەتنى يارغا نەسەۋەپ؟
يەتمەس دەۋران شۇنچەكى ئاھ - زارغا نەسەۋەپ؟!
يا تىرىكلەرگە كۇن يوق ئالدىڭدا زەررە
ۋە يا ئولۇكلەرگە تېچلىق ئارامى زەررە.
ھەددىڭدىن ئاشار بولدۇڭ شۇنچە بىرەھىم،
بارمۇ سەنلەردە قىلچە ئىنسانىي شەرم[5]؟!»
نوزۇكئاي قەھرى بىلەن تارتقاندا يۇلۇپ،
چىبرىك تېنى ئات ئۇستىدە كەتتى يۇلقۇنۇپ.
قاياقتىندۇ تەگدى كېلىپ بېشىغا بىر تاش،
ئاقتى قان ماگلىيىدىن، كوزلىرىدىن ياش.
كۇرەڭ يورغا كىشنىبان چاپچىدى بىردىن،
ھودۇقۇشتا ياۋ قولىدىن سېيرىلدى تىزگىن.
چىبرىك ئوزىنى تىك ھاڭ قەھرىدە كوردى،
نە ھاگدۇركى، جەھەننەم قويىنىدا كوردى.
خۇنخۇمار قىلمىشىغا بۇ جازا بولدى نەق،
(دىمەككى، ھامان «ئەل قىساسى مىنەلھەق»).
ئاپىرىن ئوقىدى قىز جۇرئىتىگە بارچە،
سازاۋەر قىلدى قەلب ھورمىتىگە بارچە.
ئاپىرىن ئوقىدى ھەتتا تاغۇ-قىيالار،
ئاپىرىن ئوقىدى ھەمدە ئارچا-گىيالار.
دىدى: «ئاپىرىن!» غۇقۇراپ ئۇچقان شوخ شامال،
دىدى ھەم «ئاپىرىن!» سامادا نۇر جامال.
ئاپىرىن ئوقىدى بارچە تەبىئەت ئاگا،
ياندى قەلبلەردە زور مۇھەببەت ئاگا.

چىبرىكلەر كورۇپ ئەل قەھرىنى بۇ ئەسنا،
نىچۇندۇ شۇم پەيلىدىن ياندى ئاستا.
بىراق «باشلىق» پەرمان جاكا ئەيلەپ ھايىسىز،

سالما ئارقان ئىچرە قالدى نوزۇك هايالـىـمـىز.
باغلاندى ئات كەينىگە باتۇر قولى،
بىپايان جىلغىلاردا ئەلنىڭ مۇڭى:

«بۇ يوللار ئۇزۇن يوللار،
تاپانلارغا تاش پاتتى.
دوۋاڭخاننىڭ زۇلمىدىن،
قوتۇلالماي باش قاتتى..»

2

مەيىن شامال ئەركىلەپ سۈيدى ماڭلايغا،
ئارامبەخش ئەيلەپ بۇ دەرتلىك دىللارغا.
قارىغىنە، بۇ يەرلەر نە قەدەر كوركەم،
قارىغايلار باش تىرىگەن بۇلۇتقا شۇ دەم.
قاپتاللار بەجايىكى چاقنار زىلچىمدەك،
مايسىلار ئوشنىسىدە رەڭگا-رەڭ چېچەك.
كۆمۈچ كوزلۈك بۇلاقلار ئوخچۇپ ئاقمىدۇ،
ئارچىلار... ئىرغايلار زەپ خۇشبۇي چاچمىدۇ.
كۆلكەندەك بۇ ئەتراپتا گۈل جەننەت گويا،
چەكسىز زېمىن ئوزگىچە بىر نەپس دۇنيا.
سۇرگۈنلەر بارار هامان ئالغا تىنىمىسىز،
ئويقۇغا چوككەن كەبى جىمى جان ئۈنسىز.
ئىچكەن چاغدا ئوچۇملاپ بۇلاق سۈيىدىن،
بىر مۇڭلۇق ناخشا ئاقتى نوزۇك دىلىدىن:

«ئاھ ئۇرارمەن، ئاھ ئۇرارمەن،
ئاھلىرىم تۇتقاي سىنى.
كوز يېشىم دەريا بولۇپ،
بېلىقلىرىم يۇتقاي سىنى.»

3

كائىنات مەشئەلى كىردى غىلاپ ئىچىگە،
ئاسمان گەردىشىگە هەم تارتىلدى پەردە.
تۈن نەققاشى گۈل چەكتى زەڭگەر ساماغا،
تاغ شامىلى كېزەر تىنىماي كەڭ دالادا.

ئېغىر هاردۇق هاڭ-ئاچىسى ئەزدى تەنىنى،
دىل جامىغا قۇيدى ئۇيقۇ شېرىن مەيىنى.
ئەل ئۇيقۇدا، ئەمما نوزۇك كوزلىرىدە دەم،
يۇرت سويگۇسى يالقۇنلار قەلبىدە شۇدەم.
خىيال كەپتىرى ئۇچتى قەشقەر باغرىغا،
كوز ئالدىدا غەمگۇزار-مېهرىبان ئاتا.
مول هوسۇل دەستىخىنى ئالدىغا تولغان،
ئاتا-بالا دىلى شات باهارغا تولغان.

باغ ئارا ئانار ئۈزۈپ ئاتا تىنمايتتى،
نوزۇكتاي سويگىنىگە ئانار تاللايتتى.
ئامرىغى ناخشا ئېيتىپ ئوتتى يىراقتىن،
قىز چومۇلدى هاياجانغا ئوتلۇق پىراقتىن.
چومۇلدى-دە، بىردىنلا قىزاردى يۈزى،
خىجىللىقتا ئاتىسىغا تىكىلدى كوزى.
ئاتىسى كورمىگەنگە سالدى بۇ هالنى،
قىز ئالدى ئېتىگىگە بىر جۈپ ئانارنى.
يۇرىگى چەكسىز شاتلىق ئىلكىگە چومدى،
هورمەتتە يىگىتىگە ئانارنى سۇندى.
جۈپ ئانار — سويگۇ تولغان بىر جۈپ-ياش يۇرەك،
شۇ ئاناردەك شېرىن ئىدى دىللاردا تىلەك.
بىراق، دەۋران ئېپ كەلدى ئەل بېشىغا جۇت،
ياۋۇز قولدا شېرىن تىلەك ئەيلەندى نابۇت.....

× ×

سۇرگۈنلەر تەگلىرىدە تاشتىن سىلىنچا،
سويگۇ ئوتى يالقۇنلار نوزۇك دىلىدا.
مەڭزى بويلاپ توكۇلدى ياشلىرى ئۈنچە،
لەۋلىرىدىن يەنە قوشاق توكتى غۇنچە:

«ھەجەپ بىر زامان بولدى،
ئالەم چورگىلەي دەيدۇ.
يۇرەكتىكى زەرداپ سۇ،
قانغا ئوردىلەي دەيدۇ...»

## تۇتىنچى باپ

1

ئەتراپى سوقما تاملىق قاراڭغۇ زىندان،
تۆۋرۈكلىرى لالىرەڭ قاندا بويالغان.
چۈسلار لومشۇپ يۇرەر ئىججان بەدەندە،
ئايدەك جامال ئالماشقان زەپىران رەڭگە.
زەيلىكتىن تەن بىزاركى، بەدبۇيدىن دىماق،
ياتىدۇ زىندان ئارا بىگۇنا قىزچاق.
گاھ ئۈمىت ئەينىكگە نەزەر باقىدۇ،
زامانغا يۇرىكىدە نەپرەت ئاقىدۇ.

× ×

تىرىكلىك دۇنياسىغا كەلدى نوزۇگۈم،
هاياتتىن نە خوۋلۇق كوردى نوزۇگۈم؟
پەقىرلىق خانىسىدە يەتتى بويىغا،
ئۈمەت لالىسى كۈلمەي كوگۈل بېغىدا.
نە دىلى قاندى ئانا مېھرىگە زەررە،
نە شاتلىق كوردى ئاتا چېھرىدە زەررە.
ئېچىلغان چاغدا ئەقىل كوزى ئەندىلا،
ئانا تېنى كېسەلگە بولدى مۇپتىلا.
قولى قىسقىنىڭ قىسقا ئىكەن ئومرىمۇ،
هايات سەھراسىدا سۇنۇق ئىكەن كوگلىمۇ.
ئېغىر يىللار تەرك ئەتتى ئۇنى هاياتتىن،
پەقىرلىق خانىسىنى بۇ شام-چىراقتىن.
ئاتا قولىدا قالدى ئىككى قېرىنداش،
ئاكىسى ئابدۇللا ئىدى ئونبەش ياش.
گەپ-سوزى شېرىنلىقتا قەن-ناۋات ئىدى،
ئوزى ئاتا ئۈچۈن چىن قول-قانات ئىدى.
ئېچىپ دەشتلىك قويىندا زېمىن بىر پارچە،
بەرپا قىلغانتى ئاتا ئۇندا بىر باغچە.
بار ئىدى ئۇندا ئەنجۇر، بېھى ۋە ئانار،...
تەشنا يۇرەكلەر ئۈچۈن شەرۋەتى مادار.
ئاتا-بالا مېھنەت بىلەن ئۇندا تىنمايتتى
گاھى نوزۇك كەشتە ئۈچۈن نۇسخە ئالغايتتى.

ئىددىكى بىساتىدا بارى ئەشۇ باغ،
تۇرمۇش دەشتىدە ئىنتىزارى ئەشۇ باغ.
شۇ باغ بىرلە ئۇلارنىڭ دىللىرى خۇشتى،
نوزۇك قىزمۇ شۇباغدەك هوسۇنگەتوشتى...

بىراق، هايات ئەمەس ئىدى ئۇندا تېچ،
هوكۇم سۇرگەن «ئالتە شەرەدە قانلىق قىلىچ.
بۇ هال پۇخراغا قوشلاپ بالا كەلتۇرگەن،
قىيامەت قىسمىتىدىن سادا كەلتۇرگەن.

..........................................

قەشقەر هاكىمدارى ئەزىز بەگ غوجا ⑥
كورۇپ بۇ هالنى، ياۋغا قىلدى ئىقتىدا.
ئۇنىڭچۇن دوۋلەتخان بەردى چوڭ ئىنئام،
ئەزىز بەگ دىدى: بۇ ماڭا زور ئىلھام.
دىدى سويۇپ خاقان قولىنى قايتا:
«ئەيلەي دولەتلىرى ئۈچۈن جان پىدا.»
دوۋلەتخان شۇ يوسۇن قولچوماق تاپتى،
ياۋۇزلۇق بابىدا هەم چوڭ ئاتاق تاپتى.
ئېتىز-باغلارنى چەيلەپ غازاڭ ئەيلىدى،
يوقسۇللار ئېگىلىكىنى پايخان ئەيلىدى.
بازار ۋە رەستىلەرنى ۋەيران قىلدى ئۇ،
خالايىق قەلبىنى لەختە قان قىلدى ئۇ.
ئاياق ئاستى ئەيلىدى خوتۇن-قىزنى هەم،
پۇخرا بېشىغا چۈشتى تاغدىن ئېغىر غەم.
جاهالەت گەردىشىدە بوغۇلدى نەپەس،
كوڭۇللەردە ئۇندىن قۇتۇلماق غەرەز.
دوۋلەتخان بارغانسېرى هەددىدىن ئاشتى،
خالايىقنىڭ سەۋرى هەم قايىندى-تاشتى.
باغلاپ مەهكەم ئادالەت ئۈچۈن بېلىنى،
ئېتىپ زۇلمەت كوكسىگە غەزەپ تىغىنى؛
قەشقەر ئەزىمەتلىرى كوتەردى غازات⑦،
دوۋلەت زۇلمىغا قارشى ئەيلەپ قەسەمىيات.
بارچە يوقسۇللار تەڭ ئاڭا ئۇن قاتتى،

بولۇپ بىر تەن بۇ جەڭگە ئۇزىنى ئاتتى،
بۇ جەڭگە نوزۇگۇممۇ ئىشتىراك قىلدى،
قانچىلاپ رەقىپنى ھەم زەخمىناك قىلدى.
ئەۋج ئالدى ئورلەپ بۇ غازات كۈنسىرى،
ئېشىپ دىللاردا زور ئىجتىھات كۈنسىرى.
بىراق، زەخمىلەندى بۇ غازاتتا باقـەم،
بۇ ھال نوزۇگۇمغا قىلدى چوڭ ئەلەم.
شۇنداقتىمۇ يەڭمىدى بىلىنى جەڭدىن
ۋە بەلكى جەڭ ئىچىدە چىقاردى دەردىـن...

× ×

ئەزىز بەگ بېشىدا ئەگىدى ماتەم،
يىرتقۇچ يۈرىگىنى باستى ئېغىر غەم.
جاھالەت سۇلتانىدىن ياردەم تىلەنـدى،
قايرىلغان تىغى ئۇنىڭ قايتا بىلەندى.
دوۋاڭخان پەرمان بىلەن ئەلگە سالدى جۇت،
قان بىلەن بۇلغاندى بۇ ئەزىزانە يۇرت.
تاغدەك ئېغىر كۈن چۈشتى پۇخرا بېشىغا،
چەرخى پەلەك باقماس ھېچ كوزنىڭ يېشىغا.
تۇتتۇن قىلدى زالىم خان غازات ئەھلىنى،
قىرغىن قىلدى قانلىق تىغ يوقسۇل نەسلىنى.
زەنجىرلەندى زىندان ئارا نوزۇك بىلىگى،
سولار بولدى ئېچىلماي غۇنچە تىلىگى.
بايان ئەيلەر ناخـشىدا مۇڭ-زارىنى قىز،
قەلبىدە ئۇلۇغ سويگۇ-مۇھەبـبەتتىن ئىز:
„دەرت كەلدى بۇ باشـىمغا،
كىشى كەلمەيدۇ قاشىمغا،
كىمى كەلىمكەن قاشىمغا،
خەت بەرسەم ئاداشىمغا......"

2

تەپەككۇر ئاسمىنىدا كېزەر نوزۇگۇم،
غايىۋى دېڭىزدىن دۇر سۈزەر نوزۇگۇم:
„بىزلەرنى نىچۇن خار-زار ياراتـتىڭ خۇدا،
ئالەمنى يوقسۇلغا تار ياراتـتىڭ، خۇدا.
ئەرك ئىزلەپ جانلارنى نىسار ئەيلىدۇق،
لېكىن زۇلمەتتىن ئۇزگە شاتلىق كورمىـدۇق.
ئەجداتلار قان-تەرى سىڭگەن بۇ تۇپراقتا،
بەنت ئەيلەندى بىگۇنا جانلار دوزاقتا.
پۇخرالار بېشىدا پۇلدار ياتاق چېقىپ ئوتسە،
يوقسۇل قېنىنى شاراپ ئورنىدا يـۇتسە؛
تىل تۇرۇپ سوزلەلمىسە خالايىق زىنـھار،
ئىلكىدە بولمىسا ھېچ ئەرك-ئىختىيار؛
پۇخرالار ياقالمىسا بۇندا بىر چىراق،
خاقانلار ئوت قويۇشسا مەيلىمۇ شۇنداق؟!
زالىملار بىلمەيدۇ قىلچە نومۇس-ئىزانى،
نىچۇن تەڭشەلمەيدۇ بۇ ھايات مىزانى؟!
سۇ كەلتۇرگەن خارلىقتا ئوتەر قاچانغىچە؟
كوزا چاققان شاتلىقتا كۇلەر قاچانغىچە؟
قولىمىزغا ئەرك قۇشى قونىدۇ قاچان؟
ئۇمىت بېغى گۇللەرگە تولىدۇ قاچان؟..."
تۇن قۇشلىرى ھۇۋلىغان ئەنسىز كېچىدە،
نوزۇكتاي شۇ سوزلەرنى ئېيتتى ئىچىدە.
يادىغا كەچتى ئوتكەن غازات ھارپىسى،
قەلبىدە ئۇردى دولقۇن مۇھەببەت ھېسسى.
باتۇر قىزچاق كايىبان شۇندا ئۇزىنى،
ئېتىگىدە سۇرتتى ياشقا تولغان كـوزىنى.
پىچىرلىدى چاقىغان لەۋلىرى مۇنداق:
„ياش توكمەن بىھۇدە نە ئۇچۇن بۇنـداق؟!
مۇناسىپمۇ كوز يېشى باتۇر نەسلىگە،
رىيازەتسىز يېتىپ بولماس سويگۇ ۋەسلىگە.
باقەم بىلەن قىلىشقان ئەھدىمىز شۇنداق:
ئولۇمگە تەڭ بىز ئۇچۇن ياۋغا باش قويماق.
كۇل قىلماستىن جاھالەت تاجۇ-تـەختىنى،
يەشمىگەيمىز غازاتچۇن باغلىغان بەلنى.
ئەرك تېگى ئاتقاندا غازات ئەۋجىدىن،
يۇرت كۇلگۇسى مۇبارەك زەپەر مەۋجىدىن......"
شېرىن خىيال قوينىدا شاتلاندى نوزۇك،
بەلكى يېڭى جەڭ ئارا ئاتلاندى نوزۇك.
شۇئان كوكۇل ئاسمىنىدىن تۇمان قوغلاندى،
شىجائەتكە تولدى دىل، ئۇمىت نۇرلاندى...

## بەشىنچى باپ

1

پاناق بۇرۇن مەنسەپدار بىھىدا ئوتقات⑧،
نەزەر تاشلار سوز ئارا كىمكىدۇر پات-پات.
بىر يېنىدا گىدەيگەن جاڭجۇن ⑨ نوۋكىرى،
بىر يېنىدا ئورا كوز زىنداں مۇلكەرى.
بىرسى خەسىس باي سولان⑩، سودىلىشار «مال»،
نىمىنىدۇ پىچىرلار بىنومۇس دەللال.
ئۇزۇنتۇرا سودىگەر كۇلدى قاقاھلاپ،
قىرى دەللال كىبىمى كوڭلىگە ياراپ.
پاناق «باشلىق» ھىجاراپ ئاڭا كوز سالدى،
ھەمىيانىغا بىر تىزىق تىللانى ئالدى.
سولان ئىلكىگە ئوتتى نوزۇك تەقدىرى،
مانان قويىنىغا چوكتى كوڭۇل پەنجىرى.
خالاس ئەيلەندى مۇدھىش زىنداندىن ۋەلىك①—
يۇرىگىدە ئەنسىز خىيال، كوزدە غەمكىنلىك.
غۇنچە تېنى بىمۇاقىت ئەيلەندى قاقشال،
ئەندى سولان ئىلكىدە كۇنلىرى نەھال؟!
كوڭلىگە پاك ۋىجدانى بىر ئوينى پۇكتى،
بەلكى نوزۇك كوپتىن بۇ پۇرسەتنى كۇتتى.

2

كۇكۇم پەردىسى ئىچرە سولان ھويلىسى،
بىزار ئەيلەر كوڭۇلنى ئىتنىڭ ھۇۋلىشى.
ئىچكىرى-تاشقىرى بۇ ھويلا تاملىرى كۇنىسز،
بىر بۇلۇڭدا زەي كەمە، شۇنچە كوڭۇلسىز.
تاشقىرىدا چوڭ قوتان، ئىچكىرىدە ئايۋان،
ئۇچەت-بۇچەت قاتار ئوي، ئالدى پېشايۋان.
قەيەردىدۇ قارىسلىدايدۇ قويچى قامچىسى،
قىز قەلبىدە ئەلەم ۋە ھىجران قايغۇسى.
كالا مورەپ، پادىلارمۇ ياندى دالادىن،
قويلار مەرەپ، جاي ئالدى ئېغىل-قاشادىن.
كەمە ئالدى تۇۋرۇكىكە يولەندى نوزۇك،
بوشۇكىگە خىيالنىڭ بولەندى نوزۇك.

× ×

«ئەسسالامۇئەلەيكۇم، سىڭلىم، نىچۇك ھال؟»—
كىمدۇ بىرسى سوزلىدى، بولۇندى خىيال.
تونۇش بۇ ئۇن قىلدى ھەيران نوزۇكئاينى،
چومدى شاتلىق دەرياسىغا ئۇ بەئەينى.
ئارقىسىغا بۇرۇلدى-دە، كوڭلى سويۇندى،
گويا شۇدەم كوزلىرىگە خىزىر كورۇندى.
ئۇ ھەققىدە تالاي رەت ئاڭلىغان مۇنداق،
تەرىپىنى ئاتىسى داڭلىغان مۇنداق:
«خىزىر دىمەك، خۇدانىڭ ئەلچىسى بولمىش،
كورسە كىمكى، تەلىيى ئوڭدىن كېلەر مىش.
خىزىر ئوزى بوۋايمىش كۇمۇچ ساقاللىق......»
قىز تىكىلدى سىنچىلاپ، دىلدا ھەيرانلىق.
نەخىزىركى، ئالدىدا تۇرغان شۇ ئادەم
قاڭشا بۇرۇن، ئورتا بوي، ئالار ئېغىر دەم.
ياش قۇرامى ئوتتۇزلاردا باردۇر بەلكى،
بوغۇلغانمۇ بىچارىنىڭ هايات ئەركى؟!
تىتما-تىتما ماتا كوينەك ئۇچىسىدا،
ھوتمە-توشۇك پۇرۇم چورۇق پۇتلىرىدا.
كەڭ پىشانە، چېھرىسىگە چۇشكەن قورۇق،
شۇنداقتىمۇ، كوزى چاقناق، دىلى يورۇق.
گاھ ئىشىنىپ، گاھ ئىشەنمەي بۇ ھالغا قىز،
دەقىقە ئوتتۇپ جىملىق، دېدى ئاران: «سىز؟...»
«مەن بۇ ئوينىڭ مالچىسى، ئىسمىم ئابدۇللا،
ئېيتسام سىڭلىم، يۇرەكتە دەرت-زارىم تولا.»
قىز قەلبىنى بىر ئوتلۇق سېزىم چۇلغىدى:
«بەلكى ئاكام ئابدۇللا مۇشۇ بولغىدى.»
بىراق، ئىمكان بەرمىدى سوزلەشكە دېمى،
قۇچتى شەبنەم كىرپىكى، تىترىدى لېۋى.

سىرلىق سوئال ئىلكىدە مالچى باقىدۇ،
يۇرىكىدە بىر دەريا مېھرى ئاقىدۇ.
تەئەججۇپتە ياساپ ئوركەش كوڭۇل بەھرى،
تەپەككۇرنىڭ ئاسمىنىدا كېزەر ئەقلى:

«ئەجەپ ئەمەس شۇ بولسا،
شۇدۇر ئېھتىمال،
زەپ ئوخشايدۇ ئۇنىڭ تەرەپ مەڭزىدىكى خال.
زىناقلىرى...ياق، بەلكى ئوخشايدىغاندۇ
چىراي دېگەن شۇنداقمۇ ئوخشىمىدىغاندۇ؟!...»

باش كوتەردى مالچى خىيال ياستۇغىدىن،
بىجا قىلدى قىزغا ئىكرام دىل قېتىدىن.
دېدى: «سىڭلىم، ئويگە كىرىڭ مۇڭدىشايلى،
خەستە دىلغا شىپا ئىزلەپ سىردىشايلى.»
ئاستاغىنە ئاياق باستى بوسوغقا قىز،
يۇرىگىدە ئۇلۇغ سويگۇ ھىجرانى ئىز.

× ×

جىن چىراقلىق تار كەمە، ئوچاقتا پۇتلۇق،
چاي ئۇستىدە مۇڭلىنىپ سوز ئالدى نوزۇك:
«قەشقەردىنمەن، يەتمىشكە كىرگەن ئاتام بار،
بۇ تەرەپتە سۇرگۇندە يالغۇز ئاكام بار.
قويغان ئىكەن نوزۇكتاي دەپ ئىسمىمنى ئاتام،
نوزۇگۇم، دەپ ئەركىلىتەر ئىدى جان ئانام»
«ئاھ! جىگەرىم، يالغۇزۇم، سىڭلىم نوزۇكتاي!...»
«ئاكاموسىز؟!...»
قۇچاقلاشتى جانلار قېنىشماي.

قۇچاقلاشتى جان-جىگەر ئىككى قېرىنداش،
بولدى كوككە يەتكەندەك گويا ئەزىز باش.

3

كۇنلەر كەينىدىن ھەپتە، ئايلار ئۆتۈشتى
قېرىنداشلار كېچىشىن بايان ئېيتىشتى.
قىز يۇرىگى سۇ ئىچتى مېھرىبان قولدا،
ئاي جامالى نۇر قۇچتى ئاستا ۋە ئاستا.
ئەمما كوڭلى بىخالاس غەمدىن شۇندىمۇ،
گاھ تولغىنار ۋۇجۇدى ئەلەمدىن شۇندىمۇ.
يېتۇك ئەقلى چوكەر بەزەن خىيالەتكە،
ئاقار نەپرەت يۇرىگىدىن جاھالەتكە.
ۋىسال ئىشقى ئورتەپ گاھ قەلب ئويىنى،
كى مۇڭلىنار توكۇپ قىز كوڭۇل كۇيىنى:

«ئاتامنىڭ ھالىنى دەيمۇ،
ئاكامنىڭ ھالىنى دەيمۇ.
ئىشىق ئوتىدا كويگەن،
بۇ دىلىمنىڭ زارىنى دەيمۇ.

ھاۋا بۇلۇت-تۇتۇلدى،
قار-يامغۇرلار ياققىلى.
قانداق چاغدا تۇغۇلدۇم؟!
دەرت-ئەلەملەر تارتقىلى.»

## ئالتىنچى باپ

گاھى بۇلۇت دېڭىزدا ئاقار ھىلال،
گاھ رۇجەكتىن مۇڭ ئىلكىدە باقار ھىلال.
پەيتى ۋاقىت تۇن يېرىمدىن كەتكەن ئوتۇپ،
ئەھلى يېزا ئېغىر ئۇيقۇ ئىچرە چوكۇپ.
ئەتراپ گويا ئەسلىتىدۇ گور ئىچىنى،
كورۇپ بولماس قاراڭغۇدا قول ئۇچىنى.
كەڭرى ھويلا سۇكۇتكە چومۇلگەن، بىراق —
بىر بۇلۇڭدا گەمە ئىچرە چاقنار چىراق.
چىراق تۇۋى خىرەلىكتىن تۇن كېلىدۇ،
دەمدە قايغۇ-ھەسرەت بىلەن مۇڭ كېلىدۇ.

بىر-بىرىگە چىلىق يولەنگەن ئىككى گەۋدە،
كى ئوز ئارا مېھرى دەريا يۇرىگىدە.
بىرى ئۇنىڭ ئاي جامال قىز، بىرى كەمپىر،
(تىلى باشقا ۋە لېكىن دىل، تەقدىرى بىر).
بىرى ئۇيغۇر، بىرى موڭغۇل—ئېيتى سەنتە،
بايان ئەيلەر كەچمىشىنى بىر-بىرىگە.
سەنتە موماي كوزلىرىدە دەرتلىك يېشى،
نە كۇلپەتلەر كورمىگەن بۇ مەزلۇم بېشى.
يېرىم ئومري بۇ ھويلىدا ئوتۇپتۇ ئۇنىڭ،
زۇلمەت قامچىسى باغرىنى سوكۇپتۇ ئۇنىڭ.

موڭگۈش بوۋاي تۆھمەت بىلەن جازا تاپقانكەن،
نە جازاكى، زىندان ئارا قازا تاپقانكەن.
ئۆتكەن يىلى قاداتىندىن قايرىلىپتۇ ئۇ،
بىر قوي ئۈچۈن بىر ئوغلىدىن ئايرىلىپتۇ ئۇ.
دەردىغا، بۇ موماي قاپتۇ ئامانەتكە،
شۇڭلىدىمۇ قەھرى ۋۇلقان ئىكەن قاباھەتكە.
تال-تال چېچى قار-قىروۋى ئەسلىتەركەن،
ناخشا بىلەن ھەسرىتىنى پەسلىتەركەن.
چاقنار ئىكەن كوزلىرىدىن ھەققانىيەت،
بايان ئىكەن سوزلىرىدە ئىقبالىيەت.
كىچىكىدىن ناخشا خۇمار ئۆسكەچكىمۇ،
يا بېشىدىن تالاي قىسمەت ئۆتكەچكىمۇ؛
ناخشا دىسە، يايرار ئىكەن تەن-تېنى ئۇنىڭ،
ناخشا ئىكەن بار بىساتى ۋە جېنى ئۇنىڭ.
يىتىم كورسە، باشلىرىنى سىلار ئىكەن ئۇ
ۋە ئۇنىڭچۈن ياخشى كۈنلەر تىلەر ئىكەن ئۇ.
بىر كۈنى ئۇ، تېزەك تېرىپ دالا يۇ-تۈزدە،
يۈرگەن ئىكەن ئوتلاق ئارا، پەسلى كۈزدە.
يىراقلاردىن ناخشا ئۇنى ئاڭلىنىپتۇ،
موماي قەلبى ئاڭا بىردىن باغلىنىپتۇ.
بارغان ئىكەن شۇ تامانغا موماي سەنتە،
ئۈچرىتىپتۇ بىر يىگىتنى قىيا-بەلدە.
قويۇپ بېرىپ قويلىرىنى ئوت-قىياقتا،
ئولتۇرغانىكەن چوموپ چەكسىز ئوت-يىراقتا.
بۇغداي ئوڭلۇك، قوشما قاشلىق، ئوزى تەمبەل،
ئۈچىسىدا جۇلدۇر-چۇقا ماتا كەمزەل.
ئۇنىڭ ھالىدىن موماي كوڭلى بۇزۇلۇپتۇ،
سوزلىشىپتۇ، سوھبەت خېلى سوزۇلۇپتۇ.
باقى ئىكەن يىگىت ئىسمى، سوراپ كورسە،
يوق پۇتى سەل ئاسقار ئىكەن ماڭسا-يۈرسە.
باقار ئىكەن جىغا باينىڭ قويلىرىنى،
كۈزىتەركەن تۆنىدە مال ۋە ئۆيلىرىنى.
جىغا باي بۇ ئەتراپنىڭ بىرىبېگى ئىكەن،
ياۋۇزلۇقتا يالماۋۇزنىڭ بىرىبېشى ئىكەن.
نوزۇك ئاڭلاپ ئۆشبۇدەم بۇھىكايەتنى،
نەھىكايەتكى، يارۋەسلىدىن بىشارەتنى؛
سويگۇ يالقۇنى ئورلەپ ئوتلۇق دىلىدا،
شاتلىق كەلكۈنى جوش ئۇردى تومۇرىدا.
ئوقۇپ يۈرىگىدىن كوپ رەخمەت مومايغا،
ئىزھار قىلدى يېنىشلاپ ھورمەت، مومايغا.
ئىزھار قىلدى چىن يۈرەك سوزىنى شۇئان،
ئىزھار قىلدى كوڭلىدە سىرىنى پىنھان.
ئىزھار قىلدى نەئۈچۈن بىدارلىغىنى،
ئىزھار قىلدى تەشنايى دىدارلىغىنى.
ئىزھار قىلدى قەلبىدە مۇھەببەتنى چىن،
ئىزھار قىلدى سويگۇگە ساداقەتنى چىن.
دىدى: «ئۇنىڭ ۋەسلىگە يەتمەك تىلەيمەن،
دۇنيادا بىللە-ھەمدەم ئوتمەك تىلەيمەن.»
ئىزھار قىلدى ئۇنىڭچۈن ئىلتىماسىنى،
ئىزھار قىلدى مومايغا چىن ئىخلاسىنى.
ئىزھار قىلدى موماي ھەم تەسەللى ئاڭا،
دىدى: سەنتە جان بىلەن باشىڭدا پانا.
يەتسەڭ مۇراتقا، مەن ھەم مۇراتقا يېتۈرمەن،
ئۇنىڭچۈن بارلىغىمنى نىسار ئېيتۇرمەن.
دىدى ھەم: بەختىڭ ئۈچۈن تىلەيمەن زەپەر،
دىدى: ۋەسلىڭدىن ئاڭا يەتكۈزەي خەۋەر.

ئاشىقلار شۇ يوسۇندا دىدار تېپىشتى،
نە دىداركى، دىدار ئاتلىق گۈلزار تېپىشتى.
شۇندىن بۇيان تاپسا پۇرسەت گاھى-گاھى،
ئەيلەر بولدى ياز بويىنى قارار گاھى.
بىرى گۈل ئىدى، بىرى بۇلبۇل مەستانە،
بىرى ئوت ئىدى، بىرى گويا پەرۋانە.
بىرى ئاي ئىدى، بىرى سىردىشى ئەختەر⑫،
بىرى چاقماق ئىدى، بىرى زۇلمەتكە خەنجەر.
ئاڭا زالىم كوڭلىدە زەھەر قاينار ئىدى،
شۇم پەيلى ھەر بالاغا ھەم تەييار ئىدى.
پەسكەش خىيالەت قىستاپ ياۋۇز نەپسىنى،
كېزەتتى بىر قارا نىيەت كوڭۇل-كوكسىنى.

شۇ سەۋەپ كوپ ئۇزاق ئوتمەي ئارىدا،
ۋىسال پەيتلىرىنى ئالدى تەقىپ ئاستىغا.
بۇ ھالدىن ئاشىقلار كوپ قايغۇرار ئىدى،
ئۇنىڭچۇن سەنتەمۇ ھەم قايغۇدار ئىدى.
كوڭلىدە ئابدۇللانىڭ بىرپىكىر غالىپ،
بىرپىكىركى، زالىم سولان قەستىگە مۇخالىپ.

× ×

گەڭ ئۇپۇق لەۋلىرىگە قونغان چاغدا زەر،
سوغ شامال دالا بويلاپ كەردى يەنە پەر.
نوزۇكئاي ئويلا-ئويلا سولان قەستىنى،
تەشۇش لەشكىرى ئەسىر ئەيلەپ قەلبىنى؛

يەنە كوڭۇل مۇڭلىرىنى توكتى ئۇشبۇدەم،
شېرىن خىيال دەرياسىغا چوكتى ئۇشبۇدەم؛
„يوللارنى تولا مېڭىپ،
ھالسىزلىنىپ تېلىمقتىم.
مەن بۇياققا كېلىپلا،
يامان كوزگە چېلىمقتىم.
قاناتىم بولسا ئۇچسام مەن،
يۇلتۇزلارنى قۇچسام مەن.
زالىملارنىڭ بېشىغا،
چاقماق بولۇپ چۈشسەم مەن.“

## يەتتىنچى باپ

كائىنات تۈن غىلابى ئىچىدە پىنھان،
مىسالى زەڭگەر گۈمبەز بىپايان ئاسمان.
تاغ ئۈستىدىن كوك پەردىسى كوتەرمەكتە باش،
چەكسىز دالا ئىزغىرىن شامالغا سىرداش.
يىرتىق پەنجىرىدىن قىز باقار دالاغا،
پەرۋاز ئەيلەر تەپەككۇر قۇشى سامادا.
گاھ ئويىدا گۈل ئاچار شېرىن تىلەكى،
گاھ تەكسىز ئەندىشىگە ئەسىر يۈرىكى.
كوڭۇل ئارزۇسىغا پاك ۋىجدانى كاپالەت،
ئۇنىڭچۈن ۋۇجۇدىدا جۇشقۇن جاسارەت.
ئىشق ئوتىدا قەلبى كۈلخان بەئەينى،
پىكىر ھېسسىياتى مىسلى فونتان بەئەينى:

„مەن بۇ يەردە ھەسرەتتە،
كۈندە يۈزمىڭ غەم-دەرتتە.
ئېيتىڭلارچۇ، يۇلتۇزلار،
يارىم نىمە كۈلپەتتە؟

يارىمنىڭ ئېتى باقى،
مەن ئاڭا بولاي ساقى.
يۈرەكلەرنى خۇن قىلدى،
تەتۈر پەلەكنىڭ چاقى.

يارنىڭ يارلىغى باردۇر،
يۈرەكنىڭ زارلىغى باردۇر.
مەن يارغا يېتەي، دىسەم،
زاماننىڭ تارلىغى باردۇر.“

ناخشىغا خىيال يەنە تەكرار ئۇلىنىپ،
ۋۇجۇدى غەم، ھەسرەت ئىلكىدە تولغىنىپ-؛
ھارغىنلىق ھاگانچىسى ئەزدى ئېھتىمال،
تال-تال كىرپىكلىرىنى يۇمدى ئايجامال.
يۇمدى-دە، ئۇزاق ئوتمەي چۈش كوردى نوزۇك،
نەچۈشكى، بەلكى دەھشەت ئىش كوردى نوزۇك:

باھار ئىمىش، تەبىئەت شۇقەدەر كوركەم،
چىمەنلەر چېھرىسىدە مەرۋايىت شەبنەم.
جانلارغا خۇشبۇي ھاۋا ھوزۇرى بەخش،
ئېدىرلار تاۋۇس قۇشتەك ياسانغان ئىمىش.
باغلاردا بۇلبۇل بەزمە قىزىتار ئىكەن،
تاغلاردا كىيىك ئەركىن قىيغىتار ئىكەن.
ساي-سايدا چەشمە-بۇلاق ئۇخچۇپ ئاقارمىش،
ئەتراپقا ئۇنچە كەبى چاچقا چاچارمىش.
تەڭشىلىپ ئىگىز - پەسلىك ئەل-يۇرت ئىچىدە،
باققان ئىمىش زامان تەكشى ھەر كىشىگە.
سامادا ئۇزەر ئىمىش تولۇنئاي مەغرۇر،

كۆكۈللەر يايرار ئىمىش ئەجەپ بەھۇزۇر.
يەلپۈنۈپ سالقىن شامال كۆللەر بەرگىنى،
ئاچار ئىمىش ئاشىقلارنىڭ دىل بەھرىنى.
يۈرەكلەر تېپەرئىمىش شاتلىقتا ئويناپ،
نەشاتلىقكى، مۇبارەك ۋىسالنى تويلاپ.

بىر چاغدا تۇتەك بېسىپ ئاسمان ھوسنىنى،
قارا قويۇن قاپلاپتۇ زېمىن ئۈستىنى.
ھۇۋلار ئىمىش ئەتراپتا دەھشەتلىك بوران،
بەرگى غازاڭ بولۇپتۇ باغلاردا رەيھان.
باياۋانغا ئايلىنىپتۇ چىمەنزارلار،
ھەسرەتبىلەن ئالمىشىپتۇ خوشالچاغلار...

نوزۇگۇماي كەڭ ساماغا تىكسە كوزىنى،
ئايمۇ نەكەم بۇلۇت ئىچرە ئالغان ئۈزىنى.
نەدىدۇ ھۇۋلار ئىمىش ھۇقۇش تەلۋە،
ئاشىقلار قاپتۇ قارا تەشۋىش ئىچىدە.
ئۇشبۇ ھال قىز قەلبىنى ئەيلەپتۇ تىت-تىت
ۋەسۋەسە پەيدا بوپتۇ ئالدىدا بىر ئىت.
گاھ خىرىس ئەيلەپ، گاھى ئەركىلەر ئىمىش،
گاھ كىرىپ تىللغا بىردىن، گاھ ھۆرەر ئىمىش.
گاھ بىردىن كىرەر ئىمىش ئادەم تۇسىگە،
گاھ بىردىن سۇرلۇك ئىلان قىياپىتىگە.
گاھ بىردىن ئەجدەرھاغا ئايلىنار ئىمىش،
ئاغزىدىن ھەر تەرەپكە ئوتچاچار ئىمىش.
ۋادەرىخ، نە قىسمەت بۇ شۇنچە دەھشەت،
سۇلغايمۇ چېچەك ئاچماي ۋىسال مۇھلەت؟!
خۇدايا، ئۇزەڭ بىر كۈچ قىلغىن ئىلتىپات،
بۇ ۋەھشەت قىسمىتىدىن ئەيلە ئازات!

x x

كىمدۇ بىرسى چەكتى گەمە پەنجىرىنى،
چەكتى ئۈزۈپ ئۇشبۇ دەھشەت زەنجىرىنى.
نوزۇگۇم چوچۇپ باش كوتەردى ياستۇغىدىن،
قارا تەشۋىش ئورۇن ئالدى دىل قېتىدىن.
ئەتراپ جىم-جىت، كوك پانۇسى ئوچكەن
ۋاقتى،
ئەندىش ئارا پەنجىرىگە قىز قۇلاق ياقتى.
ياقتى-دە، ئۇندىن تونۇش بىر سادا كەلدى،
كوز ئالدىغا غەمگۇزارى — ئاكا كەلدى.
ئوچاق ئالدى — توشەكتىن تۇردى چاچ-
راپ قىز،
ئوزىنى ئىمەلىك تامان ئاتتى ئوقتەك تېز:
«نەھادىسە بولدى ئاكا، مېھرىبانىم، ئېيت؟
ئەجەپ ئاغدى بۇيۇرەك، غەمگۇزارىم ئېيت؟»
ئابدۇللا ئەتراپقا بىر نەزەر ئاغدۇردى،
كوڭلى تىندى، (ھويلا ئىچى جىمجىتلىق
ئىدى).

نوزۇگۇماي بىتاقەت بوپ تىكىلدى ئاڭا:
«نە ئەھۋال؟ جېنىم ئاكا، ئېيتساڭچۇ ماڭا.»
«ئوماق سىڭلىم، جىگەرىم، كەتكىن بۇ يەردىن،
بەختلىك بولسۇن! تېزتەرك ئەتكىن بۇ يەردىن.
يېتەر شۇنچە تارتقان ئازاپ، ئەلەم - كۈلپەت،
گەر كەتمىسەڭ، دەرت ئۈستىگە تولغۇسى دەرت.
ياۋۇز باينىڭ شۇم پەيلى ئايان ساڭا ھەم،
بىھاجەتتۇر ئىزھار قىلماق ئاخىر- مۇقەددەم.
جابدۇن تېزراق، غەنىمەت پۇرسەت بۇ كېچە،
باتۇر نەسلىگە ھاجەت جۇرئەت بۇ كېچە.
قالمىش گەپنى سەنتە موماي بايان قىلغاي،
ئاندىن بارار مەنزىلگاھىڭ ئايان قىلغاي.
بارغىن سىڭلىم، سەپەر سېنى كۈتۈپ تۇرىدۇ،
ۋاقىت قىممەت، ۋاقىت ئوقتەك ئوتۈپ تۇرىدۇ.»
ئېيتىمىسمۇ سوزنى ئاشكار يۈزمۇ - يۈزدىن،
ئايان ئىدى ئىشىنىڭ تەكتى ئۇشبۇ سوزدىن.
قىز قەلبى ئوز قېرىنداشقا چىدار قانداق؟!
بىچارە قىز كوزلىرىدىن توكتى مونچاق:
«جېنىم ئاكا، سىزدىن قانداق كېچەلەيمەن؟
سىزنى تاشلاپ بۇندىن قانداق كېتەلەيمەن؟»
«بىر مېنى دەپ ياش كۆلۈڭنى خار قىلمىغىن،

بارغىن سىڭلىم، خىجىللىق ھەم ئارقىلىمغىن.
ئاتا قەرزى- قەرزىم دىمەك پەخرىلىك ئۈچۈن
ۋە كەلگۈسى ھاسىل مۇرات بەختىلىك ئۈچۈن.»
شۇ سوزلەرنى ئېيتتى ئابدۇل ئاخىرقى دەم،
قېرىنداشلار جۇدالاشتى كىرپىكى نەم...

دۇئا بىجا قىلدى ئابدۇل ئاقيول تىلەپ،
چىلان يورغا تۈن قوينىدا كەتتى جولەپ.
جۇدالىقتىن يار تۇغۇلدى ۋىسال ئاتلىق،
جۇشقۇنلىغان يۈرەكلەردە جاھان شاتلىق......

## سەككىزىنچى باپ

### 1

تۈن پەردىسىنى يىرتىپ سۈبھى سۈزۈلدى،
كائىنات كوزىدىن ئۇيقۇ رىشتى ئۈزۈلدى.
خەۋەر يەتتى سولانغا: «نوزۇك قېچىپتۇ،
چىلان يورغىنى ئىگەرلەپ مىنىپ كېتىپتۇ».
ئاڭلاپ ئۇشبۇ خەۋەرنى سولان شۇ ئەسنا،
ئۈرۈلغاندەك بولدى تىغ كوكسىگە گويا.
كاماك ئاغزى كاپىلداپ ئېچىلدى بىردىن،
تىلىدىن زەھەر - زوقۇم چېچىلدى بىردىن.
بىشەملىكتە باشقا كىيدى ئوي ۋە تالانى:
«تۇتۇپ كەل نەدىن بولسا ئۇ قۇل گادايىنى.
قېچىشقا بۇ ھويلىدىن پېتىندى قانداق؟!
تۇلپارىمنى دەرۋازىدىن ئېپ چىقتى قانداق؟!
بۇ شۇملۇقنى پىلانلىغان ئابدۇل ئەمەسمۇ؟!
سەنتە دىگەن شۇم دەللە بۇنى بىلمەسمۇ؟!
كەلتۈرۈڭلار ئۇلارنى ئالدىمغا ھازىر،
يەتكۈزۈڭلار ئەھۋالنى دارىنغا ⑬ ھازىر.
ياق، توختاڭلار! ئوزەم باراي دارىن ئالدىغا،
ئات سېلىڭلار ھازىردىن سىلەر ھەر يانغا!
گادايىنىڭ قىزى شۇنچە جايىل بولامدۇ؟!
گادايغا كوڭلى مۇنچىمۇ مايىل بولامدۇ؟!
توزغاق كەبى شامالغا كەتتى تامايىم،
قايتۇرغايسەن ئىلكىمگە ئۇنى ئىلاھىم!
يۈزۈمنى يەرگە ئۇرار بولدى نەسلەر،
ئەندى كورسۇن ئەدىۋىنى تېگى پەسلەر.
ئاتا نەسلى ئەمەسمەن تاپقۇزمىسام گەر،
جاڭجۇڭگە ئېيتىپ ئۇنى چاپقۇزمىسام گەر.»

قېرى سولان كاپىشغانچە مەيگە چىقتى،
ئات باقار قۇل ئەنسىزلىنىپ قامچىنى سوقتى......

### 2

«باي بايغا باقارئىكەن تاكى ئەزەلدىن،
سۇ سايغا ئاقار ئىكەن تاكى ئەزەلدىن.
چەرخىنىڭ بۇ ھالىتى تۈزۈلەر قاچان؟!
زەنجىرىجاھالەتنىڭ ئۈزۈلەر قاچان؟!
قاچان ئاۋام چېھرىدە ئوينايدۇ كۈلكە؟!
قاچان راۋا ئەيلەر پەلەك بۇلبۇلنى گۈلگە؟!
خاقان زۇلمىتى چەكتىن ئاشماقتا شۇ قەدەر،
يوقسۇلغا تەقدىر قاچان سالار ئوڭ نەزەر؟ —
تاغلىق يېزا شۇۋىرلايدۇ گۈگۈملۈق ئارا،
جاھالەتنىڭ زەنجىرىدە باغرى قان- يارا،-
جاڭجۇن چېرىك ئەۋەتىپ سۈبھى- تاڭ بىلەن»
بۇلغاپتۇمىش دالانى قىزىل قان بىلەن،
باقەمنى ئەزىز جاندىن جۇدا ئەيلەپتۇ،
ئۇنى ئاز دەپ، ئات ئاستىغا ئېلىپ چەيلەپتۇ.
باقىجان بوش كەلمىگەنىكەن دەسلەپتە، بىراق،
قانخورلار تۇشىمۇ - تۇشتىن تارتىپتۇ ساداق....
دەرىخا، يىگىت جەسىدى دالادا قاپتۇ،
ناكەسلەر نوزۇكئايىنى تۇتۇپ باغلاپتۇ:
ئېپ كەپتۇ كېچىلەپ ئۇنى دارىن ئالدىغا،
باستۇرۇپتۇ بىچارىنى دەرە - تاياققا:
«نەزىرىڭگە ئىلماي شۇنچە ئايۋان-سارايىنى،-
دەپتۇ،- نىچۈن ياخشى كوردۇڭ ئۇ قۇل-گادايىنى؟»
نوزۇگۇم نەپرىتىنى توكۈپتۇ مۇنداق—
ناخشا بىلەن ياۋ قەلبىنى سوكۈپتۇ مۇنداق:

بۇلبۇل ھەرگىز سايرىماس،
ئالتۇن بالداق قەپەزدە.
مەن باقەمنى ئەسلەيمەن،
كېچە ـ كۈندۈز، سەھەردە.

«جىننىڭ قەستى شاپتۇلدا»،
نوزۇك قەستىدە سولان.
ئەرك يولىدا نوزۇك
جېنىنى تىكىپ قويغان.

سولان ئاڭلاپ بۇ سوزنى كۈلۈپتۇ تەنىمىك،
ھەمدە دارىنغا كوز تىكىپتۇ مەنىمىك.
دارىن دەپتۇلەركى: «ئەي مەزلۇمە تەرسا،
مۇنچە قىينىماق جاننى نەھاجەت ساڭا؟»
نوزۇكئاي دەپتۇلەركى: «چاپساڭ رازىمەن،
سولان ئەمرىگە لېكىن تامام بىرازىمەن!»
بۇ سوزلـەر تۇرسىمۇ گەر دىلنى غەش قىلىپ،
كوڭلىدە دارىن ئۇنى، قۇرۇق پەش بىلىپ؛
نوزۇكنى باي ئالدىغا سېلىپ بېرىپتۇ،
باي خوشال، ھويلىسىغا كىرىپ بېرىپتۇ.
سولان ئويىدە قىز ھازىر سولاقتا ئىكەن،
قەلبى سويگۈ ئوتىدا ـ پىراقتا ئىكەن.
ئاكىسى دۈگيامۇلغا ⑭ پالانغان ئىمىش،
پۈت ـ قولى زەنجىر بىلەن باغلانغان ئىمىش.
«ئاھ، پەلەك چەرخىڭ بۇزۇق نىچۈن مۇنچىلا؟!
يەتسە بۇ جاھالەتكە قازا، نىم بولا؟!»
تاغلىق يېزا شۇرلاپ تاكى تاڭغىچە،
ھەسرەت بىلەن تولغىنىپ چىقتى بۇ كېچە.
بۇ ھەسرەت يەتكەن دەم ساماغا تۇتاش،
ئاسمان كوزلىرىدىن توكتى مونچاق ياش......

☆

ئايا، پەلەك، چەرخىڭ بۇزۇق مۇنچەنەسەۋەپ؟
بىرلىرى شات، مىڭلىرى خار شۇنچە نەسەۋەپ؟
نىچۈن بىرىنى مۇنچە موتىۋەر قىلدىڭ؟
نەگە بارسا سوزىنى ھەم ئوتەر قىلدىڭ؟
نىچۈن بىرىنىڭ كۈنى ھامان ئىشرەتتە؟
نىچۈن مىڭىنىڭ كۈنى دەردۇ ـ ھەسرەتتە؟
نىچۈن مۇنچە بىتەكشى ئىنسان تەقدىرى ؟
نىچۈن مۇنچە بىرەھىم زۇلمەت زەنجىرى؟
نىچۈن ھاياتنى بىزگە دەردىسەر قىلدىڭ؟
نىچۈن بۇلبۇلنى گۈلگە بىنەزەر قىلدىڭ؟
نىچۈن گۈل ـ غۇنچىغا قۇزغۇن راۋا ئەيلىنەر؟
نىچۈن يۈرەكلەر مۇنچە يارا ئەيلىنەر؟!...

## توققۇزىنچى باپ

*1*

قېرى سولان ئالىچاڭلاپ مەيدىن چۈشتى،
(دىمىغىدىن ئەپيۇنىنىڭ ھىدى كېلەتتى.)
زەر جىيەكلىك قارا تون پەشلىرى يەردە،
سۇر بۇلۇتتەك تەلەتى چومۇلگەن تەرگە.
ئۇيقۇ باسقان قۇزغۇندەك كوزى قىسىلغان،
بىر يېنىغا غىلاپلىق خەنجەر ئېسىلغان.
يالغۇز ئۇدۇم چاچ سالار نوغۇچىنى ئەسكە،
يېرگىنىچتە باقتى قىز ئاڭا بىر پەسكە.
ئاغىچا «خېنىم» ئايناقلاپ ئالدىغا چىقتى،
قېرى سولان ئىمىنىدۇ ئاڭا ئۇزاتتى.
توقال ئالدى بېشىدىن جۇگزا ـ قالپاقنى⑮،
ئاتباقار قول ئېپ ماڭدى ئېغىلغا ئاتنى.
سولان ئاغزى ئېچىلدى كاپىلداپ يەنە،
باشقا كىيدى ھويلىنى، كاسىلداپ يەنە:
«چاقىرىڭلار مۇلازىمنى،ـ دىدى ۋاقىراپ،ـ
مېھمانلارنىڭ كېلەر ۋاقتى قالدى يېقىنلاپ.
لازىمەتلەر تەخمۇ ـ يوق، قاراپ كورۇلسۇن،
شاراپلار تۇگى بىلەن ساناپ كوزرۇلسۇن.
تەخ بولدىمۇ يۇگدىلىپ توخۇ، ئودەك، غاز،...
قاراڭلار تېزا مېھمانلارغا يېتەمدۇ يا ئاز؟

جاڭجۇن بىلەن لوزۇڭبەگ ياخشى كۈتۈلسۇن،
ھورمىتىگە بىردىن ئات ـ تۇلپار تۇتۇلسۇن.
كەچكە يېقىن توت ـ بەش يەرگە ئوت يېقىڭلار،
ئەتراپلارنى كۆلخان بىلەن يورۇتۇڭلار.
بىلەمسىلەر؟ بۈگۈن چوڭ توي زىياپەت بولۇر،
غوجىكاڭنىڭ مەرىكىسى كارامەت بولۇر.»
باي ماڭدى ئايۋان تامان ۋالاقلىغانچە،
مۇلازىملار چاپتى ھەر يان پالاقلىغانچە.
ھايال بولماي بەش چوشقا قازانغا چۈشتى،
چۈشكە يېقىن «مېھمانلار» يېتىپ كېلىشتى.
كاتتىلىرى جاي ئالدى ئايۋان ـ سارايدىن،
مۇنداقلىرى تاشقىرىدىن ۋە پىشايۋاندىن.
بوسۇغىغا كېلىپ، جودىن ⑯ دارىن چۈشكەندە،
ئاغا بارچە قوللۇقتا باش قويدى يەرگە.
ئەندى سولان ئويىدە بەزمە قاينايدۇ،
تىرىكتاپلار ھېيىقماي مايىنى چايىنايدۇ...

قىز پۇتىغا سولان قولى چىرماشتى بىراق،
نەچارە قۇتۇلماققا، ئىش ئەلدى چاتاق.
دۇمۇسى بۇلغىنارمۇ ئۇشبۇدەم بىلەن؟
قىز دىلى تولدى يەنە غەم ـ ئەلەم بىلەن:
«خۇدايا، ماڭا بىر كۈچ ئىلتىپات ئەيلە،
ياۋۇز چاڭگالدىن بىر يولى ئازات ئەيلە!
قايناتىسىمۇ قوشۇلماس قېنىم قېنى بىلەن!...»
ئېلىشتى نوزۇك يەنە جان ـ پېنى بىلەن.
بىئەپ ئىدى قۇتۇلماققا پۇرسەت بىراقتا،
باتۇر نەزىرى چۈشتى خەنجەر ـ پىچاققا.
ئولىسىمۇ قىساسىنى ئېلىپ ئولەي، دەپ،
باقىجان روھىنى ھەم خۇش ئېتەي، دەپ؛
ئالدى-دە، خەنجەرنى سۇغۇرۇپ قىنىدىن،
ئۇردى باپلاپ زالىم سولان كەجكىسىدىن.
ئۇردى-دە، پەنجىرىدىن ئاتتى ئوزىنى،
تاغ شامىلى يەلپۈتۈپ سويدى يۈزىنى......

## 2

شاراپ كەيپىدىن باي يېرىم ھۇش بولۇپ،
ياۋۇز نەپسى تاقىلداپ، دىلى خۇش بولۇپ؛
ئىشىكتىن دەلدۈگىنىپ كىرگەن چېغىدا،
نوزۇكتاي مۇڭغا چوككەن ئىدى پەگادا.
يىرتقۇچ كەبى ئېتىلدى، باي ئاغا بىر يولى،
تەگدى كېلىپ كاچاتقا شۇئان قىز قولى.
باي ۋاقىراپ ھوجرىنى بېشىغا كىيدى،
بىراق، ھويلا تامامەن تىۋىشسىز ئىدى.
بارچە غەرق مەسلىكتە ئۇيقۇغا چوككەن،
ئايمۇ ھەتتا ئاللىكەم تاغ كەينىگە موككەن.
شۇندىمۇ ئىشىك باقارغا نە بالا يەتتى؟
بەلكى ئۇيقۇ ئۇنى ھەمراھ ئەسىر ئەتتى.
باي يېنىشلاپ قىز كوكسىگە تاشلىدى چاڭگال،
چېچەن نوزۇك ئارقىغا داجىدى دەرھال.
سولان مودۇرۇپ كىلەم ئۈستىگە چۈشتى،
قېنى نوزۇك، پۇرسەت يەتتى ئەپلىكىن ئىشنى!

## 3

نوزۇگۇم قاچقان پېتى شۇ كۈن كېچىلەپ،
يولسىز تالاي قېتىم ئېزىپ ـ تېنەپ.
كېلىپ باقى يىگىتنىڭ قەۋرىگاھىغا،
ئولتۇرۇپ يۈرەك ـ باغرى ئىشىق ئوتىدا؛
قەۋرىگاھ ئۈستىگە قويۇپ بېشىنى،
كوزىدىن تارام ـ تارام توكۇپ يېشىنى؛
كېتىپ ئەس-ھوشىدىن بىر ھازاغىچە،
تاكى سۇبھى سوزۇلۇپ تاڭ ئاتارغىچە؛
ئاندىن سوڭ ھوشىغا كېلىپ بىچارە،
ئەلەمدىن جىگەر ـ باغرى بولۇپ مىڭ پارە؛
ئوقۇپ ئاشىقنىڭ روھىغا دۇئا،
ماڭدى يەنە ئارقىسىغا باقا ـ باقا.
نەدىدۇ دەريا ئاقار ئىدى شاقىراپ،
كورۇندى ئۇزاق ئوتمەي ئۇمۇ پاقىراپ.
بۇ دەريا سۈيى بەكمۇ ھەيۋەتلىك ئىدى،
دولقۇنلار شۇنچە دەھشەت ـ شىددەتلىك ئىدى.

نوزۇكتاي تۇرۇپ قالدى تېڭىرقاپ بىر پەس،
ئىچۈك بولغۇسىدۇر ئەلدى سەپەر، بەس.
كۆردىكى قىرغاقتا كەڭ تالزار تۇرۇپتۇ،
يەنە بىر چەتتە چەكسىز قۇمۇچزار تۇرۇپتۇ.
باتۇر كۆڭلىدە شۇئان بىر پىكىر كەچتى،
ۋە دەرھال قۇمۇچ ئوردى، تالنى ئەشتى.

باغلىدى چاققانلىقىنە بىر قومۇچ سال،
ئاقتى قىز دولقۇن ئارا، بولماي ھايال....

بارىكاللا، ئۇنىڭ غەيرەت - شىجائىتىگە،
بارىكاللا، يېتۈك ئەقلى، پاراسىتىگە.
سەپىرى شاد - سەھەر ئوڭۇشلۇق بولسۇن!
مەنزىلگاھتا ئاراملى تىنچلىق بولسۇن!

## ئونىنچى باپ

1

زالىم سولان ئەشۇ كېچە قانغا پېتىپ،
ئۇشبۇ ھالدىن بەك- جاڭجۇڭگە خەۋەر يېتىپ؛
يەنە جاڭجۇن تاڭ بىلەن چۈشۈردى پەرمان،
يەنە چېرىكلەر ئات سېلىشتى ھەريان.
يەنە تاغ-لىق يېزىدا باشلاندى تىنتىش،
يەنە نوزۇگۇم قەستىدە قىدىرىش.
چېرىكلەر كەزمىگەن بۇندا جاي قالمىغاچ،
شۇنچە ئىزلەپ نوزۇگۇمنى تاپالمىغاچ؛
يېزىدىن بارغانسېرى چەتنەپ يىراقلاپ،
يولبويى بىراۋلاردىن تىنماي سوراقلاپ؛
ئاخىرى نىشانىدا ئۆزگىرىش ئەيلەپ،
ماڭدى مەغرىپ تامانغا يۈرۈش ئەيلەپ.
چېرىكلەرنى قالدۇرۇپ شۇ سەپەردە- يولدا،
يەنە ھەمدەم بولايلى بىز نوزۇكتايغا.

x x

ئىلىنىڭ قىبلەتامان بىر چېتىدە
ۋە ئۇندا تال- چىغانلىق توقاي ئىچىدە؛
بىر گەۋدە ياتىدۇ بىھوش- بىدەرمان،
ھالىتىدىن ھەتتاكى مۇڭلىنار ئاسمان.

ياتىدۇ ئاھ، ئۇندا تەنھا- يىگانە،
مىسالى بىمەھەل سولاشقان لالە.
ياتىدۇ ئۆلۈك كەبى- گويا نەپەسسىز،
بىر ياندا دەريا ئاقار شاقىراپ ئەنسىز.
دولقۇنلار چايقار تىنماي قومۇچ سالىنى،
شامالLAR ئۇچار يەلپۈپ چىغان- تالنى...

سامادا بىر توپ قۇزغۇن يەمتۈك ئىزلەپ،
ئېگىشتى پەسكە، بىھوش تەننى كۆزلەپ.
ۋە لېكىن چوچۇپ يەنە ئۇچۇشتى بىردىن،
سەۋەبى، كېلەر ئىدى ئۇندا بىركىم.
كېلەر ئىدى يەلكىسىگە ئوتۇن ئارتىپ،
توقايلىقنى توغرا كېسىپ، يول قىسقارتىپ.
چاچ- ساقىلى ئاقارغان ئەندىلەتىن،
چىرايى ياداڭغۇ ھەمدە ھوسنى غەمكىن.
قاچانكى كۆردى قۇزغۇننىڭ ئۇچقۇننى،
سەزگەندەك قىلدى كۆڭلى بىر نىمىنى.
سىنچى كۆزى تىكىلدى ئەتراپقا دەرھال،
ۋۇجۇدى تىترىدى، ئاھ، نىمە ئەھۋال؟
كۆردىكى، ئۇندا بىر گۈل- غۇنچە يېتىپتۇ،
بېشىدا رومالىنى چىغان ئىلىپتۇ.
تەسادىپ بۇ ھالدىن بوۋاي بىر ھازا،
داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى بىھوش گويا.

*

ئايا، بەندە، نەھاجەت تېڭىرقاش مۇنچە،
بەلكى ئۇ، ساخاۋەتكە تەشنا غۇنچە.
بىجا ئەيلە جۈرئەتنى، تېز باسقىن قەدەم،
شەپقەت مېھرىڭ خەستە دىلغا شىپا- مەلھەم.
باسقىن تېز- تىز، غەنىمەت بۇ ۋاقىت- مۇھلەت،
ئۇنىڭچۈن قىلغاي ئىگەم تۈمەن رەھمەت!

2

گور كەبى قاپ- قاراڭغۇ ئايسىز كېچىدە،
ئەتراپى قۇمۇچزارلىق مەلە ئىچىدە؛

ئالمۇتا[17] يېزىسىنىڭ بىر بۇرجىكىدە،
ھەمدە يوقسۇل كۇلبە [18] سىنىڭ تەكچىسىدە؛
چارسىلىداپ نىمشىكىدۇ بىرە- بىرە،
يېلىنجاپ شولا چېچىپ خىرە- شىرە؛
شەيتانچىراق پىلىلدايتتى ياشاڭغىراپ،
پەرۋانىلار ئايلىناتتى ئۇنى ئوراپ.
ئايلىنىپ ئاتەشكە جان ئۇرار ئىدى ھەم
كۇلبەدە سوھبەت بارار ئىدى ئۇشبۇ دەم.
سوز ئالدى قادىركام بۇ سوھبەت ئارا،
گۇلسۇرۇق غۇنچىسىدەك باغرى قان- يارا.
نە ئىمىشتۇر قادىركامنىڭ كەچمىشلىرى،
قۇرلارغا بىرمۇ- بىرلەپ تىزايلى ئۇنى.

x x

زامانە زورلىرىنىڭ زۇلمىتى بىلەن،
سىردىشىپ جۇدالىقنىڭ شۇم تۇنى بىلەن؛
كوڭۇل ۋادىسىغا تولۇپ دەردۇ- ھالى،
شامالدا تەنتىگەن قامىقاق مىسالى؛
ئايرىلىپ ئۇنىيىل بۇرۇن يۇرت -ماكانىدىن،
ھەمدە قوۋمى- قېرىنداش، بىر تۇققانىدىن؛
كېلىپ بۇ تامانغا بىي ئىختىيارە،
توكۇپ تەر ماڭلىيىدىن دانە- دانە؛
يوقسۇللۇق ئۇستىگە بولۇپ مۇساپىر،
ياتلارنىڭ پايدىسىغا ئىچىپ ئىتمىز- قىر؛
چېپىپ كەتمەن، بولۇپ مۇختاج پارچا نانغا،
كېتىپ تەندە قۇۋۋىتى قېرىغاندا؛
نەپ ئورنىغا دەرت كورۇپ ئوز ئەجرىسىدىن،
بېسىپ ئېغىر غۇربەتچىلىك يەلكىسىدىن؛
ياشار ئىدى كۇندە يۇز مىڭ ئەلەم چېكىپ،
ھەمدە موماي ئومرىدىن تولا غەم چېكىپ.
بار ئىدى ئۇلاردىمۇ پەرزەنت بىر چاغ،
بىراق، ھازىر دىل- كوكسىدە ئەلەملىك داغ.
سەۋەپكى، ئېزىپ- تېنەپ شۇم قارغۇ ئەجەل،
كېلىپ بۇ كۇلبەگە بىۋاخ- بىمەھەل؛
بىرى كەينىدىن بىرىنى مەرھۇم قىلىپ،

قېرىغاندا قول- قاناتتىن مەھرۇم قىلىپ؛
سېلىپ دەرت ئۇستىگە دەرت -كۇلپەتلىرىنى،
جۇدا قىلغاچقا ھاياتتىن پەرزەنتلىرىنى؛
تولا يىغلاپ موماي كەتكەن ئىدى كوزدىن،
بىمار ئىدى، قالغان بىر ئاز تىنلى سوزدىن.
قادىر بوۋاي تاپسا پۇرسەت گاھى- گاھى،
بېلىگە قىستۇرۇپ چولاق* پالتىسىنى؛
چىقىپ ئويدىن، دەريا تامان بارار ئىدى،
توقايلىقتىن ئوتۇن- شاخ ئېپ يانار ئىدى.

مانا ئۇچ كۇن بولدى نوزۇكتاي بۇندا،
مىسالى يېنىدا ئوز ئاتا ۋە ئانا.
شۇنچە تېز ئوزلىشىپ كەتتى بۇ ئويگە،
كورۇڭكى، ئۇندا مېھرى- ۋاپادىن ئۇلگە.
گويا قايتا تىرىلگەندەك مەرھۇم قىزى،
پاتەم ئانا كوڭلىدە ھەم شاتلىق ھېسسى ...

x x

بوۋاي ئاڭلاپ نوزۇك قىزنىڭ مۇڭلىرىنى،
سەزگەندەك قىلدى كوڭلى بىر نىمىنى.
دېدى سوز ئېلىپ ئوز رېتىدە شۇدەم:
«ئاتاسىزغا ئاتادۇرمەن قىلماڭىز غەم،
نىمە تاپساق بۇ ئويدە تەڭ كورەرمىز،
ئۇمىتكى، بىزمۇ بىر كۇن شات كۇلەرمىز!.......
سۇيۇندى ئۇشبۇ سوزدىن قىز قەلبى تاغدەك،
يايرىدى دىلى ياشناپ گويا باغدەك...

8

كۇنلەر ئوتتۇشتى قاتار ئوز سۇرئىتىدە،
ياساپ ھەپتە- ئايلارنى ھەم نوۋىتىدە.
تەبەت سېلىپ يېشىل ئېگىل- تونىنى،
ئورنىغا كىيىپ مىسرەڭ پىنجىگىنى؛
گىيالار چېھرىسىگە قوندۇردى شەبنەم،
دەل-دەرەخ بەرگى غازاڭ تۈكەر بولدى ھەم.

x x

ئالمۇتا يېزىسىدا بىر كۇنى سەھەر،

توساتتىن پەيدا بولدى مۇنداق بىر خەۋەر:
«چېرىكلەر كېزىپ-تىنتىپ ھەر تامانىنى،
ئىزلىشىپ يۈرەرمىشلەر نوزۇكتايىنى.»
قاچانكى ئۇشبۇ خەۋەر قۇلاققا يەتتى،
قادىر بوۋاي كوڭلىدە بىر ئەقىل كەچتى:
«ئەگەردە كېلەر بولسا ناكەسلەر بۇيان،
قويۇشماس نوزۇكتايىنى ھەرگىز ئامان.
ئۇنىڭچۈن شۇم كوزىدىن پىنھان تۇتقۇلۇق،
رەقىپنىڭ يولىنى بۇرىغۇلۇق!»

قادىركامنىڭ بىر دىماكەش دوستى بار ئىدى،
ئۇزىگە ئوخشاش ئۇمۇ يوقسۇل—خار ئىدى.
باقاتتى باي مېلىنى يىراق بىر تاغدا،
تۇراتتى غېرىبانە يالغۇز ئوتاۋدا[19]
بولسىمۇ تىلى باشقا—قازاق نەسلىدىن،
ئايانمايتتى نوۋىتىدە ھېچنەرسىدىن.
ئۇلار شۇنداق بىر تۇققاندەك ئىدى يېقىن،
قەلبىدە بىر-بىرىگە مېھرى ئىېقىن.
نوزۇكتاي تۇرار بولسا شۇ ئويگە بېرىپ،
يامان كوزدىن بەش-توت كۇن ئۇزلەت قىلىپ؛
ئەجەپ ئەمەس نائۇمىت بولۇپ شۇ چاغدا،
ناكەسلەر قايتىشسا گەر كەلگەن يولىغا...

قادىركام قىلغاندا بۇ ئويىنى بايان،
قىز ئالدىدا مۇنداق بىر ئىش بولدى ئايان:
قايسى كۇنى قادىركام سوھبەت ئۇستىدە،
جاۋابەن نوزۇكگۇمنىڭ سوزلىرىگە؛
قولىغا ئېلىپ بىر تۇتام تېۋىلغىنى،
سۇندۇرۇپ ئاۋال ئۇنىڭ بىر تېلىنى؛
ۋە ئاندىن قالغىنىنى قايرىپ كورۇپ،
قانداقتۇ بىر قانۇننى چۈشەندۈرۈپ؛
سوئالەن كوزلىرىگە تىكىلگىنىچە،
ئېيتقان ئىدىكى مۇنداق بىر سوزنى يەنە:
«بىلىڭكى، يالغۇز ئاتىنىڭ چېڭى چىقماس،
كەرچېڭى چىققاندىمۇ، دېڭى چىقماس!»

قۇياش ئەكس ئەتكەن كەبى تامچە سۇدىن،
چاقىنغاچقا ھەققانىيەت ئۇشبۇ سوزدىن؛
قۇچۇپ چەكسىز جاسارەت جانۇ-تېنىنى،
يەنە قۇتلۇق كۇرەشكە باغلاپ بېلىنى؛
ئويغىتىپ ئاڭا بىر-بىر قىساس ئەھلىن،
كىرىشكەندە ئۇشبۇ ئىشقا ئەندىلەتتىن؛
نىچۇنكى، بوۋاي ئاڭا بېرىپ مەسلىھەت،
قىلماقتا ياۋ كوزىدىن ئۇزلەتكە[20] دەۋەت؟
باتۇر نوزۇك دەقىقە قالدى ئويلىنىپ،
ۋۇجۇدى يەنە ھەسرەت ئىچرە تولغىنىپ.
نەھەسرەت، بەلكى ھېجران دېغى ئىلكىدە،
ۋە بەلكى يەنە ئىسيان غېمى ئىلكىدە.
ئويلىنا-ئويلىنا مۇنداق قارار ئەيلىدى:
كەتمەككە بۇ جايدىن ئىختىيار ئەيلىدى.

ئارىدا يېرىم كۇنچە ۋاقىت ئوتۇپ،
ناكەسلەر يېزا تامان كەلدى يېتىپ.
كەلدى-دە، كېزىپ توقاي-ئورمانلىقنى،
ئەسلىشىپ بەگ، جاڭجۇڭنىڭ پەرمانىنى؛
ئۇنىڭچۇن ئالمىش ئىنتىقام غېمى ئىلكىدە،
يۈرۈشتى موكۇپ-پىنھان ھەر تەرەپتە.
قەيەردە باركى بىر ئوي، شۇنداق چېرىك؛
ئاڭا خەۋەر يەتكۇزدىكىن قايسى سۈلۈك؟!
تاغ تامان ئونبەش چېرىك چاپتى ئېتىنى،
قەدەمدە تىنتىشتى يول بويلىرىنى.
چېرىكلەرنى ئوز يولىدا قالدۇرۇپ بىز،
نوزۇكتاي توغرىسىدا باشلايلى سوز.

x x

باتۇر قىز ماڭا-ماڭا ئەشۇ سەھەر،
چاقنىغان چاغدا چەكسىز سامادا ئەختەر؛
چىقىپ قومۇچلۇق ئىچى پىنھانە يولدىن،
جاي ئېلىپ ئەندىگىنە ئېدىر غولىدىن؛
قىلىپ ئارامگاھ ئۇندا بىر بۇلاق بويىنى،
نەمدەپ بۇلاق سۇيىدە تالقىنىنى؛
ئىچىپ سوغ سۇ، توقلاپ قوساق ئانچە-مۇنچە،

پىچىرلاپ نىمىنىدۇ ئۆز-ئۆزىگە؛
قەلبىدىن جاھالەتكە تېشىپ قەھرى،
تەپەككۇرىنىڭ دەرياسىغا چوكۇپ ئەقلى؛
خىيالچان كوزلىرىنى تىكتى يىراققا،
يۈرەكتە مۇڭلىرىنى يۇتتى قوشاققا:
«يالاڭ ئاياق يول باستىم،
تاغنىڭ سۇيىنى ئىچتىم.
زالىملارنىڭ دەستىدە،
ئەزىز جىنىمدىن كەچتىم.
تاغدىن بۇيان يول مېڭىپ،
پۇت-قولۇمدا دەرمان يوق.
ئەلنى باشلاپ كۇرەشكە،
ئولۇپ كەتسەم ئارمان يوق.»

## ئون بىرىنچى باپ

1

كەڭ ساماگۇمبىزىدە ئۆچتى چىراق،
سۇبھى تاڭ ساباسىدا يەلپۈندى قىياق.

نوزۇكتاي ئۇيقۇدىن ئېچىپ كوزىنى،
«سالى پەيدەك يېنىك سەزدى ئوزىنى.
يۇدى ئايدەك يۈزىنى بۇلاق سۇيىدە،
تولدى لىق شېرىن ھېسسىيات كوڭۇل ئويىگە.
يەنە يېڭى مەنزىل تامان باشلاندى سەپەر،
يىراق، ماگماي كوپ ئۇزاق پۇتلاشتى خەتەر.
لېكىن بۇ نوزۇكتاي سەزگۇر-چېچەن قىز،
ئەمەس ئىدىكى قىلچە بىخۇت-ئېرەڭسىز.
بايقىدى-دە، يىراقتىنلا ئوشبۇ ھالنى،
قورام تاش دالدىسىغا ئوزىنى ئالدى.
سەۋەپكى، ئاندا مەنزىل يولنى توسۇپ،
چېرىكلەر تۇرار ئىدى بارگاھ قۇرۇپ.
نوزۇكتاي ئويلىنىپ قالدى بۇ ئەسنا،
نىمىنىدۇ پىچىرلىدى لەۋلىرى ئاستا.
شۇئاندا قاياقتىنىدۇ بىر سادا كەلدى،
نەساداكى، يەنە ۋەھشى بالا كەلدى.
تاغ تامان ئىككى چېرىك ئوتتى ئات سېلىپ،
تەسادىپ ئوشبۇ ھالدىن قەلبى «قات» قىلىپ؛
ئارقىچە قورام تاشقا يولەندى نوزۇك،
تەپەككۇر بوشۇگىگە بولەندى نوزۇك.
قالدى بايقاپ ئەتىراپنى ئوشبۇ ھالنى،
ناكەسلەر باشلىرىغا كىيدى سايىنى.
كىيدى-دە، قىز تامانغا ئاتتى ئوزىنى،
ئېلىپ قالدى دەرەخ شېخى قالپىقىنى.
«خۇدايا، نەھالدۇر بۇ، نە كورگۇلۇك؟-
ئويلىدى قىز،- ياكى كورۇم يا ئولگۇلۇك!»
يېتۇك ئەقلى ئۆز-ئۆزىگە بېرىپ مەدەت
ۋە بىردىن ياۋ كوزىنى ئەيلەپ غەلەت؛
نوزۇكۇم ئاتقان ئوقتەك ئۆچتى ئالغا،
چېرىكلەر سالدى قامچا ئاتلىرىغا....

چېچەن قىز ئارقىسىغا يېنىپ قاچقانچە،
يولبويى يىقىلىپ، قوپۇپ قانچە-قانچە؛
بەئەينى ئۇچقۇر شامال سۇرئىتىدە،
پانا ئەيلەپ قوراي-چوپنى يۇگرە-يۇگرە؛
يەنە چەكسىز قومۇچلۇققا ئاتتى ئوزىنى،
قومۇچلار قارشى ئېلىپ ئەگدى بويىنى.
چېرىكلەر قوغلاپ - سۇرۇپ ئارقىسىدا،
سېلىپ چۇقان، كىرىپ قومۇچلۇق ياقىسىغا،
كورۇپ بۇ «تىلسىمات»نى تېنى ئەيمىنىپ،
نەتەنكى، بەلكى يۈرەك - جېنى ئەيمىنىپ؛
كۇتۇشمەي ئىجازەتمۇ بىر - بىرىدىن،
ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتتى بىردىن....

2

يەنە چېرىك باشلىقىغا يەتتى خەۋەر،
يەنە خۇنخور تىلىدىن تامدى ئوغ - زەھەر.

دېدى: چۈشەرەستىن ئۇ قاچقۇنىنى قولغا،
يېنىش نومۇس ئىشىنى ئۈزۈپ يېرىم يولدا.
دېدى: جاڭجۇن پەرمانى تۇتۇلسا ئەستە،
ئۆزىنى نوزۇك چوقۇم كورگەي قەپەزدە.
دېدى ھەم: كورسەتسە كىم بۇ سەپەر خىزمەت،
ئۆلىگىچۈن ئاتا قىلغاي دارىن مۇرنۇۋەت.
چېرىكلەر ئاڭلاپ-باشلىق- پەرمانىنى،
يەنە تىنتىپ - كېزەر بولدى ھەر تامانىنى.
چېرىكلەرنى قالدۇرۇپ بىز شۇ ھالدا شۇنداق،
نوزۇكتاي مۇڭلىرىغا سالايلى قۇلاق.

x x

بىپايان قومۇچلۇقنىڭ بىر بۇرجىكىدە
ۋە ئىلى دەرياسىنىڭ شىمال چېتىدە؛
ھەمدە بىر يالغۇز كەپە پانالىغىدا،
ئۇۋلاپ گاھى ئودەك، توشقان غىزالىغىغا؛
ئۆتكۈزدى ئىككى كېچە، كۈندۈزنى ھەم،
گاھىدا چېكىپ ھەسرەت، گاھىدا غەم.
بۈگۈنمۇ يەنە ئەشۇ ئادىتىچە،
كائىنات ئورالغاندا تۈن پەردىسىگە؛
ياتارغا جوندەپ پاخال توشىگىنى
ۋە ئاندىن تاقاپ كەپە ئىشىگىنى؛
يەنە كۆلبە تۈۋرۈگىگە يولەندى نوزۇك،
تەپەككۈرنىڭ بوشۇكىگە بولەندى نوزۇك:

„كەپە قىلدىم ياۋانغا،
كېچە بولسا ياتقىلى.
جاڭجۇن چېرىك ئەۋەتتى،
مەن نوزۇكنى تۇتقىلى.

جاڭجۇن چېرىكى كەلسە،
قالغىنىم شۇ بالاغا.
ھەرگىز بويۇن ئەگمەسمەن،
زالىم - يۈزى قاراغا.“

3

سۇبھى مەشرىق كوكىگە تۇتار چاغدا زەر،
بۇلۇتلار كەڭ سامادا يايدى يەنە پەر.
بۇلۇتلار قاينام ياساپ ئاقار تىنىمسىز،
گويا ئۇ پايانى يوق لايقىغان دېڭىز.
ئەتراپتا كۆكىرەيدۇ دەھشەتلى بوران،
قومۇچلار پوپىگىنى توزۇتۇپ ھەر يان.
نەدىدۇ ھوقۇش ھۇۋلار ئاندا - ساندا،
چېرىكلەر يۈرەر تىنتىپ ھەر تاماندا.
چېرىكلەر قوللىرىدا تۇتاندۇرۇق،
مانا بىردىن پاناق-باشلىق- قىلدى بۇيرۇق.
ناكەسلەر تەلۋىلىنىپ تۇشمۇ-تۇشتا،
بىپايان قومۇچلۇقنى تۇتتى ئوتقا.....

x x

نوزۇكتاي يوتىلىپ ئاچچىق ئىس-تۈتۈندىن،
تۇردى چاچراپ شېرىن ئۇيقۇ قۇچىغىدىن.
يېتۈك ئەقلى ياۋ قەستىنى ئەيلىدى پەم،
ئاھ، يەنەدىل- كوكسىگە تولدى ئەلەم.
ۋە شۇئان كەڭدالاغا ئوزىنى ئاتتى،
(ناكەسلەر تۇشمۇ-تۇشتا قىقاس سالاتتى).
بىچارە قىز قەيەرگىمۇ بارار ئەندى، ئاھ،
جاھاندا بارمۇ زادى تىنىچ ئارامگاھ؟!
چارسىلىدايدۇ قومۇچزارلىق ئوت ئىچىدە،
غېرىپ كۆلبە ياتار غەمكىن، دۇت ئىچىدە.

نوزۇكتاي ماڭماي تېخى ئانچە ئۇزاق،
چېرىكلەر سالدى يەنە يولغا توساق.
چېرىكلەر ئوزلىرىنى شىر سانايتتى،
جاھاندا بەلكى بىردىن-بىر سانايتتى.
كوڭلىدە ئالمىش ئىنتام تاماسى بىلەن،
قىلىپ ھەيۋە قىلىچ، نەيزە، ئوقياسى
بىلەن:
دېۋىتىپ ئاتلىرىنى جىدەللىگەنچە،

سېلىپ چۇقان، خىتاپ قىلدى ئۆزلىرىچە.
بىرى دېدى: ئەي، چەنتۇ، ماڭ بۇياققا،
بىرى دېدى: قاچماقچىسەن يەنە قاياققا.
بىرى دېدى: ياخشىلىقچە تاشلا پىچاقنى،
بىرلىرى تەييارلاندى ئوقلاپ ساداقنى.
بىرى دېدى: تارتما ساداق،
تىرىك تۇتقۇلۇق،
سالما تاشلاپ پۇت-قولىنى چىرمىغۇلۇق.
بىرى يەشتى غانجۇغىدىن ئارقىنىنى ....
نوزۇگۇمنىڭ چەتكە دەرھال ئاتتى ئۆزىنى.
ئاتتى-دە، قەھرى بىلەن تىكىلدى ئاتقا،
ۋۇجۇدى جاسارەتكە تولدى يەنا .
چىپچەن قىز پەملەپ شۇئان كەلگەن بىرىنى،
زەرپ بىلەن ئاتتى ئاتقا پىچىغىنى .
زەربىدىن شەمشەر تىغىنىڭ پەريات كوتىرىپ،
چىرىك ئاتتىن ئۇچۇپ چۈشتى ئۆكتىرىلىپ.
ئىلكىدە،ئۇشبۇ پەيتنى غەنىمەت ئەيلەپ،
بەلكى جۈرئەت ئۈستىگە شىجائەت ئەيلەپ؛
نوزۇگۇمنىڭ مىندى ئىرغىپ ئىگەرگە چەبدەس،
بېلىدىن پالتىسىنى يەشتى زەپەر دەس.
چېرىكلەر تۇشمۇ-تۇشتىن دوۋرەپ كېلىشتى،
نوزۇگۇمنىڭ يەنە قايناق جەڭگە كىرىشتى.

بىراق، «باشلىق» پەرمان جاكا ئەيلىدى بىردىن،
ئاھ، نوزۇگۇم زەخىملەندى ئوڭ قولىدىن.
شىر يۈرەك باتۇر قالدى قورشاۋ ئىچىدە،
ئالەمشۇمۇل قەھرى، ئەلەم يۈرىكىدە......

× ×

تۇن بىلەن شى يامۇلغا㉑ تاشلاندى نوزۇگۇم،
پۇت-قولى زەنجىرلەنگەن، چاچلىرى چۇگۇك.
تىلىنغان بىلىكىدىن تامچىلار قان،
گاھ ئېغىر تىنار، گاھى بىھۇش-نىمجان...

مانا ئىشىك يوچۇغىدىن شۇڭغۇدى شولا،
زىنداننىڭ ئىچى خىرە-شىرە بولەندى نۇرغا.
شىر يۈرەك باتۇر ئېچىپ كوزلىرىنى،
ئاچچىق ئازاپ ئىلكىدە سەزدى ئۆزىنى.
سەزدى-يۇ، غەيرىتىگە ئالدى شۇندا ھەم،
تىرەجەپ سول قولىغا ئولتۇردى شۇدەم.
تەپەككۇرى شۇڭغۇدى تەگسىز بولاققا،
دەرتلىك دىل مۇڭلىرىنى پۇتتى قوشاققا:
«چىرايىمغا كوز سالساڭ،
ئەسلىتىدۇ سامانىنى.
ئالدىرىمىغىن، زالىملار،
بىز بېرىمىز جاجاڭنى....»

## ئون ئىككىنچى باپ

1

جاڭجۇن ئاستا كوتىرىپ خامۇش بېشىنى،
ئوكچىسىگە ئۇردى چىلىم غاڭزىسىنى.
كىرىپ شۇ ئەسنا بىر قېرى دەللە،
جۇپلەپ ئىككى قولىنى، باش ئۇردى يەرگە.
دېدى: «خاقان ئوردىسىدىن نوكەر كېلىپتۇ،
ئۇلۇغ شاھىم ئەرزلىرىنى قوبۇل كورۇپتۇ.
ئىجازەت كۈتۈپ قالدى ئىشىك تۇۋىدە،
تاپشۇرماقچى ئىكەن يارلىق ئۆزلىرىگە.»
پەستىكوز جاڭجۇن ئاڭلاپ دوۋاڭ نامىنى،
دېدي: «شۇ ئۇلۇغ زات پۇتكەن نامەني —

كۈتۈپ تالاي كۈن بولدۇم ئىنتىزار،
قېنى، دەرھال باشلاپ بۇيان كىرسۇن ئۇلار.»
قېرى چېرىك ياندى دەرھال ئارقىسىغا،
چاپارمەنلەر بوسۇغ تامان بولدى پەيدا .
چاپارمەنلەر پۈككىنىچە ئىككى تىزىنى،
ئۇزاتتى جاڭجۇنگە، خان يارلىقىنى......

2

مانا خۇنخور نەردچىسى ئۇردى جاڭنى،
يەنە دەھشەت ئەنسىزلىك باستى ھەريانىنى.
خالايىق چىقتى دوۋرەپ كوچا-يوللارغا ،
تىكىلدي ئەل نەزىري يامۇل تامانغا.

شۇئان قارا دەرۋازا سۇرلۇك قاچىلداپ،
كورۈندى كوتەك ھارۋا ئۇندا تاراقلاپ.
لە ھارۋىكى، ئىككى چاقلىق قەپەز كورۈندى،
قەپەز ئىچرە گويا سولغۇن نەغەز(22) كورۈندى.
ئاھ، ئۇنىڭ چېھرىدە نەقاندىن دېرەك بار؟
تېنىدە نەمادار-دەرماندىن دېرەك بار؟
پۇت-قولى زەنجىرلەنگەن، يۇرىگى دەرتلىك
ۋەلېكىن كوزلىرىدىن چاقنايدۇ مەرتلىك.
دەردىنى ناخشا بىلەن بايان ئەيلەر ئۇ،
قەھرىنى جاھالەتكە ئايان ئەيلەر ئۇ:

«نوزۇك قولى باغلاندى،
ئولتۇرمەككە چاغلاندى.
ھەسرەت بىلەن ئارماندا،
يۇرەك-باغرىم داغلاندى.

ئاندىمدىكى جاللاتلار،
قىلىچىنى ئويىنتار.
مېنى چاپقان شۇ قىلىچ
ئەلنى چوقۇم ئويغىتار.»

خالايىق دەۋرەپ ئالغا تاشلىدى قەدەم،
بىراۋلار ئۇلۇغ-كىچىك تىنار ئۇشبۇدەم.
بىراۋلار كوز يېشىنى سۇرتىشەر ئىدى،
بىراۋلار نىمىندۇ سوزلىشەر ئىدى.
ئورلىدى توپ ئىچىدىن بىر ناخشا ياڭراق،
ھەسرەتلىك مۇڭ ئىلكىگە چومۇلدى ھەرياق:

«ئاسماندىكى لاچىن قۇش
كورمەي تورغا چۇشەمدۇ؟
ئادەم بالىسى بېشىغا
بۇنداقمۇ كۇن چۇشەمدۇ؟

..................................

سەل ئەمەستۇر ئاققانلار،
كوزدىن ئاققان يېشىمىز.
قامچا-تاياق ئاستىدا
غېرىپ-مەزلۇم بېشىمىز.»

چېھرىكلەر تەلۋىلىنىپ تەرەپ-تەرەپتە،
كورۇنگەننى ساۋاپ-قوغلاپ سۇردى چەتكە.
يەنە باشلاندى ئەل ئىچىدە قىيامەت،
ياداڭغۇ چىرايلاردا غەمكىن قىياپەت.
كورۇپ نوزۇگۇم بۇنى قەلبى مۇجۇلدى،
بەلكى چەكسىز جاسارەتكە ۋۇجۇدى تولدى.
ئۇمىتلىك كوزلىرىنى ئىككەنچە توپقا،
شىر يۇرەك باتۇر يەنە ياڭراتتى ناخشا:

«غەم بىلەن بېشىڭنى ئەگمە،
بىزنى باسقان تۇن كېتەر.
ئاخىرى زۇلمەت تۇگەپ،
ئەلنى يورۇقلۇق كۇن كۇتەر!...»

3

ئەتراپى قاشالانغان قانلىق مەيداندا
ۋە ئۇندا كولانغان تىك خەندەك يېنىدا!
جاللاتلار نوزۇگۇمنى تىزلاندۇرۇشتى،
جامائەتنى جىم بولۇشقا ئاگاھلاندۇرۇشتى.
زىندان جاكاچىسى ئوقۇپ پەرمانىنى شۇندا،
كىبىرلىنىپ سالدى نەزەر ئوڭ-سولغا.
دېدى: «...خالايىق بۇ ئىشتىن ئالسۇن ئىبرەت،
يېنىشلاپ روي بەرمەسۇن بۇ خىل جىنايەت!»
نوزۇكئاي دەرغەزەپتە چاچراپ تۇردى دەس،
دېدى: «كىم جىنايەتلىك ئەي، خۇنپەرەس؟!»
جاكاچى دېدى: «ئەي شۇم، تارت تىلىڭنى،
سوراققا ئالماقچىسەن تېخى كىمىڭنى؟!»
نوزۇك دېدى: «بارچە شۇملۇق تۇرسا ئوزەڭدە!...»
جاكاچى دېدى: «بەس، ئەي، زەھەرخەندە!
بىلەمسەن، ئالماقچىمىز كاللاڭنى ھازىر،
قۇتۇلماققا چېنىڭ ئەندى ئەمەس قادىر!»
نوزۇك دېدى: «تىغدىن قورققان باتۇر ئەمەس...»
جاللات دېدى: «نىمانچە چوڭ چېنىڭ ئەي، نەس؟»
نوزۇك دېدى: «تۇغۇلادى كىم، ئولەر تەھقىق،
قىممىتى ئەمما ئۇنىڭ ھامان پەرقلىق.
مەن ئولەرمەن ھەققەت دەپ جاللات تىغىدا!

مەن ئۇلەرمەن ئارمان بىلەن ئەرك يولىدا.
مەن ئۇلەرمەن ئىپپەت-نومۇس، ۋىجدانىم بىلەن،
بويىلار ئەزىز تۇپراق پاك قېنىم بىلەن.
لېكىن كەتمەس ھېچقاچان بىكار بۇ قانلار،
يانار ھەر تامچىسىدىن مىڭلاپ گۈلخانلار.
تۇغۇلغاي بۇ گۈلخاندىن سانسىز باھادىر،
قىساس، قەھرى ئورتىگەي تەختىڭنى ئاخىرى.
بۇ سوزلەر پاتتى گويا تىغ بوپ يۈرەككە،
جاكاچى سالدى ئايغاي تېپىشلەپ يەرگە.
جاللاتلار تىغلىرىنى يالڭاچلىدى،
ياۋۇز پەيلى ئالدىرىتىپ يەڭ شىمايلىدى.
بىرى قىلىچ ئويناتتى ئالدى تامانىدا،
بىرى ئارقا تەرەپتىن كەلدى شۇئانىدا...
-ئەي، پەلەك، چەرخىڭ بۇزۇق نىچۇن مۇنچىلا،
يەتسە بۇ جاھالەتكە قازا نىم بولا؟!...
ئەل پەريات كوتەردى قاشاتامانىدىن،
چېھرىدە قەھرى-غەزەپ، دىللاردا ئاندىن......

☆

ساقىيا بىر كاسا قۇيى ئاچچىق شاراپتىن،
كەيپىدە ئەيلەي ئادا دىلنى ئازاپتىن.
لەيلىنىڭ غۇنچەسىنى قان ئىچرە كورۇپ مەن،
جۇدالىق دەشتىدە مەجنۇن كەبى كېزىپ مەن؛
-وجۇلدى يۈرەك-باغرىم ئەلەم دەرتتە،
ئەجەپ ئەمەس يەتسە مەيدىن شىپا دەرتكە.
قۇي شاراپ، تولسۇن قەدەھ بىلىق كوزى،
چاقنىسۇن ئۇ مەي ئىچرە ئۇمىت يۇلتۇزى.
ئۇ يۇلتۇز دىل كوكىدە سەييارە قىلسۇن،
بەلكى ئۇ، جاھالەتنى مىڭ پارە قىلسۇن!!!...

**خاتىمە**

چۈشكەن چاغدىمۇ نوزۇگۇم بېشىغا كۈلپەت،
ھامان ئۇ ئەجدادىغا باغلاپ سادىقەت؛
تىكىپ ئەرك يولىدا ئەزىز جېنىنى،
ساقلاپ پاك ۋىجدان، نومۇس-ئىپپىتىنى؛
پۈكۈپ كوڭۈل قېتىغا ياخشى ئىستەك،
سويگۇ، ۋاپا بابىدا كورسەتتى ئورنەك.
شۇ ئورنەك تۇغدى تالاي مەرت قىز-ئوغلاننى،
مىسالى مايىمخاننى، گۈلەمخاننى.㉓
تۇغدى ھەم سادىر كەبى جەسۇر پالۋاننى،
تۇغدى ئەرك يولىدا سانسىز مەرت قۇربانىنى.
شۇ روھ تۇغدى مەڭگۈلۈك پاك مۇھەببەتنى،
شۇ روھ تۇغدى مۇھەببەتكە سادىقەتنى.
شۇڭا دەيمىز: ئەبەدى ھايات نوزۇگۇم،
ئەلگە مەرتلىك دەستۇرىدىن ساۋاق نوزۇگۇم.
تەرىپى مەزمۇن تالاي كۈي-نەزمىگە،
پاك روھى ياشار مەڭگۈ ئەل قەلبىدە!......

1979-يىلى 4-ئاي — 1980-يىل 12-ئايلاردا
يېزىلدى، 1981-يىل 10-ئايدا قايتا تۈزىتىلدى.

---

**ئىزاھلار:**

زقەشقەر كونا شەھرىدىكى قىزىلدەرياسى كودە تۇتۇلىدۇ.

②چىڭ سۇلالىسىنىڭ 8-پادىشاسى (1821-1850-يىللار).

⑧ ئەۋەتتى، بۇيرىدى.

④چوڭ يۇلتۇز يولىدىكى بىر خەتەرلىك بورۇلۇشنىڭ نامى.

⑤ نومۇس، ھايا.

⑥ يەرلىك ئەكسىيەتچى ئەلدار.

⑦ ئىسيان مەنىسىدە ئىشلىتىلدى.

⑧ مەنسەپ بەلگىسى.

⑨ خانىڭ ھەربى، مەمۇرى ئەمەلدارى.

⑩ خانىڭ قولچوماقچى ئەمەلدارى.

⑪ ۋە لېكىن.

⑫ يۇلتۇز.

# شەرىخاننىڭ سەرگۈزەشتلىرى

( ھېكايە )

مەمتىمىن شىبە

شەھەرنىڭ يان كوچىلىرىنىڭ بىرىدە ئۆتمۈشنىڭ بەلگىلىرى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرغان بىر قورا بار. بۇ قورا گەرچە كىچىك بولسىمۇ، ئۆيلىرى خېلى ياسىداق، ئۆينىڭ يول تەرەپتىكى ئارقا تاملىرىنىڭ ئاستىغا پىششىق خىش ياتقۇزۇلغان، ئالدى ئىگىز پېشايۋانلىق بۇ جاي ئۆتمۈشتە شەھەرگە يېقىن يېزىلاردىن بىرىدە دەۋر سۈرگەن نىيازباي دېگەن كىشىگە تەۋە بولۇپ، يەر ئىسلاھاتى مەزگىلىدە ئۇنىڭ ئايال يىللىقچىلىرىدىن بىرىگە مېۋە سۈپىتىدە بولۇپ بېرىلگەن ئىدى. بۇ ئۆيدە ھازىر ئەشۇ ئايال 3 ياشتىن ھالقىغان ئوغۇل نەۋرىسى بىلەن بىللە تۇرىدۇ.

بۇ ئايالنى چوڭلار «شەرىخان ھەدە»، كىچىكلەر «شەرىخان چوڭ ئاپا» دېيىشىدۇ. ئۇنى پۈتۈن مەھەللىدىكىلەر ھۆرمەت قىلىدۇ. لېكىن، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى بۇ ئايالنىڭ ئۆتمۈشتە نىيازباينىڭ ئۆيىدە ئۇزاق يىللار چاكار بولۇپ ئىشلىگەنلىكىدىن باشقا ئەھۋالىنى بىلمەيدۇ. بىرەر كىشى: «شەرىخان ئۇنىڭ ئۆز ئىسمىمۇ؟» دەپ سوراپ قالسا، ھېچكىم ئېنىقراق جاۋاپ بېرەلمەيدۇ. بەزىلەر: «شەرىخان ئۇنىڭ ئۆز ئىسمىدۇ» دېسە، بەزىلەر: «ئۇنىڭ ئىسمى ئەسلى باشقىمىش، ئۇ، يېزىدىن شەھەرگە كۆچۈپ كىرىدىغان چاغدا، كىمدۇ بىرى چاقچاق قىلىپ: ئەندى ئىسمىڭىز شەھەرىخان بولسۇن،دې-

---

⑬ چىك سۇلالىسى ئىستىبداتچىلىرىنىڭ قول چوماقچى ئەمەلدارى.

⑭ شەرقىي يامۇل. ئۆرنى ھازىرقى غۇلجا شەھىرىدە ئىدى.

⑮ جۇڭزا قالپاق — مەنسەپ بەلگىسى قادالغان باش كىيىم.

تاختاراۋان.

ھازىرقى غۇلجا شەھەر بايانداي كۆڭ- ھېسىنىڭ جەنۇبىدىكى بىر قەدىمىي يېزا.

غېرىبانە ئۆي.

⑲ كىگىز ئۆي.

⑳ ئۇزلەت—كىشىلەردىن قېچىپ ياشىماق. بۇ يەردە يوشۇرۇنۇش مەنىسىدە ئېلىندى.

㉑غەربىي يامۇل، ھازىرقى قورغاس ناھىيىسىنىڭ كۆرە—«ئۈچقۇن» گۆڭشېسىدا ئىدى .

㉒كۆلنىڭ بىر تۈرى، رەڭگى سېرىق بولىدۇ.

㉓ئەركىنلىك يولىدا مەرتلەرچە قۇربان بولغان مەشھۇر تارىخىي شەخسلەر.

گەن ئىكەن. يىللار ئۆتۈشى بىلەن ئىسمى شەـ
رىخان بولۇپ قاپتۇ» دېيىشىدۇ. قىسقىسى، بۇ ئاـ
يالنىڭ تېگى ـ تەكتى خولۇم ـ خوشنىلىرىـ
غىمۇ ئانچە ئېنىق ئەمەس. ھەتتا ئۇنىڭ كىمـ
لەر بىلەن تەگتۇش ياكى كىملەردىن چوڭـ
لىغىنىمۇ ھېچكىم بىلمىگەچكە، ئۇنىڭدىن خېلىلا
قېرى كورۇنىدىغان بەزى كىشلەرمۇ ئۇنى «شەـ
رىخان ھەدە» دەيدۇ.

شەرىخان مومايىنىڭ ياش توغرىسىدا ئوـ
زىگە لايىق ھېساۋى بار ئىدى، يەنى ئۇ، بۇ
يىل كۆزدە توپ ـ توغرا 62 ياشقا كىردىم
دەپ ئويلايتتى؛ ئۇ، يېشىنى رەھمەتلىك ئانىـ
سىنىڭ ھايات ۋاقتىدا ئېيتقانلىرى بويىچە ئەـ
نە شۇنداق ھېساپلايتتى. ئۇنىڭچە، ئوەرىنىڭ
دەل يېرىمى ئۆتمۈش جەمىيەتتە ـــ نىيازبايـ
نىڭ ئويىدە، يېرىمى يېڭى جەمىيەتتە ـــ ئوز
ماكانىدا ئۆتكەندەك ئىدى. ئەمما، بېشىدىن ئۆتـ
كەن ئىسسىق ـ سوغاقلارنى ئەسلىسە، يۈزيىلـ
دىنمۇ ئوشۇقراق ياشىغاندەك ھېس قىلاتتى.
بولۇپمۇ مۇشۇ يىلنىڭ بېشىدا ئالەمدىن ئوتـ
كەن ئوغلىنى ئويلىسا، ئۇنىڭدا بۇنداق تۇيغۇ
تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتەتتى. رەھمەتلىك سۈپۈرـ
گە بىلەن ئون يىلدىن كوپرەك بىر ياستۇققا
باش قويۇپ ئۆتكەن بولسىمۇ، بالا يۈزى كوـ
رۈش نېسىپ بولمىغان شەرىخان، تىكىندەك يالـ
غۇزچىلىقنىڭ دەردىنى كوپ يىل تارتقاندىن
كېيىن بېقىۋالغان بۇ ئوغلىمۇ ئوي ـ ئوچاقـ
لىق بولۇپ ئولۇپ كەتتى. بۇمۇ بىر ئادەمنىڭ
ئومرى دىگەن سوزـدە.

شەرىخان، رەھمەتلىك ئوغلىنى بېقىۋالغان
چاغدىمۇ كوزىنىڭ ئەتراپى ۋە پېشانىسىگە قوـ
رۇق چوشكەن ئايال ئىدى، ھەتتا بەزى بالـ
لار (ھازىر ئۇلارمۇ نەچچە بالىغا ئاتاـ ئانابوـ
لۇشقا ئۈلگۈردى) ئۇنى شۇ چاغدىمۇ «شەرىخان

چوڭ ئاپا» دەيتتى. ئەندى يىللارنىڭ ئوتۇشى بىلەن
ئىزـقورۇقلار كوپەيىپ، ئاقـسېرىق يۈزى پۈتىدەـ
كى مەسىنىڭ قونچىغىلا ئوخشاپ قالدى، تەنـ
دىن گوش قاچتى، تېرىلەر، تۈگۈلۈپ ئېرىگەن
گوشتەك، بوشىشىپ كەتتى. ئۇ، ياش ۋاقتىدا
بەستىلىك كورۇنەتتى، ھازىر كىچىكلەپ، مۈكـ
چىيىپ ماڭىدىغان بولدى؛ ئۇ ناھايىتىمۇ چاچـ
لىق ئىدى، ئۇنىڭ قارا، ئۇزۇن چاچلىرىنى
ھەتتا نىيازباينىڭ قوچاقتەك ياسىنىپ يۈرىـ
دىغان ئاياللىمۇ «خۇدايىم، ئېزىپ
قالغاندەك، بىر چاكارغا شۇنچە ئېسىل چاچ
بەرگىنىنى قاراڭلار...» دەپ ئوچـۇقتىن ـ ئوچۇق
ھەسەت قىلغان ۋاقىتلىرىمۇ بولغان. ئەندى ئۇ
گۈزەل چاچلار ئورنىدا يوق ھېساۋىدىكى بىر
تۇتام ئاپپاق چاچلارلا قالدى.

شەرىخان كۈندىن ـ كۈنگە كەينىگە كېتىـ
ۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇراتتى. بۇرۇن كۈنىگە
بىر ـ ئىككى قېتىم بېرىپ كېلىدىغان ئوتياشـ
كوكتات بازىرىمۇ يىراقلىق قىلىدىغان بولۇپ
قالدى، ھەتتا بىرەر ئاينىڭ ئالدىدا دۈمبىسىـ
دىن چۈشمەيدىغان كىچىككىنە ئالماسمۇ، ئەنـ
دى چوڭلا بولۇپ قالغاندەك ئېغىر تۇيۇلاتتى.
قىسقىسى ئۇ، ئالدىغا قاراپ قەدەم تاشلايتتىـ
يۇ، ئارقىغا قاراپ ماڭغاندەك بولاتتى.

## 2

ئادەم قېرىغانسېرى ياشلىق دەۋرى تولا
ئېسىغا چۈشىدىغان بولۇپ قالىدۇ. شەرىخان
موماي ئۆتكەن كۈنلىرىنى ئەسلەشنى ياخشى
كورمەيتتى، لېكىن قېرىشقاندەك، ئۆتمۈشكە تەـ
ئەللۇق بولغان ئىشلار يادىغا كېلىۋالىدىغان بود
لۇپ قالدى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ تېخىمۇ غەمكىن بولۇپ
قالاتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئوتمۈش ھاياتىدا خوشاللىققا
قارىغاندا خاپىلىق كوپرەك ئىدى، بولۇپمۇ ياشىـ

لىق دەۋرىنى ئەسلەش يۈرەكنى تېخىمۇ ئېزەتتى.

قاراڭ، مانا بۇ ھايات كۆرۈنۈشلىرىنى ئەسلىگەن كىشىنىڭ قەلبىدە مۇڭدىن باشقا يەنە قانداق تۇيغۇ بولۇشى مۇمكىن؟

شەرىخان ئېسىنى تاپقاندا، دادىسى — نىيازباينىڭ ئېتىزىدىن كىرمەيدىغان يىللىقچىسى، ئانىسى — ئوچاق بېشى بىلەن داس ئالدىدىن نېرى بارالمايدىغان چاكىرى ئىدى. ئۇلار باينىڭ قاراڭغۇ ۋە ئىسلاشقان بىر ئېغىز ئۆيىدە ئولتۇرۇشاتتى. ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ تۇغۇتى بىر بىلەنلا توختاپ قالغاچقا، ئۇ ھەم تۇنجىسى، ھەم كەنجىسى بولۇپ، ئاتا - ئانىسى ئۇنى تولىمۇ ئەتىۋارلايتتى. ئۇلار قىزىنى ۋىلىقىدە كۆلدۈرۈش ئۈچۈن، قولىدىن كەلگەن ھەممە ئىشنى قىلىشقا تەييار ئىدى.

لېكىن ئۇنىڭ بۇ ياخشى كۈنلىرى ئۇزاققا بارمىدى، 13 ياشقا كىرگەندە، دادىسى قوش ھەيدەۋاتقان يەردە يىقىلىپ چۈشۈپ جان ئۈزدى، ئارىدىن بىرەر يىلچە ۋاقىت ئۆتە-ئۆتمەي، ئانىسىمۇ بىر ھەپتىدەك ئاغرىپلا ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلدى. بىر- بىرىگە ئۇلىشىپ كەلگەن قازايى - تەقدىر ئۇنىمۇ ھالاك قىلغىلى تاس قالدى. بىچارە يېتىمنىڭ كۆزىدىن ئۇزاق ۋاقىت ياش قۇرۇمىدى، ھەتتا ئۇمۇ بىرەر ھەپتىچە ئاغرىپ ياتتى، ساقىيىپ ئورنىدىن تۇرغاندىن كېيىنمۇ، خېلى زامان ھاڭۋاقتىغا ئوخشاپ يۈردى، ئېرىقتىن چېلەكتە سۇ ئەكىر دېسە، كالىغا ھەلەپ ئەتكەن؛ ئوچاققا ئوت قالا دېسە، سوغ سۇدا كىر يۇغان ۋاقىتلىرىمۇ بولدى. بەزى كىشىلەر ئۇنىڭدىن: دەرت ئېچىگە چۈشۈپ كېتىپ ساراڭ بولۇپ قالمىغىيدى، دەپ ئەنسىرەپمۇ يۈرگەن ئىدى. لېكىن، ئۇ ئاستا - ئاستا ئېسىنى يىغدى ۋە ئانىسىنىڭ ئىزىنى باسقان چاكار بولۇپ قالدى. ئەمما، ئۇ قايغۇرۇشنىمۇ، خوشال بولۇشنىمۇ بىلمەيدىغان بولۇپ ئۆستى.

نىيازباي شەرىخاننى يىگىرمە ياشلارغا كىرگەندە، 30 ياشلارغا قەدەم قويغان يىللىقچىسى سوپۇرگە بىلەن چېتىپ قويدى. شەرىخان بۇ ئىشتىن خوشالمۇ بولۇپ كەتمىدى، خاپىمۇ بولمىدى. ھەتتا، توي كۈنى باشقا قىزلارغا ئوخشاش، رەسمىيەت ئۈچۈن بولسىمۇ، يىغلاپ قويمىدى. لېكىن ئارىدىن ئون يىل ئۆتۈپ، ئۇلار قەدىناسلارغا ئايلانغان؛ يوقسۇللارنىڭ بەختىگە تاڭ ئېتىپ، پېشانىسىگە كۈن نۇرى چۈشكەن بىرىنچى باھاردا سوپۇرگە بىر ئايدەك ئاغرىپ يېتىپ ئۆلۈپ كەتتى. بۇ قېتىم شەرىخاننىڭ كۆزىدىن ئاققان ياشنى كۆرگەن، ئۇنىڭ تاشنى ئەزگىدەك ئاھۇ - زارىنى ئاڭلىغان كىشىلەر ئىچىدە كۆز يېشى قىلمىغان ئادەم قالمىدى.

شەرىخاننىڭ ياشلىق دەۋرى ئەنە شۇنداق قايغۇلۇق ئىدىكى، ئۇ كۈنلەرنى ئەسلەش مومايىنىڭ كۆزىدىن ھېلىمۇ ياش ئاققۇزاتتى.

3

شەرىخان موماي قېرىغاندا ئەسقاتسىدۇ، دەپ ئىشەنگەن ئوغلىدىن ئايرىلغاندا، ئوغلى ئۇنىڭغا ھاياتتەك، ئۇزاق بىر جايغا كەتكەندەك تۇيۇلۇپ، خېلى كۈنلەرنى ئىشىككە قاراپ ئولتۇرۇش بىلەن ئۆتكۈزگەن، ھەتتا ئىشىك تىرىقلا قىلسا، ئوغلى كىرىپ كېلىدىغاندەك بىلىنىپ، كوپ قېتىم ئورنىدىن چاچراپ تۇرغان ۋاقىتلارمۇ بولغان؛ «ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك» دىگەندەك، ئوغلىنىڭ قىرىق نەزىرىدىن كېيىن، كېلىنى ئالماسنى مومايغا تاشلاپ بېرىپ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كەتكەندە بولـ

سا: «ئاھ، خۇدا! قېرىدىغاندا خار قىلىغىچە ئا-
مانىتىڭنى ئالغىن...» دەپ خۇداغا نالە قىلىپ
يىلىنغان ئىدى. لېكىن كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بى-
لەن، ئۇنىڭ ئەندىشىسى پۈتۈنلەي ئورۇنسىزبو-
لۇپ چىقتى، كىچىككىنە ئالماس مومايىنىڭ ئەڭ
ياخشى بەزلىگۈچىسى بولۇپ قالدى؛ ئوغلى ھا-
يات ۋاقتىدا ئىشچى بولۇپ ئىشلىگەن ئىدارىسى
شەرىخاننى ئايمۇ - ئاي قوتقۇزۇش پۇلى بى-
لەن بەھرىمەن قىلىپ تۇردى. بۇ يىلقى قۇر-
بان ھېيتتا تېخى ئاساسقا تلامدىكى كادىرلار
يىمەكلىكلەرنى ئېلىپ كىرىپ ھال سوردى.
ئۇنىڭ ئۆيىدىن بىر كوچا نېرىدىكى ئوتتۇرا
مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بولسا، ئۇنىڭ دائىمي
غەمخورچىسىغا ئايلىنىپ قالدى. ئوغۇللار ئۇنىڭ
تۈگىدىن سۇنى كەم قىلمايتتى. مۇبادا ئاشلىق
پۇنكىتىدىن ئۇن ئېلىپ كېلىشكە توغرا كەل-
سە، ئۇلار تالىشىپ كېتىشەتتى. قىزلار ھويلا-
ئارامىلىرىنى سۈپۈرەتتى، كىيىم - كېچەكلىرى-
نى يۇيۇپ بەرگۈچىلارمۇ بولاتتى، ئۇلار بۇ يىل
قۇربان ھېيتتا ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئىچى - تېشى-
نى ئاقارتىپ، شۇنداق چىرايلىق قىلىشىۋەتتىكى،
مومايىنىڭمۇ كۆڭلى ئېچىلىپ، بولەكچىلا خوشال
بولۇپ كەتتى.

شەرىخان موماي ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزىگە
بۇنچىلىك خەيرى-خاھلىق قىلغانلىقىغا مىننەتدار-
لىقىنى ئىزھار قىلماقچى بولغاندەك دۇئا قى-
لىپمۇ قوياتتى:

شەرىخان موماي ئورۇق قوللىرىنى ئې-
گىز كوتىرىپ دۇئا قىلغاندا، باللارنىڭ بەزى-
لىرى ھەيران بولۇشۇپ بىر-بىرىگە قارىشاتتى.
موماي بولسا دۇئا قىلىپ بولۇپ كۈلۈمسىرەيت-
تى. ئەمما ئۇ، زاھىدە ئىسىملىك سېرىق قىز
بار چاغدا، دۇئا قىلىشقا ئوڭايسىزلانغاندەك بو-
لاتتى، چۈنكى زاھىدە ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارايت-
تى، كۈلۈپ تۇرغان كوكۇش كوزلىرى
مومايغا زاڭلىق قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كې-
تەتتى. بۇنداق چاغدا موماي خىجىل
بولغاندەك كۈلۈمسىرەيتتى-دە، قىزنىڭ يۈزىنى
سىلاپ تۇرۇپ:

— سىلەر ئۈچۈن دۇئا قىلدىم، ئادەم
دۇئا بىلەن كوكىرىدۇ، باللىرىم.-دەيتتى.

شەرىخان موماي زاھىدەگە ئامراق ئى-
دى. ئونبەش ياشلارغا كىرگەن بۇ قىز ئۇ-
نىڭ كوزىگە تولىمۇ ئىسسىق كورۇنەتتى. ئۇ-
نىڭ ياپىلاق يۈزى، قاڭشىرى پەسرەك بۇرنى
ۋە قارىچۇغى كىچىك كورۇنىدىغان كوزلىرى
ئۇنىڭغا تونۇشتەك تۇيۇلاتتى، ئۇ، زاھىدەنىڭ
كىمگە ئوخشايدىغانلىقىنى تېپىش ئۈچۈن ئوي-
رىدە ئۇچراتقان، ئەستە ساقلىنىپ قالغان ئا-
دەملەرنى ئەسلەپ كوز ئالدىغا كەلتۈرۈپ باق-
قان بولسىمۇ، لېكىن ئورۇنسىز بولۇپ چىقتى.
ئاخىرى ئۇ، زاھىدە خېمىر يۇغۇرۇپ بەرگىلى
كىرگەن بىر كۈنى سوراپ كورۇشكە مەجبۇر
بولدى:

—قىزىم زاھىدە، ئاتا- ئاناڭ باردۇ؟

— ھە - ئە،دادام ئاكىرى ئۇرۇمچىدە ئىش-
لەيتتى، بۇ شەھەرگە تېخى بۇ يىل يازدا يوت-
كىلىپ كەلدۇق...

شەرىخان موماي جىم بولۇپ كەتتى. ئۇ
زاھىدەنىڭ كىمنىدۇ ئەسلىتىپ تۇرۇدىغان كوز-
لىرىگە قاراپ، ئاتا - ئانىسى بەلكىم مەن تو-
نۇيدىغان كىشلەر بولسا كېرەك، دەپ ئويلى-
غان ئىدى. قىزنىڭ سوزىنى ئاڭلاپ باشقىچە
ئويغا كەلدى. موماي كىشلەردىن ئۇرۇمچى-
نىڭ چوڭ شەھەر ئىكەنلىكىنى ۋە ناھايتى يى-
راقتا ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدى، ئۇ ئۇرۇم-
چىدىكى ئادەملەرنى نەدىنمۇ تونۇسۇن.

زاھىدە ھەر كۈنى دىگىدەك مومايىنى يوق-

لاپ كىرەتتى. بەزىدە، ئاپام ئەۋەتتى دەپ، ئىسسىق توقاچ ياكى ئۆيدە ياسىغان پىرەنىك، تاتلىق - تۈرۈملارنى ئېلىپ كېلەتتى، ھەتتا بىر قالچە قېتىم، دادام ئەۋەتتى دەپ، گوشمۇ ئېلىپ كەلدى. قىزنىڭ ئېيتىشىچە، دادىسى گوشنى، قېرى كىشىلەرگە شورپا قۇۋۋەت قىلىدۇ، دەپ ئالاھىدە ئەۋەتكەن ئىكەن. موماي باشتا بۇنداق نەرسىلەرنى ئالغىلى ئۇنىمىدى، گويا سېرىق قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭغا سەدىقە ئەۋەتكەندەك بىلىنىپ كەتتى، لېكىن ئۇ زاھىدەگە بىر نەرسە دەپ ئاچچىقلاشقا ئاجىزلىق قىلدى. ھەتتا قىز رەنجىپ قالسا كەلمەي قالارمىن، دىگەن ئەندىشە تۈپەيلى، كوڭلىدىكى سوزلىرىنىڭ بىرىنىمۇ تېشىغا چىقىرالمىدى. بىر - ئىككى قېتىم بوشقىنە كايىپ، ئاران شۇنداق دىيەلىدى:

— نىمە قىلىۋاتىسىلەر قىزىم؟... مېنىڭ تاپقىنىم ئوز - ئوزەمگە يېتىدۇ. ئۇنداق قىلماڭلار، سەت تۇرىدۇ.

4

بۇ يىل قىش كېچىكىپ كەلدى. نەچچە كۈنلەپ ھاۋا خۇددى ياز كۈنلىرىدىكىدەك، ئۇچۇق بولۇپ تۇردى. كېچىلىرى كۈن سىر ئاز سوغ بولغانىنى نەزەرگە ئالمىغاندا، ۋاقىت ھېچبىر قىش كۈنلىرىگە ئوخشىمايتتى، ياكى قىش كېتىپ، ئەتىياز كېلىش ئالدىدا تۇرغاندەك كورۈنەتتى. يوللارنىڭ كۈنگەي تەرىپى كۈن چۈش بولماي ئېرىپ پاتقاق بولۇپ كېتەتتى، ئوگزىلەردىكى قالدۇق قارلار ئېرىپ، ئاق تاملاردا قارا ئىز قالدۇرۇپ تۆۋەنگە ئاقاتتى.

شەرىخان موماي ئومرىدە ئوتكۈزگەن قىش پەسىللىرىنى كوز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، بۇ يىلقى قىشنى غەلىتىرەك سېزەتتى. ئەگەر كۈن مۇشۇنداق ئىللىق بولۇۋەرسە، ئاغرىق - سىلاق كوپىيىدۇ، ئولۇم - يىتىممۇ كوپ بولىدۇ، دەپ ئويلايتتى. بىر قېتىم قورقۇنۇچلۇق بىر خىيال ئۇنىڭ كاللىسىدا چاقماقتەك يېنىپ ئوچتى-دە، پۈتون بەدىنىنى مۇزدەك تەر باستى. بۇ: ئاغرىپ يېتىپ قالارمەنمۇ؟... دىگەن يۈرەككە قاتتىق تېگىدىغان ئوي - پىكىر ئىدى. بۇنداق تۇيغۇ مومايىنىڭ ئۇ ئالەمگە كېتىشىدىن قورققانلىغىدىن ئەمەس، بەلكى تاتلىق ئالماسىنىڭ باشپاناسىز بولۇپ قېلىشىدىن قورقۇش تۈپەيلىدىن پەيدا بولاتتى. سەبى ئالماس يالغۇز قالسا، كىملەرنىڭ ئالدىدا بويۇن قىسىپ يۈرەر؟ يۇقۇردىكى ئوي - خىياللار ئۇنى ھەر ۋاخ نامازدا ئادەتتىكىدىنمۇ ئۇزاقراق دۇئا قىلىدىغان قىلىپ قويدى:

— بەندىلىرىڭ ئاجىز، گۇناھىنى مەغپىرەت قىلغايسەن، ئۇلۇق خۇدايىم، رەھىم قىلىپ كېسەللەرنى ئازايتىپ، بالا- قازانى كوتىرىۋەتكەيسەن...

موماي خۇداغا چىن يۈرىكىدىن يېلىنىپ دۇئا قىلاتتى، ئاۋازىمۇ يىغلاۋاتقاندەك تىترەيتتى. دۇئادىن كېيىن بولسا، ئۇ، تەلەپ-ئارمانلىرى خۇدانىڭ قۇلىغىغا يەتكەنلىگىگە، خۇدا چوقۇم ئۇنىڭ تەلىۋىنى بىجا كەلتۈرۈدىغانلىغىغا ئىشەنگەندەك، روھلىنىپ كۈلۈمسىرەيتتى، پۈتقولىغا ماغدىر كىرىپ قالغاندەك تېتىكلىشىپ قالاتتى.

ئۇ ئاخىرى ئاغرىپ قالدى. كېسىلىغۇ ئانچە ئەنسىرىگىدەك كېسەللەردىنمۇ ئەمەس، پەقەت تۇمولا تەگدى. شۇنداق بولسىمۇ قېرىغان چاغدىكى ئاجىزلىقتا شۇمۇ ئېغىر كەلدى، بېشى لوقۇلداپ، چېكىكىسى ئاجراپ كېتىدىغاندەك ئاغرىيتتى، پۈتۈن بەدىنى سىقىراپ ئاغرىيتتى. ئۇ ھېچ بولالمىدى-دە، مەش تۈۋىدە تۈگۈلۈپ ياتتى. موماي تۇمو تەككەندە سىركە - لازى

سىنى تېتىتىپ ئەتكەن مەنپەر ئىچىپ پۇرقىراپ تەرلىسە، ياخشى بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. لېكىن، ئۇنىڭ قازان كۆتەرگىدەك ھالى قالمىغان ئىدى. كىچىككىنە ئالماس مومىسىنىڭ ئازابلىرىدىن خەۋەرسىز. ئويۇنچۇقلىرى بىلەن ئۆزىچە سوھبەتلىشىپ ئويناپ ئولتۇراتتى...

شۇ كۈنى چۈشتە زاھىدە مومايىنى يوقلاپ كەردى. ئۇ شەرىخاننىڭ مەش تۈۋىدە تۆكۈلۈپ ياتقىنىنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتى:

— چوڭ ئاپا، نېمە بولدىڭىز، بىرەر يېرىڭىز ئاغرىمدۇ، نېمە؟

— زۇكامداپ قالدىم، قىزىم.

مومايىنىڭ ئاۋازى تولىمۇ بوش ئىدى. ئۇ بەئەينى ئۇزاق ۋاقىت ئاغرىپ ياتقان كىشىدەك كۆرۈنەتتى.

— چوڭ ئاپا، كۆڭلىڭىز نېمە تارتىدۇ، مەن تاماق ئېتىپ بېرەيمۇ؟

— رەھمەت، قىزىم، رەھمەت...

شەرىخان موماي ئۇنى مەنپەر ئېتىپ بەر، دېمەكچى بولدى-يۇ، زاھىدەنىڭ چۈشتىن كېيىن يەنە مەكتەپكە بېرىشى كېرەكلىكىنى ئويلاپ، ئاغزىنىڭ ئۇچىغا كەلگەن سۆزنى يۇتۇۋەتتى. ئەمما زاھىدە ئۇنىڭ نېمىدۇ ئېيتىشقا تەمشىلىپ، دېيەلمىگەنلىكىنى سېزىپ قالدى.

— مەن كەچتە كېلىمەن، — دېدى قىز ۋە ئالماسنىڭ بېشىنى سىلاپ قويدى، — موماڭنى يالغۇز تاشلىما، ماقۇلمۇ؟ ئۆيدىن چىقمىغىن...

زاھىدە ئېيتقىنىنى ئورۇنلىدى. ئۇ، كەچتە — قاراڭغۇلۇق ئالقانلىرىنى يېيىپ كېلىۋاتقاندا، شەرىخان مومايىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ قولىدا باش ياغلىققا ئورالغان كىچىك كورا ساڭگىلاپ تۇراتتى.

— چوڭ ئاپا، ئاپام سىزگە تاماق ئەۋەتتى، ئىسسىغىدا ئىچىۋالامسىز؟

شەرىخان موماي نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى. ئۇ، ۋۇجۇدىنى بىر ئىللىق ئېقىم تىترىتىۋاتقانلىقىنى سەزدى. بېشىنى ئاران كۆتىرىپ ئورە بولدى ۋە تىترەك ئاۋازدا ئېيتتى:

— رەھمەت، قىزىم. ئاپاڭغىمۇ، ساڭىمۇ رەھمەت، خۇدايىم مۇرادىڭلارغا يەتكۈزسۇن.

ئۆي ئىچى قاراڭغۇ بولۇپ قالغان ئىدى. شەرىخان موماي مىك تەستە لامپىنى ياقتى. ئۇ كورىدىن چىنىگە ئاش ئۇسۇۋاتقان زاھىدەگە قارىدى، لامپىنىڭ غۇۋا، قىزغۇچ نۇرىدىن قىزنىڭ چىرايى قىزىل گۈلدەك چاقناپ تۇراتتى. ئۇ، قىز ئېلىپ كەلگەن ئاشنى قولىغا ئېلىشى بىلەن سىزگە - لازىنىڭ كۆپۈلدەپ تۇرغان پۇرىقى دىمىغىغا ئۇرۇلدى.

شۇ كېچىسى زاھىدە ئۆيىگە قايتىپ كەتمەي شەرىخان مومايىنىڭ يېنىدا قونۇپ قالدى. موماي ئۇنىڭدىن تېخىمۇ مىننەتدار بولدى. ئۇ، تاماقتىن كېيىن بىر ئاز تەرلىگەچكىمۇ ياكى زاھىدەنىڭ ھەمرا بولغانلىقىدىن خۇشال بولغاچقىمۇ، ئۆزىنى خېلىلا ياخشى بولۇپ قالغاندەك سەزدى. كۆڭلى ئېچىلىپ، بىر ئاز خۇشخۇيلىشىپمۇ قالدى ۋە زاھىدە بىلەن ئۇزاق مۇڭداشتى. راستىنى ئېيتقاندا، ئالماسنى يېنىدا ياتقۇزۇپ ئەركىلىتىپ ئۇخلىتىۋاتقان قىز تولاراق سۆزلەپ، موماي تىڭشاپ ياتتى. قىشنىڭ ئۇزۇن كۈنلىرىنى پاراڭ بىلەن قىسقارتمىسا، ئۇيقۇ بىلەن تۈگىتىش تەس. زاھىدە ئۇزاقتىن ئۇزاق سۆزلىدى. ئۇ ئوقۇتقۇچىلىرى، ساۋاقداشلىرى، ئۆزى چوڭ بولغان ئاۋات ئۇرۇمچى ۋە ئاتا - ئانىلىرى ھەققىدە كۆپ نەرسىلەرنى ئېيتتى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، دادىسى ئەسلى بىر چوڭ باينىڭ ئوغلى بولۇپ، 3 ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقتىدا مىللىي ئارمىيىدە ئەسكەر بولغان ئىكەن، ئۇ تاكى 1960 - يىللىرىغىچە ھەربى سەپتە ئىشلەپ، كەسىپ ئالماشتۇرغاندىن كېيىن،

ئۈرۈمچىدە قايسىبىر ئىدارىدە باشلىق بولۇپ ئىشـ
لەپتۇ. بۇ شەھەرگە ئالمىشىپ كەلگەنىدىن كېـ
يىنمۇ، مەلۇم ئىدارىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلەـ
ۋېتىپتۇ. زاھىدەنىڭ ئانىسى ئۆتـمۈشتە زاھىدەـ
نىڭ باي بوۋىسىنىڭ ئۆيىدە يىللىقچى بولۇپ
ئىشلەيدىغان ئادەمنىڭ قىزى ئىكەن. ھازىر زاـ
ھىدەنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ناھايىتىمۇ ئىناق ئۆـ
تىدىكەن. قىزنىڭ پارىڭى شۇ يەرگە كەلگەندە،
شەرىخان موماي ئىسىقىدۇ ئۇنىڭ سـوزىنى
بولدى:

— ئاپاڭنىڭ ئىسمى كىم، قىزىم؟

— مەخان.

— نىمە دىدىڭ، مەخان؟ داداڭنىڭ ئىـ
سمچۇ؟

— زوردۇن.

شەرىخان موماي جىم بولۇپ كەتتى. ئۇـ
نىڭ ئەجەپلىنىش تەلەپپۇزىدىكى سوئاللىرى قىزـ
غا بىر قىسما تۇيۇلدى. موماي بىر پەس ئۈنـ
تىنسىز ياتتى-دە، ئۇلۇق تىندى. زاھىدە ئۇنىڭ
كوكرىكىنىڭ بىر كوتىرىلىپ، بىر پەسلىگەنلىـ
كىنى كورگەندەك بولدى.

5

ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى مەرەمنىساخان. ئىـ
دى، ئەمما ئاتا ـ ئانىسى ئەركىلىتىپ «مەخان»
دەيتتى. كېيىنچە بۇ ئۇنىڭ ئوز ئىسمى بولۇپ
سىڭىپ كەتتى، ھەتتا، ئۇ تولۇپ رىسىدە بولـ
غان ۋاقتىدىمۇ شۇنداق ئاتىلىپ يۈردى.

مەخان ناھايىتىمۇ چىرايلىق قىز ئىدى،
بويى زىلۋا، قاڭشالىق، قاپ ـ قارا كىرپىكلىرى
خۇددى چىمەنلىك قىرغاقتا، يوغان كـوزلىرى
بولسا، گۈزەل ئاسماننىڭ ئەكسى جىمىرلاپ تۇرـ
غان تىنىق كولگە ئوخشاپ كورۇنەتتى. نۇرـ
غۇن يىگىتلەر ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ يـۈرەتتى.
شۇنداقلارنىڭ بىرى نىياز باينىڭ شەھەردە ئوـ
قۇۋاتقان كەنجە ئوغلى زوردۇن ئىدى.

كىشلەر ئاغزىدا زوردۇننىڭ مەخانغا كوـ
يۇپ قالغانلىقى ھەققىدە سوز ـ چوچەك كوپ
ئىدى. شەرىخان بۇنداق مىش ـ مىش گەپلەرـ
گە باشتا ھەيران قالدى. كېيىن ئىشەنمىدى،
ئۇنىڭغا شۇنچىلىك چوڭ باينىڭ ئوغلىنىڭ
شەھەردە ئوسكەن، ئوقۇغان بايۋەچچە ئوز يىلـ
لىقچىسىنىڭ قىزىنى ياخشى كورۇپ قىلىشى مۇمـ
كىن ئەمەستەك تۇيۇلدى. لېكىن، ئۇنىڭ ئوزى
بىر كۇنى شۇنداق بىر ئەھۋالغا دۇچكېلىپ
قالدى.

يۇلتۇزسىز بىر ئاخشام ئىدى. نىيازباينىڭ
بېغىنىڭ يېنىدىن ئوتىدىغان ئوستەڭدىن سۇئالـ
غىلى كېتىۋاتقان شەرىخان ئوستەڭگە بۇرۇلىدىـ
غان يەرگە بارغاندا، ئوزىدىن سەل نېرىدىكى تېـ
رەك تۇۋىدە ئىككى ئادەمنىڭ سوزلىشىۋاتقانلىـ
قىنى سېزىپ توختاپ قالدى. قاراڭغۇدا ئۇلارـ
نى كورگىلى بولمايتتى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئاۋاـ
زىدىن بىرى ئوغۇل، بىرى قىز ئىكەنلىكىنى پەرق
قىلغىلى بولاتتى. پىچىرلاشقاندەك سوزلەشسىمۇ،
لېكىن گەپلىرى ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى:

— مېنىڭ سوزۈمگە ئىمىشكە ئىشەنمەيسەن؟
ھە، ئېيتقىنا، مەن سېنى ئالداۋاتقاندەك تۇرامـ
دىمەن؟

يېلىنىۋاتقان يىگىت نىيازباينىڭ كەنجە
ئوغلى ئىكەنلىكىنى شەرىخان ئۇنىڭ ئاۋازىدىن
بىلدى. قىزنىڭ ئاۋازىمۇ تـونۇش ئىدى:

— ئىمىلەرنى دەۋاتىدىغانسىز، خۇدا ھەقـ
قى، بىزنى خاتىرجەم ياشىغىلى قويۇڭ... مېنى توـ
سىماڭ، باشقىلار كورۇپ قالسىمۇ سەت...

— مەيلى، كورسە ـ كورسۇن، مەن ساڭا
ئويلىنىدىغانلىقىمنى پۈتۈن يۇرتقا جاكالاشقا تەيـ
يارا ـ يىگىت ھاياجاندىن قىزىشىپ سوزلەيتتى،
ماڭا بىر ئېغىزلا سوزۈڭ كېرەك، مېنى قىينىما، ياخـ
شى كورسەڭمۇ ئوچۇق ئېيت، مەن سەن ئۈچۈن ھەممىنى
قىلىشقا تەييار؛ يامان كورسەڭمۇ ئېيتمۇەر، قېنى
بىر ئېغىز سوز بىلەن ئېيتقىن...

— مەن بىلمەيمەن، دادامنى ھەممە ئادەم يا-
مان كۆرىدۇ، سەنمۇ يامان كۆرسەن، دادامغىمۇ
يامان كۆرىدۇ. ھېچكىم ئۇنىڭ ياخشى گېپىنى
قىلمايدۇ. دادام بايلىق توپلاشقا ئاچكۆزلۈك بى-
لەن بېرىلىپ كەتكەن ئادەم. لېكىن، سەن ئېيتى-
قىنا، دادىسى يامان بولسا، بالىسىمۇ يامان
بولامدۇ؟ ئېيتقىنا، باي يىگىت كەمبەغەل قىز-
نى ياخشى كۆرۈشى مۇمكىن ئەمەسمۇ؟...

شەرىخاننىڭ ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ
تۇرۇۋېرىشكە تاقىتى قالمىغان ئىدى، ئۇ پۈتى-
نىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ماڭغانچە كەلگەن يولى
بىلەن قايتتى.

ئارىدىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي، شەرىخان كى-
شىلەرنىڭ ئاغزىدىن يېڭى سۆز-چۆچەك ئاڭلى-
دى: زوردۇننىڭ مەخانىغا كويۇپ قالغانلىقىنى
نىياز باي ئاڭلىغانمىش. ھەتتا ئۇ ئىككىسىنىڭ
يوشۇرۇنچە مۇڭدىشىپ يۈرگەنلىكىدىنمۇ خەۋەر
تاپقانمىش. غەزەپكە كەلگەن باي ئوغلىنى ئال-
دىغا چاقىرىۋېلىپ: «ئەشۇ گادايىنىڭ قىزىغا ئۆي-
لىنىمەن دىسەڭ، يۇرتتا سەندەك بالام يوق، دەپ
ئۇقتۇرىمەن....» دەپ قورقۇتقان بولسىمۇ، لېكىن
زوردۇن ئۆز نىيىتىدىن يانماپتىمىش... نىياز
باي بىلەن ئوغلى ئوتتۇرىسىدىكى ماجرانىڭ
راسلىقىنى تەستىقلىگەندەك، زوردۇن تۇيۇقسىز
يوق بولۇپ كەتتى، كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ
دادىسىغا بىر پارچە خەت يېزىپ قالدۇرۇپ كې-
تىپتۇ. خەتتە: دادىسىنى زالىم دەپ تىللاپتۇ
ۋە ئۆزىنىڭ ئىلى دەرياسىغا تاشلاپ ئۆلۈۋال-
دىغانلىقىنى يېزىپتۇ.

شەرىخاننىڭ ئېسىدە قېلىشىچە، يۇقۇرى-
دىكى ئىشلار ئىلىدا ئىنقىلاپ بولۇپ، ئىككى
يىلدىن كېيىن يۈز بەرگەن ئىدى. ئارىدىن
يەنە شۇنچىلىك ۋاقىت ئۆتكەندە، زوردۇن ئۆز
يۇرتىدا پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئاسماندىن
چۈشكەندەك پەيدا بولۇشى ھەممە كىشىنى ھەي-



قىز نىمىشكىدۇ ئۈنچۈقمىدى. ئۇ يىگىت-
نى ياخشى كۆرىدىغان - كۆرمەيدىغانلىقىنى دەڭ-
سەپ كۆرۈۋاتامدۇ ياكى ياخشى كۆرسىمۇ، بايۋەتچە-
نىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنمەيۋاتامدۇ، شەرىخان بۇ-
لارنىڭ ھېچقايسىسىنى پەرەز قىلالمىدى. لېكىن
تەقەززا بولغان يىگىت يۈرەكنى ئەزگىندەك مۇڭ-
لۇق قىلىپ شۇنداق دىدى:

— ماڭا سەنسىز ھاياتنىڭ كېرىكى يوق،
سېنىڭ ئالدىڭدا، دادامنىڭ بايلىقلىرىمۇ مەن
ئۈچۈن بىر ياماققا ئەرزىمەيدۇ، سەنسىز ياشى-
غاندىن ئۆلگىنىم ياخشى.

— بولدى، ئۇنداق گەپلەرنى قىلماڭ، خۇ-
دا ھەققى...

قىزنىڭ سۆزلىرىمۇ مۇڭلۇق ئىدى. ئۇ گو-
يا قورقۇپ كېتىپ، سۆزلىرى يۈرىكىدىن تىتى-
رەپ چىقىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ئاشىق يىگىت
ئۇنىڭغا توختىماي سۆزلەيتتى.

ران قالدۇردى. ئۇ كىشىلەر بىلمىدىغان زوردۇنغا پۇتۇللەي ئوخشىمايدىغان ئادەم بولۇپ كەلگەن ئىدى—سېرىق گىمناستېركا، كەلەپىشىم ۋە پاقىراپ تۇرغان ئوتۇك ئۇنىڭغا تولىمۇ سولەت كىرگۈزگەن ئىدى. مۇرىسىدىكى يېشىل پاگون ئۇستىدە ھەل بېرىلگەن بىر توغرا سىزىق ۋە ئۇچ بەشيۇلتۇز—تونچكا پاقىراپ، كوز چاقنىتىپ تۇراتتى. شەپكىسىدىكى كاكار هوسنىگە هوسۇن قوشقاندەك بەكمۇ كوركەم كورۇنەتتى. ئۇ ئەنە شۇنداق كەلدى-دە، دادىسىنىڭ ئويىگە چۈشمەستىن، ئۇدۇل مەخانلارنىڭ كونا، زەي ئويىگە چۈشتى ۋە توي قىلىپ قىزنى ئەمرىگە ئالدى-دە، نەگىدۇ بىللە كېتىپ قېلىشتى.

شەرىخان موماي بولۇۋاتقان ئىشلار ئوڭى ياكى چۈشى ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالماي قالدى: خېلى ياخشى بولۇپ قالغان موماي هويلىدا ئالماسىنىڭ پېقىرىغۇچ ئوينىشىغا قاراپ تۇراتتى، هويلىغا ئەر-ئايال ئىككى كىشى كىرىپ كەلدى، ئۇلارنىڭ كەينىدە كۇلۇمسىرەپ تۇرغان زاھىدەمۇ بار ئىدى. هېلىقى ئايال ئۇدۇل كېلىپ مومايىنى قۇچاقلىدى، مەڭزىنى مەڭزىگە ياقتى. ئۇنىڭ كوز يېشى ئوز يۇزىدىن مومايىنىڭ يۇزىگە چۈشمەكتە ئىدى. شەرىخانىنىڭ كوزلىرىدىنمۇ ئىختىيارسىز ياش تامچىلاشقا باشلىدى. ئۇلار ئۇزاقتىن-ئۇزاق تېچلىق-ئامانلىق سوراشتى. موماي ئوزىنى قۇچاقلاپ تۇرغان ئايالنىڭ باغرىدىن چىققاندىن كېيىن، ئوزىگە ئېگىلىپ سالام قىلىپ تۇرغان، ساقال-بۇرۇتى پاكىز قىرىلغان ئەرگە قارىدى.

مېنى تونىمايۋاتامسىز، ئوغۇلخېنىدە؟ دادىسىنىڭ سوزىنى زاھىدە توغرا تاپمىغاندەك دەرھال لوقما سالدى:

—چوڭ ئاپام ئەمەس، سەن تونىمايۋاتقان ئوخشايسەن، دادا، چوڭ ئاپامنىڭ ئىسىمچۇ ئوغۇلخان ئەمەس، شەرىخان. شەرىخېنىمدە دە!

—تونىۋاتىمەن، قىزىم، تونىۋاتىمەن. مەن ساڭا، بەكمۇ ئىشچان ئايال ئىدى، دەپ تولا گېپىنى قىلىپ بەرگەن ئوغۇلخېنىمدىم مۇشۇ...

موماي ئوزىنى زاھىدەگە تونۇشتۇرۇۋاتقان كىشىگە سەپ سېلىپ قارىدى-دە، دادا-بالا ئىككىسىنىڭ قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغانلىقىغا كوزى چۈشتى. ئۇ شۇ چاغدىلا ئويىگە كىملەر كەلگەنلىكىنى چۈشەندى-دە، هاياجانغا چومدى.

—ۋاي خۇدايىم، مەن راستىنلا سىلەرنى كورۇۋاتىمەنمۇ-ھە؟ سەن مەخانمۇ؟... مەن هېچنىمىنى بىلمەيلا قالدىم،— دېدى موماي رومىلىنىڭ ئۇچى بىلەن كوز ياشلىرىنى سۇرتۇۋاتقان مەخانغا قاراپ.

—شۇنداق، ئوغۇلخېنىدە. ئادەم ئولمىسە كورۇشىدىكەن. بىز سىزنىڭ بۇ ئويدە ئىكەنلىكىڭىزنى ئويلاپمۇ باقمىغان ئىكەنمىز، سىزنى قىزىمىزدىن ئاڭلاپ كورگۇمىز كەلدى... دېدى مەخان ئۇلۇق-كىچىك تىنىپ.

—ۋاي خۇدايىم، ئويگە باشلىماي قاراپ تۇرغىنىمنى قاراڭلار، قېنى ئويگە، ئويگە كىرىڭلار، ئويگە.

مېھمانلار ئويگە كىرىشتى، ئۇلار موماي سالغان كورپە ئۇستىدە ئولتۇرۇشقا ئۇنىماي، تورگە مومايىنىڭ ئوزىنى چىقاردى. موماي قول كوتىرىپ دۇئا باشلىدى. دۇئادىن كېيىن، قايتىدىن تېچلىق سوراش باشلاندى، كېيىن ئۇلارغا تونۇش كىشىلەر توغرىسىدىكى پاراڭغا كوچۇشتى. مەخان دەستۇرخان هازىرلاپ، مومايغا ئاتاپ ئېلىپ كەلگەن تاتلىق-تۇرۇملارنى تىزدى. موماي بىردە مەخانغا بىردە ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئەرگە قارايتتى، ئۇلارنىڭ چاچلىرىدىكى ئاقلار، كوز چورىلىرىدىكى قورۇقلار ياشتا چوڭىيىپ قالغانلىقىنى كورسىتىپ

تۇرسىمۇ، لېكىن مومايغا ئۇلارنى يەنە شۇ ياش ۋاقتىدا كورۇۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. مەخان بۇ- رۇنقىدەك زىلۋا ئەمەس، ئوبدانلا سەمرىپ قاپتۇ. لېكىن ئۇنىڭ كوزلىرى شۇ بۇرۇنقىدەك يوغان بولۇپ، مەخاننىڭ ياش ۋاقتىدا قانچى- لىك گۈزەل ئىكەنلىكىنى ھېلىمۇ كورسىتىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئەردە بول- سا ياش زوردۇننىڭ بەلگىلىرى ھېلىمۇ بار ئىدى.

شەرىخان موماي مېھمانلار بىلەن بىللە چاي ئىچىۋېتىپ، ئىچ-ئىچىدىن خوشال بولدى. «بۇ قانداق ياخشى، ئاجايىپ زامان-ھە» دېگەن- نى خىيالىدىن ئوتكۈزدى. ئۇ بۇنىڭدىن ئوت- تۇز بىر يىل بۇرۇن ئەشۇ كۆلۈمسىرەپ ئولتۇر- غان زوردۇننىڭ ئائىلىسى ئۈچۈن چاكار بولۇپ ئىشلىگەن ئەمەسمىدى؟! ئۇ چاغلاردا شەرىخان ئۇلارنىڭ ئالدىدا يەرگە قاراپ تۇرۇشقا، لىمە دېسە «خوپ» دېيىشكە، ئۇلارنىڭ ئېيتقىنىنى سوز- سىز ئورۇنلاشقا مەجبۇر ئىدى، ئۇنىڭ ئو- لۇپ-تىرىلگىنى بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى يوق ئىدى. بۈگۈن بولسا، ئەنە شۇ باينىڭ ئوغلى— ئوتمۇشتىكى بايۋەچچە، مومايني—ئەينى يىللار- دىكى چاكىرىنى يوقلاپ كەپتۇ، ئۇنىڭ ئايا- لىچۇ تېخى! ئۇنىڭ ئوز ۋاقتىدىكى يىللىقچى- نىڭ قىزى بولغان ئايالى مەخان خۇددى شۇ بۇرۇنقىدەك يېقىملىق قىلىپ: «ئوغۇلخان ھەدە» دەيدۇ. ھەقىقەتەنمۇ زامان ۋە ئادەملەردىكى ئوزگىرىشلەر نىمە دېگەن چوڭ-ھە؟!

# يۈكسىلىش

يارمەھەممەت ئوسمان

قوتاندا ھەردىشەر قوزا ۋە قويلار،
ئېغىلدا موردىشەر موزاي - كالىلار.
شوخلۇقتىن سەكرىشىپ چالىدۇ چاۋاك،
قايماققا تويۇنغان سەبى باللار.

ئويلەردە دەستىلەپ تىزىلغان ئاق نان،
ساھىپخان خۇشچىراي كۈتىدۇ مېھمان.
مەررە گۈش چاچىدۇ مېزىلىك پۇراق،
دەستىخان ئۈستىدە، لىگەندە شۇئان.

باغرىدا بانسىدۇ باغ - باغ قىنپ ئانا،
پەرزەنتىنىڭ ئانار رەڭ مەگىزىگە سويۇپ.
تويۇنغان كوكسىدىن تامىدۇ ئاق سۈت،
قەلبىنى بەۋلاتىنىڭ شاتلىقىقا كومۇپ.

ئامانەت كاسىسىنىڭ خادىمى ئېيتار،
چەكلەرگە يېزىلغان رەقەمگە قاراپ:
ھاجىتى چۈشسە گەر پۇلغا دېخاننىڭ،
دۆيجاگىنىڭ ئالدىدا تۇرمايدۇ جوراپ...

يۇرتۇمدا پاراغەت، يۇرتۇمدا بايرام،
زاماندىن تاپماقتا ھەر ئوي بەرىكەت.
تەنگە كۈچ بېغىشلاپ، دىللارغا ئىلھام،
يول ئاچتى ئىقبالغا ئادىل سىياسەت.

# مېھمانخانىدا

(ھېكايە)

قادىر ئارسلان

بۇ شەھەرگە تۇنجى قېتىم كەلگەنلىكىمدىن، مېھمانخانىغا ئورۇنلىشىپ بولغان ھامان، يۈز- كوزۇمنى يۇيۇپلا كوچىغا چىقىشقا ئالدىردىم. ھەمرىيىم ئالدى بىلەن بىرەر- ئىككى سائەت ئۇخلىۋېلىپ ئاندىن چىقىشقادەۋەت قىلدى. «سىز بۇ يەرگە بىر قانچە قېتىم كەلگەن،- دېدىم مەن ئاياقلىرىمنى ئالدىراش سۇرتۇۋېتىپ،- مېنىڭ بىرىنچى قېتىم كېلىشىم، شۇ تاپتا قانداقمۇ ئۇيقۇم كەلسۇن؟»

ھەمرىيىم، نائىلاج بىردەم كوتۇلداپ قويۇپ، مەن بىلەن بىللە چىقماقچى بولۇپ، ئايىغىنى قايتىدىن كىيدى.

دەل- دەرەخلەرگە تولغان غۇلجا شەھرىنىڭ ئاجايىپ مەنزىرىسى مەندىكى سەپەر ھارغىنلىقىنى پۇتۇنلەي ئەستىن چىقاردى. ئىدارە قورۇلىرى ئىچىدىكى باراقسانلىقتىن ئىش بىنالىرىنىڭ ئوكزىلىرىلا كورۇنۇپ تۇراتتى. كوچىلاردىمۇ دەرەخ، ھويلىلاردىمۇ دەرەخ، پۇتۇن ئەتراپ يېشىللىق دۇنياسىدا ھوزۇرلىنىۋاتاتتى.

مانا، ئاھالىلەر ئولتۇراقلاشقان كىچىك كوچىلاردا كېتىۋاتىمىز. بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ رەڭگا- رەڭ گۇللەر بىلەن تولغان چوڭ ھويلىلىرى، پېشايۋانلىق، دېرىزىلىك چوڭ ئۆيلىرى مېنى بۇ يەردىكى كىشىلەر جەننەتتە ياشاۋاتقاندەك بىر ھېسسىياتقا كەلتۇردى.

ھاڭغىرقاي ئوچۇق تۇرغان بىر دەرۋازا ئالدىدا ئىختىيارسىز توختاپ قالدىم، مېنى ھويلىدىكى يېشىللىق ۋە ئاپپاق ئاقارتىلغان، چىرايلىق سېلىنغان ئويلەر ئوزىگە ئەسىرقىلغان ئىدى. ھەمرىيىم مېنىڭ كوڭلۇمدىكىنى چۇشەنگەن بولسا كېرەك، ئالدىرىتىشنىڭ ئورنىغا، نېرىراق بېرىپ توختىدى.

مەن ھويلىغا ئىختىيارسىز قەدەم تاشلىغىنىمدا، قىزىل دوپپا كىيگەن، چىرايلىق ياسىتىۋالغان بۇرۇتىغا ئاق سانجىلغان بىر كىشى چىقىپ ماڭا سالام بېرىپ:

— ئۇكام، بىرسىنى ئىزلەمسىز؟- دېدى.

مەن ئارانلا ئېسىمنى يىغىپ ھودۇققان ھالدا:

— ياق، ياق...،- دېگىنىمچە كەينىمگە يېنىپ، ھەمرىيىم تەرەپكە ماڭدىم. ھېلىقى كىشى گۇمان نەزىرى بىلەن بىزنى بۇزىتىپ قالدى.

كوچىدىن كەچ قايتتۇق، قەلبىم ياخشى تەسىراتلار بىلەن تولغان ئىدى. «مېنىڭ بۇيەردە تۇنجى يازىدىغىنىم—مۇشۇ يېشىل شەھەرنىڭ كىشىنى مەھلىيا قىلغۇچى گۇزەل مەنزى-

رىسى بولىدۇ» دەپ نىيەت قىلدىم.

بىز كوچىغا چىقىپ كېتىۋاتقىنىمىزدا، ياتاقتىكى بىر كارۋات بوش ئىدى. كەچتە كەلسەك، ھېلىقى بوش قالغان كارۋاتنىڭ ئۈستىدە تەردىن ئۆڭگەن بىر جۈپ پايپاق سوزۇلۇپ ياتاتتى، كارۋاتنىڭ تېگىدە بولسا مايلاشقان چوڭ سەپەر سومكىسى قىڭغىيىپ تۇراتتى، ياتاقنىڭ ئىچى سېسىق پۇراققا تولغان ئىدى. بىز بىر-بىرىمىزگە قارىشىپ قويدۇق-تە، ياتاقنىڭ دېرىزىسىنى ئېچىشقا ئالدىرىدۇق.

ھەمرىيىم پۇت-قولىنى يۇيۇشقا چىقىپ كەتتى، مەن ئالدى بىلەن ئۆز تەسىراتلىرىمنى خاتىرىگە چۈشۈرۈۋېلىشقا ئالدىرىدىم. تامغا تىرەپ قويۇلغان ئۈستەل يېنىغا ئورۇندۇقنى تارتىپ كەلدىم. لامپۇچكا يورۇق نۇر چېچىپ تۇراتتى. مەن گەپنى نەدىن باشلاشنى ئويلاپ قوشۇمامنى تۈرۈپ، قەلىمىمنى ئىڭىكىمگە تىرەپ خىيالغا چۆمدۈم، بىر ئازدىن كېيىن، ئىلھام كەلگەندەك بولدى. لېكىن، ئالدىمدىكى خاتىرىگە ئەندىلا ئېگىشىشىمگە ئىشىك ناھايىتى سەت تاراقلاپ ئېچىلدى. مەن چۆچۈپ ئويغانغاندەك ئەندىكتىم-دە، ھەمرىيىمنى جىملەش ئۈچۈن ئاغزىمنى ھومايلاپ ئىشىككە قارىدىم ۋە شۇ ھامان كايىمىش سۆزلىرىم تىلىمنىڭ ئۇچىدا قالدى. ئات يۈزىگە ياراشمىغان كىچىككىنە بۇرنى بار، تەمبەل بىر ئادەم كىرىپ كەلدى. «ياتاقدىشىمىز كەن-دە،- دېدىم مەن ئىچىمدە،- مايلاشقان سومكىسىدىن قارىغاندا، ئۆمرىنىڭ خېلى قىسمىنى سەپەردە ئۆتكۈزگەن ئادەمدەك قىلىدۇ، پاراڭچى ئادەمدىن بولۇپ قالسىدى...»

مەن ئەدەپ بىلەن ئورنۇمدىن تۇردۇم، يېڭى ياتاقدىشىمغا ئەندى قول ئۇزىتاي دېيىشىمگە، ئۇ بېشىنى بىلىنەر-بىلىنمەس لىڭشىتقاندەك بولدى-دە، كارۋاتقا ئۆزىنى تاشلىدى. مەن ھودۇقۇپ قالدىم: «غەلىتە ئادەمكەنا بۇ،- دەپ ئويلىدىم مەن،- ھەجەپمۇ تەرى سورۇن ئادەمكەنا، ھېرىپ كەتكەن بولسا كېرەك...»

مەن ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ قەلەمنى قولۇمغا ئېلىشىمغا، ھەمرىيىم كىردى. ئۇ ھېلىقى ئادەمنى كۆردى-دە، يۇيۇلغان پايپىقىنى ئالدىراپ ئۈستەل پۇتىنىڭ قوندىقىغا ئارتىپ قويدى ۋە قولىنى لۆڭگە بىلەن سۈرتۈۋېتىپ، ئۇنىڭغا قول ئۇزاتتى. مەن كۆز قىرىم بىلەن ئۇلارنىڭ ھەركىتىگە سەپسېلىۋاتاتتىم. ياتاقدىشىم ئوڭدىسىغا ياتقىنىچە ئۇنىڭغا قولىنى ئۇزىتىپمۇ قويمىدى. تۇرمۇشتا پىشقان، مۇئامىلىگە ماھىر ھەمرىيىم ئۆزىنى سەل يوقىتىپ قويدى بولغاي، بىر پەس ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى ۋە دەرھال ئېسىگە كېلىپ، چاندۇرمىغاندەك، مېنىڭ يېنىمغا كەلدى.

— ئىلھام دېگىنىڭىزدا تۇنجۇقۇپ نېمە قىلارىڭىزنى بىلەلمەي قالدىڭىزمۇ نېمە؟- دېدى ئۇ ئالدىمدىكى قەلەم تەگمىگەن خاتىرە بېتىگە قاراپ ۋە مۈرەمگە ئۇرۇپ قويدى. مەن ئۈندىمىدىم، كۆڭلۈم غەشلىككە تولغان ئىدى. مەن بۇ شەھەرگە كەلگىنىم بىلەن، باشقا جايلارغا بارغانمەن. ھەر قونالغۇدا سەپەر ھارغىنلىقىنى چىقىرىش مەقسىتىدە، يىراقتىن-يېقىندىن، قەدىمدىن ۋە ھازىردىن سۆزلەيدىغان قىزغىن سۆھبەتداشلار چىقىپ قالاتتى. بىز ياتاقتا يېرىم كېچىگىچە پاراڭلىشاتتۇق. بۇ پاراڭلار ئالدى بىلەن ياتاقداشلار يۈز-كۆزىنى، پۇت-قولىنى يۇيۇپ بولۇپ كارۋاتقا سۇنايلاشقىنىدىن كېيىن باشلىناتتى. بەزىدە بىرەر شىشە ئىچىملىكمۇ ئوتتۇرىغا چىقىپ، پاراڭنى ئۇلغايتىۋېتەتتى. بەزىدە پاراڭ مېھمانخانىنىڭ ئورۇن-كۆرپىلىرىنىڭ پاكىز ياكى پاسكىنىلىقى

دىن باشلىناتتى. دىمىسمۇ، ئازىلىق— ئىنسان-
دىكى ئىپىل خىسلەت- تە! بىراق، بۇ بەندە
لەززۇۋالدىن،نە پاكىزلىقتىن خەۋەرسىز دەك ئىدى.
ئۇ كوزىنى يېرىم يۇمغىنىچە، چاك باسقان ئىش-
تان- چاپىنى بىلەن، ھەتتا پۇتىنىڭ تەرلىشى-
دىن شور ئورلەپ كەتكەن ئاياق كىيىمىنى ئاپ-
پاق كىرلىك ئۇستىگە ئېلىپ ياتاتتى. بۇلارغا
كوزۇم چۇشكەندە، كۇتكۇچىلەرنىڭ بېغىشلىرى-
لى قىزارتىپ كىر يۇيۇۋاتقىنى كوز ئالدىمغا
كەلدى- دە، يۇرىكىم ئېچىشىپ كەتتى.

ھەمرىيىم كارۇتىغا بېرىپ ئولتۇردى- دە،
سومكىسىدىن بىر ژورنالنى ئېلىپ ۋاراقلىدى.
مەن بايىقى كوڭۇلسىزلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى ئەس-
تىن چىقىرىۋېتىپ، دىققىتىمنى قەلەمىنىڭ ئۇ-
چىغا توپلاشقا تىرىشىپ كوزۇمنى يۇمىدۇم. بى-
راق، كوچا ؟! دىلىغان چاغدىكى تەسراتلارمەن-
دىن خېلى يىراقلىشىپ كەتكەنىدەك، غۇۋالاشقان ئىدى. مەن شۇ ھالدا 15
مىنۇتتەك ئولتۇردۇم. ياتاقدىشىمنىڭ كارۇتى
قاتتىق غىچىرلىدى، مەن كوز قىرىمدا ئۇياققا
قارىدىم، ئۇ ئورنىدىن تۇرغان ئىدى. ئاپپاق
كىرلىكنىڭ رەڭگى سەل ئوزگەرگەن، ئاياق كى-
يىمىنىڭ قىرى تەككەن يەردە ئىككى قارائىز
قالغان ئىدى.

ياتاقدىشىم ياستۇقنى قولىغا ئېلىپ كى-
چىك باللار مۇشۇكنىڭ گەجگىسىدىن تۇتۇپ
پۇلاڭلاتقىنىدەك ساڭگىلاتتى- دە، يوتقاننى تارت-
تى. ئاندىن ياستۇقنى بولۇشىغا تاشلاپ قويۇپ،
كىيىملىرىنى سېلىشقا باشلىدى. ئۇينى سېسىق
تەر پۇرىغى قاپلىدى، مېنىڭ كوڭلۇم ئاينىغان-
دەك بولدى، مەن يۇيۇنۇشنى باھانە قىلىپ سىرت-
قا چىقىپ كەتتىم. بىر ھازادىن كېيىن قايتىپ
كىرسەم، ئۇ سېلىنغان يوتقاننىڭ ئۇستىگە بىر
پۇتىنى ئېلىپ، كوزىنى يېرىم ئاچقىنىچە تو-
رۇسقا قاراپ ياتاتتى. ھەمرىيىمىز يوتقانغا كى-
رىپ بولغان ئىدى. ئۇ قولىدىكى ژورنالنى ياس-
تۇقىنىڭ يېنىغا قويۇپ:

—ئۇخلامسەن؟- دىدى.

— بىر دەم ئولتۇرۇپ باقاي،- دىدىم مەن
قەلىمىمنى چىشلەپ.

ئەھسم زادى ئوڭغا تارتمىدى. ياتاقتىكى
كوڭۇلسىز كەيپىيات تارقاپ كەتمىسە، تاڭ ئات-
قىچە ئولتۇرساممۇ قەغەز ئاق پېتى قېلىشى ئې-
نىق ئىدى. مەن ھەمرىيىمغا: «ياتاقداشنى پا-
راڭغا سالغىن» دىگەن ئوتۇنۇش بىلەن باش
ئىشارىسى قىلدىم. ئۇنىڭمۇ تازا- ئىچى پۇشقان
بولسا كېرەك، قوشۇمىسىنى تۇرۇپ بىردەم ئوي-
لىنىۋالغاندىن كېيىن، ياتاقداشقا سوز ئاچ-
تى:

— قاياقتىن كېلىشىڭىز؟

قارشى تەرەپ زوۋان سۇرگەن بىلەن
سۇرمىگەنىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر نىمە دەپ غو-
دۇڭشىغاندەك بولدى. ھەمرىيىم، ھەر ھالدا پا-
راڭلاشقىلى بولىدىغاندەك قىلىدۇ دىگەن ئوي-
غا كەلگەن بولسا كېرەك، چىرايى ئېچىلىپ يوت-
قاندىن بېلىگىچە سوغۇرۇلۇپ چىقتى.

بۇ يەردەر قانچە ۋاقىت تۇرىسىز ؟-
دىدى ئۇ مۇلايىملىق بىلەن.

قارشى تەرەپ يەنە بايىقى ھالىنى تەك-
رارلىدى. ھەمرىيىمنىڭ چىرايى ئوڭدى. ئۇ:
خىجالەتچىلىكتىن ماڭا قاراپ قويدى- دە،يوت-
قاننىڭ ئىچىگە شۇڭغۇپ كىرىپ كەتتى.

«غەلىتە ئادەم ئىكەن- دە، بۇ! بىر ئو-
رۇندىكى كىشىلەر بىلەنمۇ شۇنداق مۇئامىلە قى-
لامدىغاندۇ، ئائىلىسىدىچۇ....» ئويلاپ شۇ يەر-
گە كەلگەندە، ئېرى ئىشىكتىن كىرىشىگە نىمە
قىلاردىنى بىلەلمەي تەمتىرەپ تۇرغان بىچارە بىر
ئايال ۋە دادىسىنى كورۇش بىلەن تۇگۇلۇپ

كەتكەن بىچارە بالىلار كۆز ئالدىمغا كەلدى.

— هوي ئاداش، چىراقنى ئۆچۈرۈپ ئادەمنى ئۇخلىغىلى قويساڭلارچۇ. - تۇيۇقسىز چىققان بۇ كاراڭ - گۇرۇڭ ئاۋاز مېنى چوچۇتىۋەتتى. بۇ بايەغى ياتاقداشنىڭ بىرىنچى قېتىم ئۈنلۈك گەپ قىلىشى ئىدى. مەن ئالدىراپ- تېنەپ قەغەز- قەلەمنى يىغىشتۇردۇم- دە، يېتىشقا ئالدىرىدىم. ئۇنىڭ قوپاللىقىدىن كۆڭلۈم رەنجىگەن بولسىمۇ، يەنىلا ئۆزەمگە كايىدىم. دېمىسىمۇ، مېنىڭ ئۆز ئىشىم بىلەن بولۇپ كېتىپ، سەپەردىن ھېرىپ- چارچاپ كەلگەن ئادەمنىڭ دەم ئېلىشىغا تەسىر يەتكۈزۈشۈم توغرا ئەمەس- تە!

چىراق ئۆچتى. ھەمرىيىم ئاڭلىنار- ئاڭلانماس پۇشۇلدايتتى. ياتاقداشنىڭ دەممۇ- دەم كېلىنى قىرىپ يەرگە تۈكۈرگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ياتاقنى يۈرەكنى ئەزگىدەك كۆڭۈلسىزلىك قاپلىغان ئىدى. چىراق ئۆچۈپ يېرىم سائەت ئۆتە- ئۆتمەي، ئىشىك تەرەپتىكى كارۋاتتىن يەڭگىل، ئەمما بوغۇق خورەك ئاڭلاندى. «ئاپلا،- دېدىم مەن خورسىنىپ،- بۈگۈن كېچە كىرپىك قاقماي چىقىدىكەنمەن-دە!»

نېرۋام ئاجىزراق بولغاچقا بوشقىنە خورەكمۇ ئۇيقۇمنى قاچۇراتتى. ھەر ھالدا، ياتاقدىشىم ئىنساپ قىلىپ، خورەك تارتىشتا شۇ تاپتىكى سەۋىيىسىنى ساقلاپ قالسا مەيلىدىغۇ. بىراق، بۇ يىراقتىن كېلىۋاتقان بوراننىڭ دەسلەپكى شەپىسىلا ئىدى، خورەك بارغانچە كۈچىيىشكە باشلىدى. دەسلىۋىدە پەنجىلەر ياغاچ تىلىغاندىكى «غارت- غۇرت» قىلغاندەك بىر خىل ئاۋاز ياتاقنى بىر ئالدى. كېيىن، بىردىنلا توگىلەرنىڭ «بوف- بوف» لىغىنىدەك ئاۋاز قۇلاققا ئۇرۇلۇپ، نېرۋامنى قوداڭشىتقىلى تۇردى.

ئۇرۇن مەن بىلەن بىر ياتاقتا بىر ئاخشامنى ئۆتكۈزگەن بىردىنبىر ئېسىمگە چۈشتى، ئۇ ناھايىتى خۇشچاقچاق، كەچۈرمەنلەرگە باي ئادەم ئىدى. ئۇ يېرىم كېچىگىچە ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى ھېكايە قىلىپ، مېنىڭ كۆڭلۈمدە ئۇزىگە قارىتا زور ھۆرمەت قوزغىدى. ئۇخلاش ئالدىدا ئۇ بىردىنلا ناھايىتى تارتىنچاق قىياپەتكە كىردى ۋە: «بۇرادەر، مېنىڭ بىر يامان ئەيىۋىم بار، ئۇخلىغاندا خورەك تارتىپ قالىمەن، ئۇيقىڭىزغا تەسىر يېتىپ قالسام، چاقىرىۋەتسىڭىز ياكى قاتتىقراق يۆتەلسىڭىز، مەن ئۆزەمنى تۇيۇۋالسام» دېدى. خورەكتىن شۇنچە قورقسامۇ، بۇ ئەدەپلىك ئادەمنى ئەيىپلەشكە نېمە ھەددىم بار؟ كېچىدە بىر نەچچە قېتىم يۆتىلىشكە توغرا كەلدى، خالاس. ئەمما، قىلچە قىينالغانلىق ھېس قىلمىدىم. بۇرنى بىلەن ياغاچ تىلىۋاتقان ماۋۇ بەندىگە ئۇنداق قىلغىلى بولارمۇ؟

مەن ئوڭ يېنىمنى بېسىپ يېتىپ، بىرقۇلىقىمنى ياستۇق بىلەن، يەنە بىرسىنى بارمىقىم بىلەن ئەتتىم- دە، كۆزۈمنى چىڭ يۇمدۇم. لېكىن يەر تېگىدىن ئاڭلانغاندەك بىلىنىۋاتقان خورەك دەم كۈچىيىپ، دەم پەسىيىپ، كۆڭلۈمنى غەشلىككە تولدۇراتتى؛ قولۇممۇ ئۇزاققا بەرداشلىق بېرەلمەي ئۇيۇشۇپ كەتتى. تاقىتىم قالمىدى، ئاخىرى مەن يۆتىلىشكە قارار قىلدىم: «ئۇ-ھو!»

بىر قانچە يۆتەلدىن كېيىن، خورەك سەل پەسلىگەندەك بولدى، ياق، بۇ مېنىڭ ئارزۇيۇملا بولسا كېرەك، خورەك يەنىلا كۈچىيىۋاتاتتى. ئەندى ياتاقتا دەھشەتلىك چىقىراق ئاۋاز ياڭرايتتى. توۋا، ياتاقداشنىڭ كىچىككىنە بۇرنى بۇنچىۋالا كۈچەشكە قاياندىقمۇ ـەسىر دايىدىغاندۇ؟

ئارقا-ئارقىدىن قاتتىقراق قىل[illegible]ر نەچ-

، يوتەلدىم. ياتاقدىشىم يەنە بىر يېقىغا
ۋلدى. «خۇداغا شۈكرى»- دېدىم مەن خوش
لۇپ- يوتەلنىڭ ئۈنۈمى بولدى، ئەندى ئۇخ-
لىيالىسام ....» خىيالىم ئاخىرلاشمايلا يەنە
«نەغمە» باشلاندى. بۇ ئالدىنقىلارغا ئوخشىمايت-
تى، دەسلىۋىدە، موتوسىكلىت ئوت ئېلىشتىن
ر ىنقى بوغۇق ئاۋاز نەچچە قېتىم تەكرارلان-
دى، ئاندىن موتوسىكلىت ئوت ئېلىپ
كەتتى.... بىرسى يۈرىكىمنى سۇغۇرۇپ چىقىپ
كېتىۋاتقاندەك بىر خىل ئازاپ يەنە مېنى ئوز
چاڭگىلىغا ئېلىپ مىجىشقا باشلىدى. ھەمرىيىم-
مۇ بىئارام بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ھېلىدىن-
ھېلىغا ئۆرىياقتىن-بۇياققا ئۆرۈلەتتى.

ياتاقدىشىمنىڭ ئۆيىدىكىلىرى يەنە خىيا-
لىمغا كىرىۋالدى. ھە قاچان ئۇلار ئۇنىڭ سە-
پەرگە چىققىنىنى نەقەدەر ئارزۇقىلىدىغاندۇ-ھە؟
شۇ تاپتا ئۇلار ئوز ئۆيىدە، ئۇ بار چاغدىكى
ئۇيقۇسىزلىقنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن
شېرىن ئۇيقۇغا چۆمگەندۇ....

تىك ئولتۇرۇپ دېگەندەكلا، بىر
كېچىنى ئوتكۈزدۈم. تاڭ خىرە- شىرە يورىغان-
دىلا ئورنۇمدىن تۇردۇم- دە، ھويلىغا چىقىپ
كەتتىم. بېشىم قاتتىق ئاغرىيتتى. بۈگۈن بىر
كۈننى مەستخۇش ھالدا ئوتكۈزىدىغان بولدۇم.

مەن ياتاققا كىرگەندە ھەمرىيىم ئايىغى-
نى كىيىۋاتاتتى. ياتاقداش بولسا قاپقارا كىر
قېتىپ كەتكەن ئىككى پۇتىنى ساڭگىلاتقىنىچە
كارۋاتتا ئولتۇرۇپ ئەسنەۋاتاتتى. ئۇ خېلى ئۇ-
زاقتىن كېيىن، كىيىملىرىنى كىيدى- دە، ئەسلى
ڭگىنى ئۇققىلى بولمايدىغان بىر لۆڭگىنى كو-
ۈپ، «گۈس- گۈس» دەسسەپ چىقىپ كەتتى.
ىم بىلەن ئىككىمىز بىر-بىرىمىزگە قاراش-
قىن بىر ئېغىز گەپ قىلىشمىدۇق.

ىز ئاق خالات كىيگەن
ئايال كىرىپ كەلدى. ئۇ،

ئىشىكتىن قەدەم بېسىشى بىلەنلا بۇرنىنى پۇرۇش-
تۇرۇپ كەينىگە ياندىيۇ، يەنە ئالغا قەدەم
تاشلىدى. ئۇنىڭدىكى بۇ ھالنى ياتاقتىكى بەد-
بۇي پەيدا قىلغانلىقى بىزگە ئايان ئىدى. گو-
يا بۇنىڭ ئەكسى بىز ئىككىمىزدەك، بىر-بىرى-
مىزگە قارىشىپ قويدۇق-تە، بېشىمىزنى تۆۋەن.
سېلىپ ئۇنى-بۇنى بېسىقتۇرۇشقا باشلىدۇق.

ئايالنىڭ كوزى ياتاقداشنىڭ كارۋىتىغا
ۋە پولدىكى بەلغەملەرگە چۈشتى-دە، ئەلەم بى-
لەن ئۇھ تارتىپ، تامىقىنى چىكىلدىتىپ قويدى.
يوتقاننىڭ ئاپپاق كىرلىكى قارا داغلار بىلەن
بۇلغانغان ئىدى.

شۇ ئەسنادا ياتاقداش كىردى. كۆتكۈچى
ئايال مۇلايىملىق بىلەن:

—يولداش، كىرلىكنى تۈنۈگۈن ئەتىگەنلا
يوتكىۋىدۇق....مېھمانخانىمىزدا ئىسسىق سۇمۇ
بار ....پۇت-قولىڭىزنى يۇيۇپ....،-دەپ ئۈزۈپ-ئۈ-
زۈپ سوزلىدى.

—بۈگۈن يەنە يوتكىۋالارسىلەر،-غۇدۇڭ-
شۇپ قويدى ياتاقداش، ئۇنىڭ چىرايىدا نە خى-
جىللىق، نە تارتىنىشتىن ئەسەر يوق ئىدى.

—ھەرھالدا....

—بىكارغا ياتقاندەك سوزلەۋەردىما ئا-
يال!- ياتاقداش بوغۇق ئاۋازىنى يۇقىرى كو-
تەردى گۈلىيىپ.

ئايال بۇ ئوكتەملىكنى ھارئالدى بولغاي،
بۇرۇلۇپلا چىقىپ كەتتى.

—نېمە بالادا قالدىم بۇ خەقبىلەن؟!-دەپ
غوتۇلدىدى ياتاقدىشىم يوتقاننى پۇلاڭلىتىپ يى-
غىۋېتىپ،-كېچىدىن بىرسى يوتىلىپ ئۇخلاتمىدى،
ئەندى بىرسى ۋاتىلداپ ....

ماڭا قىلىنغان بۇ دارىتمىنى ئاڭلاپ، سەۋ-
رىم توگەپ، ئۇنىڭغا بىرنەچچە ئېغىز قاتتىق
گەپ قىلىشقا تەمشەلدىم- دە، يەنە ئوزەمنى